ئابلەت جۇمە، تۇراخۇن ئىبراھىم

# ئەقىدە ئىزلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

奋斗的足迹/阿布来提·居马，吐拉洪·伊布拉音著。
—乌鲁木齐:新疆人民出版社，2005.2
ISBN 7—228—09324—0

Ⅰ.奋… Ⅱ.①阿…②吐… Ⅲ.报告文学—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I25
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 011931 号

责任编辑:依明江·艾木都拉
责任校对:赛娜瓦尔·伊布拉音

奋斗的足迹（维吾尔文）
（报告文学集）
阿布来提·居马 著
吐拉洪·伊布拉音 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001）
新疆新华书店发行
喀什维吾尔出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　印张 8.75　插页 2
2005 年 2 月第 1 版　2005 年 2 月第 1 次印刷
印数:1—5000

ISBN 7—228—09324—0　定价：17.00

## مۇندەرىجە

قىزىلقۇمدىن چاچرىغان يۇرەك ........................ 1
ئالتۇن كۆۋرۈكتىكى رىشتە .................... 17
ئىستىقبال يولى ................................ 53
پەرۋىشكار ئاتا.................................. 75
ئەقىدە ئىزلىرى ............................ 101
«ئوت» ئىچىدىكى هايات ....................... 125
ئالمىزارنىڭ سەركىسى.......................... 155
كۆكۈلچەك «پەرىشتە» ........................ 177
كىلەچىكىمىز «ئالتۇن دەۋر» دىن باشلىنىدۇ ...... 195
زەربىدار .................................. 221

# قىزىلقۇمدىن چاچرىغان

# يۈرەك



## گۈزەللىك نېمە؟

دۇنيادا ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟ تەڭداشسىز ساھىبجامالللارمۇ، ئايدىن گۈزەللىك تالىشىدىغان گۈللەرمۇ ۋە ياكى يېڭى پاسوندىكى سىپتا كىيىم - كېچەكلەرمۇ؟ نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەقەت چىرايلىق دېيىشكىلا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇنى گۈزەل دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، گۈزەل نەرسىلەر چىرايلىق ھېسابلانمىغىنىدەك، چىرايلىق نەرسىلەرمۇ گۈزەل ھېسابلانمايدۇ. چىرايلىق بولۇش ئادەمگە پەقەت تاشقى تەسىر ئاتا قىلالايدۇ، ھەقىقىي گۈزەللىك بولسا، ئادەمگە چىن مەنىۋى ئىلھام، تەڭداشسىز قەلب شادلىقى ئاتا قىلالايدۇ. چىرايلىق بولۇش پەقەت ۋاقىتلىق بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا يوقىلىدۇ؛ گۈزەللىك بولسا يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ كۆڭۈل قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ، قەلب قەسرىدە مەڭگۈلۈك مەنزىرىگە ئايلىنىدۇ. ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىقلا ھېس قىلىشقا بولىدۇ. ھەقىقىي سالاپەت، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە ئادەم خۇددى سېخىي تۇپراققا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنداق ئادەم بارلىقىنى باشقىلارغا ئۈن - تىنسىز تەقدىم قىلىپ ھالىغا يېتىدۇ، دەردىگە دەرمان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي ھېسسىيات ئەڭ گۈزەل بولىدۇ. ئۇ، كىشى قەلبىدە بىخ سۈرۈپ ياشنايدۇ، ھەقىقىي ھېسسىيات بەئەينى پەرۋىشسىز تاغ گۈلىگە ئوخشاش ھاياتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا تەبىئىي خۇش پۇراق تارقىتىدۇ.

قىبلىنەما (1)

# مۇقەددىمە

خارابىلىك ئىچىدە ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل ، يەتتە ياشلىق بىر قىز تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرى بىچارىلەرچە قىسىلىپ قالغان ،ئىلاجسىزلىقتىن كۆزلىرىدىن قورقۇنچنىڭ قاتتىق ۋەھىمىسى ، تۇگەتكىلى بولمايدىغان ئازابى چىقىپ تۇراتتى . ئاھ ، رەھىمسىز تەقدىر ، سەن نېمانچە شەپقەتسىز - ھە ؟ مەن بۇ ئىككى نارەسىدىنى ئاشۇ خارابىلىك ئىچىدە شۇنداق مىسكىن ، شۇنداق يېتىم ھالىتىدە سۇرەتكە تارتماقچى بولۇپ ، تەييارلىق قىلدىم . «سويغان پىيازدەك» بولۇپ قالغان بۇ بالىلارنىڭ دەقىقە ئىچىدىكى دەھشەتلىك ، بەكمۇ ئېچىنىشلىق قىسمىتىدىن كۆرە ، ئۇلارنىڭ مانا شۇ تاپتىكى ئۈچۈپ - يېنىۋاتقان روھىي ھالىتى ئىچ - ئىچىمنى پۇچىلاپ ، جىسمىمنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك بولدى . ھېسداشلىق ۋە ئۆكۈنۈش ، ئازاب ۋە كۆيۈنۈش ، قىسمەت ۋە رېئاللىق دەشتىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆز ياشلىرىم ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىچارە ھالىتىنى بىردەملىك توسۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەسرەت - داغلىرىمنى روھىمدىن سۇرگۈن قىلىپ تاشلىيالمىدى . ئۇلار سۇرەت ئاپپاراتىمنىڭ كۆزىدە خۇددى ئىككى پارچە چاچراپ چىققان قىپقىزىل ، شۇنداق يۇمران ، تەنسىز يۇرەكتەك كۆرۈنۈپ كەتتى . . .

# كىچىككىنە يالقۇن

كىچىچە ياغقان قار ئارىلاش يامغۇر شىۋىرغانلىق سوغۇقنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى . ھەممىلا يەر ھۆل - پاتقاق بولۇپ كەتتى . يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان كۆك رەڭلىك چېدىر ئىچىگە چويۇن مەش قويۇلغان بولسىمۇ ، قالايدىغان كۆمۈرنى ئېلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن ، چېدىر ئالدىغا گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىشقا ، سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىشقا توغرا كەلدى . ئۇنىڭ تۇتۇنى چېدىرغا كىرگەندە ، ئىككى نارەسىدە كىيىملىرى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، پاتقاق كېچىپ ، گۈلخانغا ئۆزىنى قاقلاشتى . ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندەك تاغىسىنىڭ ئايالىغا قارىدى ، ئاندىن كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئۆيلىرىنىڭ خارابىسىگە كۆز تاشلىدى ، ئۇ تەرەپتىمۇ ئاتا - ئانىسى كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى ، راست ، ئاتا - ئانىسىنىڭ جەسىتى ئاشۇ يەردىن بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئاۋۋال تارتىۋېلىنىپ ، قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىلگەن ئەمەسمۇ ؟ ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا زادى ئىشەنگۈسى يوق .ھەر كۈنى سەھەردە ئۇلارنى چاقىرىدىغان ، ئويغىتىدىغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاۋازى يوق ، بولغاندىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاۋازلار ، ئۇ ئاۋازلارنىڭ بىرسىمۇ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا سىغمايۋاتاتتى ، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئەمەس ، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئويغىنىپ ، يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ، ئاتا - ئانىسىنى كۆرەلمەي ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى .

قىزچاق سومكىسىنى ئېسىپ ، پاتقاق كېچىپ ، ئاۋايلاپ دەسسەپ ، مەكتىپىگە كەتتى . ئوغۇل ئوتتىنى كوچىلاپ ، تاغىسىنىڭ ئايالى بىلەن گۈلخان ئالدىدا قالدى . ئۇ بىرھازادىن كېيىن ، ھېلىقى كونا ئويۇنچۇق «ئاپتوموبىل» نى بىر يەردىن

تېپىپ كېلىپ ، ئويناپ ئولتۇردى . . .

بىر كەمدە ئاپتوموبىلنىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . بىر قانچە بالا شۇ يەردە پەيدا بولدى ، ئوغۇلنىڭ چېچەن كۆزلىرى ئالىيېشىل رەڭدە بويالغان ئاپتوموبىلغا چۈشتى . ئۇنىڭدىن سېرىق كىيىم كىيىۋالغان بىرقانچە ئادەم ئاپپاراتلارنى كۆتۈرۈپ ، بالا تەرەپكە قاراپ كېلىشتى . ئۇ ، ئۇلارغا ئۇنچىۋالا قىزىقىپ كەتمىدى ، چۈنكى مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان ، بۇ كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ ، ئۇلارنىڭ خارابە ئىچىدىكى ئۆيلىرىنى ئاختۇرغان ، ئاۋۇ چېدىرنى تىكىپ بەرگەن ، ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويغان ، ئويۇنچۇقلار ، كەمپۈتلەرنى ئەكېلىپ بەرگەنىدى . تېخى بەزىلىرى ئۇنىڭغا پۇل بەردى ، نان ،سامسا ،پولۇ بەردى . . .

بۈگۈن ئۇلار نېمە ئىش قىلار ؟ ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى ، تېلېكامېراغا ئوخشاش نەرسىلەر تۇراتتى . ئۇلار سۇرلۇك كۆرۈنسىمۇ ، ئوغۇلغا كۆيۈملۈك كۆرۈندى ، ئۇ پىستىدەك كۆزلىرىنى ئۇلارغا مىختەك تىكىپ قاراپ تۇردى . ئۇلار لام - جىم دېمەي كېلىشتى ، ئۇنى كۆرۈپ بېشىنى سىلىدى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا چىرايى تونۇش ئادەممۇ بار ئىدى . شۇ كىشى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ بايىقىلارغا :

— يېتىم قالغان بالىنىڭ بىرسى مۇشۇ ! — دېدى .

ئۇ ھەر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىلدى ، دەسلەپ بەكمۇ قورۇندى . ئۇلار سۈرەتكە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ، ھېلىقى ئويۇنچۇق ئاپتوموبىلنى سۆرەپ بېرىپ ، چېدىرنىڭ ئالدى تەرەپكە تارتىلغان ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇردى . ئۇ بىچارە ، يېتىم يېزا بالىلىرىنىڭ ئەينەن كارتىنىسىنى ھاسىل قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق ، مېھرىبانلىق بىلەن تولغان ئاچچىق ياش تاراملاپ چۈشتى .

— بالام ، بۇ بىز كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلى ، ئاز

بولسىمۇ ساڭا ئاتاپ ئېلىپ كەلدۇق ،ــ دېدى ئۇلاردىن بىرسى ، ئاندىن تاغىسىنىڭ ئايالىغا قارىدى ،ــ قىيىنچىلىق بولسا تارتىنماي دەڭ ، بىز سىزگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدۇق .

ئوغۇل قولىدىكى قىزىل رەڭلىك ئالتە ۋاراق — 600 يۈەن پۇلنى سىقىملىغان پېتى چېدىرغا كىرىپ كەتتى ، چېدىردا ھېچكىم يوق ، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ، دادىسىمۇ يوق ئىدى ، ئۇ ئاشۇ پۇلنى ئۇلارغا بېرەلىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ؟ ئۇ پاڭگىدە يىغلىۋەتتى ! تاشقىرىدا تۇرغانلارمۇ كۆزلىرىدىكى ياشلارنى ، يۈرىكىدىكى دەھشەتلىك ھەسرەتنىڭ ئازابىنى يوشۇرالماي قالدى .

ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسمىدىن كەلگەن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ بۇ كۆڭلى ۋە 100 نەچچە دانە دەپتەر ، قەلەم ئوغۇلنىڭ تاغىسىنىڭ ئايالىغا تەگكەندىلا ، ئۇ يەنە ھېلىقى گۈلخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ، قولىدىكى كىچىك تاياق بىلەن ئوتنى چۇخچىلاشقا باشلىدى . ئۇ سەل ئىسسىغاندەك قىلاتتى . . .

## دادام بازارغا كەتتى !

ئاشۇ قاباھەتلىك ۋەقەدىن كېيىن ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ خارابە ئۆيى ئالدىدىكى ئاز بىرقىسمى بۇزۇلماي قالغان تام سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، خەتمىقۇرئان قىلىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى . ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇردىسىنى جىنازا تاپالماي ، تراكتورغا باغلىغان ياغاچ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ ، كىگىز بىلەن يۆگەپ ، يىغا ـ زار قىلىپ ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەتتى . ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ بېلىگە تاغىسى ئاق داكىدىن بەلباغ ، قىزغا ئاقلىق ئارتىپ قويدى . . .

شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ باللارنى يوقلاپ نۇرغۇن ئادەم ، ئاپتوموبىل كەلدى ، ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ئىككى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق ئىدى ، باللار ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەيتتى ، ئۇنىسىز توۋلايتتى ، ئەمما بېشىنى سىلايدىغانلار باشقا ئادەملەر بولۇپ چىقاتتى . . .

بۈگۈن يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنە بىر توپ ئادەم كەلدى . تاغىسىنىڭ ئايالى ئىككى بالىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى ، ھېلىقى كىشىلەر كۆز يېشى قىلدى ، ياخشى گەپلەرنى قىلدى ، بىرقانچە كىشى 10 يۈەنلىك پۇلدىن نەچچە ۋاراق بەردى ، قىزمۇ ، ئوغۇلمۇ تارتىنىپ تۇرۇپ ئالدى . ئۇلار بۇ پۇلغا گىردە نان ، گۆش ، ياغ ، سامسا ، ناۋات ، كەمپۈت ، تېخى «سېغىز» سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئانىسى بىلەن دادىسى چوڭقۇرچاقنىڭ بازىرىغا بارغاندا ، شۇنداق نەرسىلەرنى ئالغانلىقىنى كۆرگەنىدى . ئۇلار بۇنى ھەممىدىن بەك بىلەتتى ، ئەمما ھازىر پۇللارنى تاغىسى ياكى تاغىسىنىڭ ئايالى ئالاتتى ، ئۇلارغا شۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەمدۇ ، بەرمەمدۇ ؟بۇنى بىلمەيتتى ، ئۇنىمۇ ئويلىمايتتى ، مانا ھازىر پۇللارنى ئۇلارغا بېرىش كېرەكلىكىنىلا بىلەتتى . . . ھېلىقى كىشىلەر يەنە يوتقان - كۆرپە ، بىر خالتىدا ئازراق گۆش بەردى .

— بۇ باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى قايسى جايدا ئۆلۈپ كەتكەن ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار .

— ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ قويە بالام ، — دېدى تاغىسىنىڭ ئايالى . قىزچاق ھېلىقى ئۆينىڭ چالما - كېسەكلەر دۆۋىسى بولۇپ قالغان «ئىشىك»ى ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى ، — مانا مۇشۇ يەردە دېگىن ، بالام ، دېگىنە ؟ !

قىزچاق لام - جىم دېمىدى ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى . كېيىن :

— ياق . . .ياق ، جىم تۇره . . . — دېدى خاپا بولغان

هالدا قېيداپ .

— بۇ گەپنى قىلساق ، باللار بەك قورقۇپ كەتكەچكىمىكىن ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ دېگىلى ئۇنىمايدۇ .

ئوغۇلنى ئېلىپ كېلىپ تەكرار سورىۋىدى ، ئۇ توساتتىنلا :

— دادام ، ئانام بازارغا كەتتى ! ھېلى كېلىدۇ شۇ ، — دېدى چىڭقىلىپ .

ئۇ شۇ هامان يىغلاپ كەتتى . ھېلىقى سېخىي ، مېھرىبان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ شۇ هامان تاراملاپ ياش تۆكۈلدى . تەسەللىدىن كېيىن ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ دۆڭباغ يېزا 11 - كەنت 4 - مەھەللىسىدىن كەلگەن سەمەت ئاۋۇت ، ئەخەت قاسىم قاتارلىق هال سوراش گۇرۇپپىسىغا باش بولغانلار خەتمقۇرئان قىلدى .باللارغا ، ئائىلىگە ئاسايىشلىق تىلىدى . . .

## چىن تەكلىپ

باللار ھەيران قېلىۋاتقان يەنە بىر ئىش بار ئىدى ، قىزچاقنى بىر كادىر بېقىۋالمەن دەپ نەچچە قېتىم كەلدى ، تاغىسى ۋە ئۇنىڭ ئايالى باللارنى ئۆزىمىز باقىمىز ، دەپ تۇرۇۋالدى .

— ئوبدان ئويلىنىڭ ، بىرسى بولسىمۇ ياخشى تەربىيلىنىپ ئوقوپ قالسا ، ھەممىڭلارغا پايدىسى بار . هازىرقى ئەھۋالدا ، يەر تەۋرەشنىڭ ئاپىتى ، زىيانلىرىنى يەنە 15 — 20 يىلدا ئەسلىگە كەلتۈرەلەيسىلەر . باللارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتىنچە سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ ، بالا چوڭ بولسا ، سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ ، — دېدى ھېلىقى كادىر .

بۇ تەكلىپنى ئاڭلىغان يۇرت ئەھلىمۇ ئوبدان گەپ بولدى ، دەپ قوللىدى . بىراق تاغىسى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بۇ تەكلىپنى

رەت قىلدى .ئەمما ، تەكلىپنى بەرگۈچى نىيىتىدىن زادى يانمىدى .

مەن بىرسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدىم ، سۈرۈشتە قىلسام ، بۇ كادىر مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەمتىمىن زۇنۇن ئىكەن . ئۇ ئىلگىرى مۇشۇ يېزىدا يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلىگەنىدى . بۇ قېتىم قاتتىق يەر تەۋرىگەندە ئۇ دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان ، تۆنجى بولۇپ 300 يۈەن ئىئانە قىلىپ ، ياردارلارنى قۇتقۇزۇشقا ماسلاشقانىدى . نەچچە كۈندىن بۇيانقى قاباھەتلىك ، قان ـ ياشلىق ھايات قاينىمىدا ، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئەينى چاغدا بەرگەن ئاش ـ نېنىنىڭ تۆزىنى قايتۇرۇش يولىدا تەر ئاققۇزدى .ئۇنىڭ پىردەۋس مەمتىمىن ۋە كەۋسەر مەمتىمىن ئىسىملىك ئوغۇللىرى 110كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ، ئۆزلىرى يىغقان 40 .110يۈەن پۇلنى يەر تەۋرەش ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولغان چوڭقۇرچاق يېزىسىغا ئىئانە قىلغان ئەڭ كىچىك ساخاۋەتچىلەر بولۇپ قالغانىدى .بۇ جەرياندا مەمتىمىن زۇنۇن قىزىلقۇم 18 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى ئاتا ـ ئانىسىدىن بىر مەھەل يېتىم قالغان يەتتە ياشلىق بۇخەلىچەم بىلەن ئۇچ ياشلىق ھەززىتىئېلىنى بېقىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى ، بولۇپمۇ ، بۇخەلىچەمنى پەقەت بولمىسا ، 18 ياشقىچە بېقىپ قاتارغا قوشۇش توغرىسىدا تەكرار تەكلىپ بەردى ،خىزمەت ئىشلىدى . 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بەشىنچى قېتىم بارغاندىمۇ يەنە رەت قىلىندى ، ئەمما ئۇ بۇ نىيىتىدىن زادى يانمىدى . بالىلارنىڭ تاغىسىنىڭمۇ ئويلىغانلىرى بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ بەكرەك كۆزدە تۇتقىنى ، يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا ، ئۆلگۈچىلەر ئالدىدا يۈزى قارا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى ،

بالىنى بىقىۋىلىشقا بىرىۋەتسە باقالماپتۇ ، ئىنىسىنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ ، دېگەن ئاھانەتكە قالامدۇ ؟ ئۇ بىر ئائىلىنىڭ تەۋەررۇكى ، ئۇلار ئاشۇ قاباھەت ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن چاچراپ چىقىپ ھايات قالغان يۈرەك پارىسى ، يىلتىزى ، روخسارى ، سىيماسى ئەمەسمۇ ؟ ! شۇنداق ئىكەن ، ئۇلارنى كىمگىمۇ بەرگۈسى كېلىدۇ ؟ . . .بەرسىمۇ بولىدۇ ، ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ھېلىقى قاباھەتلىك ئىش مۇجۇپ داغ ـ ھەسرەتتە پۇچۇلاۋاتىدۇ ، ئۇنى بىرىۋەتسە ، يەنە قانچىلىك كۆيىدۇ ؟ ! ھېلىمۇ بالىلار غەمگە چۆمگەندە ، چۈش كۆرۈپ جۆيلىگەندە ، توۋلىغاندا ، ئاتا ـ ئانام قېنى ؟ دەپ سورىغاندا ، ئۇلار مىڭ ـ مىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىۋاتىدۇ ، كۆز ئالدىدىن ئاشۇ چۈشكە ئوخشاش قاباھەتلىك ھايات كارتىنىسى دەممۇدەم تەكرار ئۆتۈۋاتىسا . . .ئاھ . . .ئاھ !

## قاباھەتتىن قالغان قىسمەتلىك ئەلبوم

زېمىن تۈيۈقسىز ، شۇنداق تۈيۈقسىز سىلكىنىدىكى ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ، سانسىز ھاياتلىق بۇ دۇنيا بىلەن ، ھايات بىلەن ۋىدالاشتى ، تۇمەنلىگەن مەنقۇلاتلار چەيلىنىپ ، كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كۆزدىن غايىب بولدى . ئاشۇ دەقىقىدە تەقدىرى شۇ قەدەر تەتۈر ، ئۆمرى شۇ قەدەر قىسقا ھەسەن ئىسمايىل بىلەن زەينەپگۈل ھاياتلىق ئالىمى بىلەن خوشلاشتى . ئەنە ئاشۇ چاغدا ،بۇخەلىچەم ئەمدىلا مەكتەپكە مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا چىققان ، دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇكىسى ھەززىتىئېلىغا تاماق يېگۈزۈۋاتاتتى .

—ۋاي ، ئاللا ، قېچىڭ !

—بالىنى ئېلىڭ !

بىر ـ بىرىگە خىتاب قىلغان ھەسەن ئىسمايىل بىلەن

زەينەپگۇل ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى . ئۇمرى شۇ قەدەر قىسقا ، پېشانىسى شۇ قەدەر شورلۇق ئانا بىلەن دادىغا هاياتلىق ئالىمى ئۇچ قەدەمدىن بەش قەدەمگىچە پۇرسەت بەرگەن بولسىمۇ ، ئالتىنچى قەدەمنى ، پەقەت دەقىقىمۇ كەتمەيدىغان پۇرسەتنى بەرمىدى ، ئىشىكتىن قەدىمى ئېلىنغان زەينەپگۇلنى ئۆينىڭ تېمى بىلەن پاخال ـ پۇخۇلدا يېپىلغان پېشايۋىنى باستى . بالىنى چىڭ قۇچاقلىغان دادىنى شاللىق كارىۋاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقاندا ، ئۆينىڭ ئىككى تەرەپكە سىلكىنىشتە يىقىلغان تېمىدىن كېيىن قالغان ئۆي ئۆگزىسى گۈمبۈر ـ قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كېلىپ باستى . ئوغۇل ئۇنىڭ قۇچىقىدا قالدى . «ۋايجان ، ۋايجان ، قۇتقۇزۇڭلار ! . . .» دېگەن ئىڭراش ، ئىلتىجا يەر تېگىدىن بىرقانچە قېتىم ئاڭلاندى . تىترەپ سىلكىنىۋاتقان بۇخەلىچەم ئۆيى تەرەپكە قاراپ گۈلدۈرلىگەن ، قاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ، ئارقىدىنلا بىر خىل توپا ، تۇمانلىق چاڭ ـ توزان پۇتۇن ئۆينى بېسىپ ، پۇررىدە قويۇن هاسىل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، هاڭ ـ تاڭ قالدى .

ـــ ئانا ، ۋاي دادا ! سىلەر نەدە ! ـــ ئۇ يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ قارىۋىدى ، ئاتا ـ ئانىسى كۆرۈنمىدى ، ئۇلارنى ئۆي تاملىرى بېسىپ بولغانىدى . ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدى ، ئۇ يەردىمۇ ئۆيلەر ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش بولۇپ كېتىپتۇ . تاغىسى ۋە تاغىسىنىڭ خوتۇنى هېلىمۇ ياخشى بار ئىدى ، ئۇ ، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ، دادىسى بىلەن ئانىسى ، ئۇكىسى بار ئۆينى كۆرسەتتى ، بىر دەملىك قىيا ـ چىياالاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەسىتىنى كولاپ ئېلىشتى . دادىسى ئۇكىسىنى مەهكەم قۇچاقلىغان هالدا قېتىپلا قاپتۇ ، ئۇكىسىنىڭ ئازراق تىنىقى بار ، ئەمما نىمجان ئىدى ، باشقىلار ئۇنىڭ ئۇكىسىنى بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۇرۇپ هوشىغا كەلتۇردى . . .

2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تاڭ سەھەر . ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 8 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە ، يەر ـ جاھاننى بىر ئالغان گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرىجىسى 8 .6 بال ، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش ھادىسىسى يۈز بەردى : شىمالىي كەڭلىك 39 گرادۇس 29 مىنۇت ، شەرقىي مېرىدىئان 77 گرادۇس 15 مىنۇت دائىرىسىدە يۈز بەرگەن بۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە يەر ئاستى تۈيۈقسىز ،دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ ، زېمىن شۇنداق سىلكىندىكى ، ئۇنىڭ دەھشىتىدىن يەر چاك ـ چاك يېرىلدى ، يەر ئاستى سۇلىرى تاشقىن بولدى ، بارلىق نەرسىلەر ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قىلچىلىكمۇ ساقلاشقا قادىر بولالمىدى . بۇ ، مۇشۇ قېتىم يەر تەۋرىگەن رايونلارنى مەركەز قىلىپ ، بەش بالدىن يۇقىرى تەۋرىگەن 19 ـ قېتىملىق يەر تەۋرەش بولۇپ ، ئادەم ئۆلۈش ، يارىلىنىش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى دۇنيانى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى . شۇ كۈندىكى قاباھەتلىك تارىخ پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى ، چۈنكى شۇ دەقىقىدە ، ئاشۇ بىر پارچە كۆيۈك يارىسى پەيدا بولغان زېمىندا خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرى بىرمۇبىر گۇمۇرۇلۇپ ، بوستانلىقلار ، چىمەنلىكلەر ئارىسىدا بوستانلىق خارابىسىنى پەيدا قىلدى ؛ ئېگىز ـ پەس قۇم دۆڭلىرى سەل بولۇپ ئېقىپ تۈزلىنىپ قالدى . ئاپەتنىڭ زەربىسى ئەڭ ئېغىر بولغان چوڭقۇرچاق ، سېرىقبۇيا ، ئالاغىر قاتارلىق يېزا ـ بازارلاردا 268 نەپەر ھاياتلىق ئىگىسى بىئەجەل جاندىن ئايرىلدى ، 4850 ئادەم يارىلاندى ، بۇنىڭ ئىچىدە 2050 ئادەم ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندى ، ئۇلاردىن يەنە قانچىسى قۇتقۇزۇش داۋامىدا جان بېرەر ، ئۇلاردىن قانچىسى نىمجان ، روھىي زەئىپلىككە دۇچار بولار !؟ 30 مىڭ 402 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ، 22 مىڭ 101ئائىلىنىڭ 80مىڭ ئېغىز

ئۆيى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋەيران بولدى. نۇرغۇن چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئۆلدى. 20 يىل، 30 يىل ھەتتا بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، نامراتلىقنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئۆزلىرىگە يارىشا توپلىغان مەنقۇلاتلىرى، ئائىلە ئىگىلىكى كۆكۈم - تالقان بولۇپ، مەڭگۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

## بۇ، شاپائەتلىك دۇنيا

مۇشۇ قېتىمقى يەر يەۋرەشتە، 103 مەكتەپ، 16 شىپاخانا، يېزا - كەنت ئورگىنى ۋە بىر قىسىم مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش مۇئەسسەسەلىرى، توك، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى پۈتۈنلەي ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، بىۋاستە زىيان ناھايىتى زور بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى 26 ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا 236 ئېغىز سىنىپ، 60 ئېغىز ئىشخانا، 352 ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، 9300 ئوقۇغۇچى، 350 نەپەر ئوقۇتقۇچى نورمال ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى يۈرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىدى، 33 نەپەر ئوقۇغۇچى، بىر نەپەر ئوقۇتقۇچى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن تام ئاستىدا قېلىپ قازا قىلدى.

شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى 2 - قېتىملىق 8.5 بال قاتتىق يەر تەۋرەشتە يەنە يەكەن ناھىيىسى قوشۇلۇپ، بەش ناھىيە، 37 يېزا - بازار، 90 نەچچە كەنتتىكى 650 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتە، ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى خەلق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغاندىن باشقا، ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە،

ھۆكۈمەتلەر جىددىي تۇتۇش قىلىپ ، 1 ـ قېتىملىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى تۆتىنچى كۈنىلا چېدىر تىكىپ ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىنى % 80 ئەسلىگە كەلتۈردى ، تەرتىپنى ياخشىلىدى ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئورۇن ۋە شەخسلەر چوڭقۇرچاق يېزىسىدا بۇخەلىچەم بىلەن ھەززىتىئېلىغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان توققۇز نەپەر ، ئانىسى ياكى دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان 153 نەپەر بالىنى بېقىۋېلىش ، پاراۋانلىق مەكتىپىدە تەربىيىلەش لايىھىسىنى سۇندى . . .

ھاياتلىق بار يەردە ئۇلۇغلۇق بولىدۇ ، ئۇلۇغلۇق بار يەردە مۇھەببەت ، مېھرىبانلىق ، كۆيۈنۈش ، ۋاپا ، ھەمداستىخانلىق بولىدۇ . يەر تەۋرەشنىڭ ئەڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان چوڭقۇرچاق ، شۇنداقلا ، سېرىقبۇيا ، ئالاغىر ، يېڭىئۆستەڭ ، ئاۋات قاتارلىق يېزا ـ بازارلار ، پەيزاۋات ، مەكىت ، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىكى بۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان خەلقلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سېخىيلىق بىلەن قىلغان ھىممىتىگە سازاۋەر بولدى . ئەنە ئاشۇ يەردىكى مېھرىبانلىق ۋە پىداكارلىق ، جاسارەت داستانلىرى ئالدىدا ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى دەتالاشلىرىنىڭ ئەسلىي ماھىيەت ئەمەس ، پەقەت بىر خىل شەكىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدىكەن ، ئىنسانىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشتەك ئەسلىي قىياپىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن . قاراڭ ، ماشىنا ـ ماشىنىلارغا بېسىلغان ماددىي ئەشيالار يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي يەتكۈزۈلدى ؛ تېلېگراممىا ، ھال سوراش سادالىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يوللاندى ، ساخاۋەت ئىگىلىرى ھارۋا ـ ھارۋا ، تاغار ـ تاغاردا نان ، گۆش ، سامسا ، ئىسسىق پولۇلارنى تارقاتتى . . . يەر تەۋرەپ نەچچە سائەتتىن كېيىنلا باشلانغان بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ تېخى ئايىغى

ئۇزۇلگىنى يوق . قۇتقۇزۇش جېڭىدە نەچچىلىگەن كادىرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ، كاسىسى ئورۇندۇققا ، ئاغزى ئىسسىق چايغا تەگكىنى يوق . بۇ مۇھەببەتلىك ، قايناق دۇنيا ئادەمگە دۇنيانىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ، ئادەملەرنىڭ نەقەدەر كۆيۈملۈك ، مېھرىبان ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى .

## خاتىمە

سىز ئاشۇ زېمىندىن يىراق جايدا — شەھەردە ئىشلەۋاتقان بولسىڭىز ، قىيامەت قايىم بولغان ئاشۇ زېمىننى كۆرگەن ، 1 - قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر 2000 قېتىمدىن ئارتۇق قالدۇق يەر تەۋرىگەنلىكىنى بىلگەن بولسىڭىز ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان كەسكىن ، زىددىيەتلىك ، رىقابەت ئىچىدىكى تۇرمۇش قايىنمىدا نۇرغۇن ئىشلارنى ئازابلىق دەپ قاراپ ، تۇرمۇشتىن ، ھاياتتىن بىزارلىق ھېس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان بولاتتىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ناھايىتىمۇ بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى سەزمىگەنلىكىڭىزدىن ئەپسۇسلىناتتىڭىز . قاراڭ ، ئاشۇ بىچارە يېتىم باللار ، ئاتا - ئانىلار بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ قوقاسلىرىدا يەنە قانچىلىك پۇچۇلىنار ؟ ھەي ئىسىت ! ئېچىنىشلىق ، قاباھەتلىك ھەم مەڭگۈلۈك تارىخ بولۇپ قالىدىغان بۇ كارتىنىنىڭ ئارقىسىغا ئاجايىپ گۈللىنىش ، تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت يەنە بىر كېلەچەك يوشۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئاشۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ رېئاللىقى ئاستىدا ھايات بىلەن ئەبەدىلئەبەت ۋىدالاشقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ، بالا - چاقىلىرى ئۇچۇن مىڭ جەننەت ھۇزۇرى بەخشەندە قىلىنسىمۇ ، داغ - ھەسرەتنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ - مەڭگۈ

باسالمايدۇ ، هازىر ھۆكۈمەت پىلانلىغان 30 دىن 50 نەچچە كۋادرات مېتىرغىچە ئۆيلەر ھەممە ئائىلىگە بىر تۇتاش سېلىپ بېرىلىپ ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقى ھەل بولىسىمۇ ، ئازابى يېنىكلىمەيدۇ ، ھازىرغىچە توپلانغان نۇرغۇن ئىئانە ، دۆلەت مالىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى ھەر تۇرلۇك ئاپەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاجرىتىشنى بېكىتكەن پۇلنىڭ بىر بۆلىكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا دەماللىققا دال بولسىمۇ ، مەڭگۈلۈكى ئۈچۈن ئازلىق قىلىشى مۇمكىن ، كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇشى ناتايىن . . . پەقەت كېيىنكى نەچچە ئەۋلادلار بۇ دەھشەتنى بارا - بارا ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن . قاراڭ ، ئاۋۇ ئىككى بالىغا ، ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىغا قانمىغان ، ئۇلار ئەقلىنى تاپقاندا ، بۇ بەختسىزلىكنىڭ دەھشىتىنى بىلىپ يېتىدۇ . مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ .

ئۇ بالىلار نۆۋەتتە ھەر تەرەپلىمە كۆيۈنۈش ، مېھرىبانلىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق جەمئىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ . . .

سۆيۈملۈك بالىلار ، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولغان ۋاقىتىڭلاردا ئاشۇ بالىلارغا ياردەم بېرىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭلار ، كىچىك ، ئاز دېمەي ، بىر پۇڭ پۇل تېجىسەڭلارمۇ ، بىر دانە قەلەم ياكى بىر دانە ئۆچۈرگۈچ ، دەپتەرنى ئېشىنالىساڭلارمۇ ئاشۇلارغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار ؛ قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار ، بىر قېتىملىق چاي ، بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشۇڭلارنىڭ مەرىدىن كېچىپ ، ئاشۇ بىچارە يېتىم بالىلىرىمىزغا مېھىر - شەپقەت قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا قىلىپ قويۇڭلار !











ئاپەت رايونىدىكى غەمخورلۇق



مەمتىمىن زۇنۇن ۋە ئەمەلىي تەربىيە

# ئالتۇن كۆۋرۈكتىكى

## رىشتە



## قەلب چوققىسى

دوستۇم ، ئۇلۇغلاردىن بولمىساڭمۇ بولىدۇ ، قەلبىڭ ئۇلارنىڭكى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە بولسۇن ؛ قەھرىمان بولمىساڭمۇ بولىدۇ . قەلبىڭ ئۇلارنىڭكى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە بولسۇن ؛ دانىشمەن بولمىساڭمۇ بولىدۇ ، قەلبىڭ ئۇلارنىڭكى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە بولسۇن .

پەسلىك — بىر ئادەمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ياكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئەمەس ، بەلكى قەلبىنىڭ پەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئالىيجانابلىق بولسا ، بىر ئادەمنىڭ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ نامىنىڭ پۈتۈن جاھانغا تارالغانلىقىنى ئەمەس ، بەلكى قەلبىنىڭ مەڭگۈ ئالىيجانابلار بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە تۇرۇشىدىن شەكىللەنگەن خىسلىتىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز قەلبىنى بەلگىلىك ئورۇنغا قويۇپ ، ئاشۇ ئېگىزلىكنى ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانى قىلغاندا ، كۆز ئالدىدىكى ھەرقانداق نەرسە ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدۇ ، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلىمايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭالايدۇ . قەلبىنى ئۇلۇغلار بىلەن تەڭ ئېگىزلىككە قويالىغان كىشى قەلب بوستانىغا پۈتۈن جاھاننى سىغدۇرالايدۇ ؛ قەلبىنى قەھرىمانلار بىلەن تەڭ ئېگىزلىككە قويالىغان كىشى ۋۇجۇدىدا قەيسەرلىك ، جاسارەتنى پەرۋىش قىلالايدۇ ؛ قەلبىنى ئاقىللار بىلەن تەڭ ئېگىزلىككە قويالىغان كىشى ۋۇجۇدىدا پاراسەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ ، ھەقىقىي باش كۆتۈرۈپ ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتالايدۇ .

**قىبلىنەما (2)**

# مۇقەددىمە

سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تۇر تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى قىزغىن داۋاملىشىۋاتاتتى . رابىيەم مۇھەممەت پائالىيەتنىڭ بارلىق ئىشتىراكچىلىرىغا قايناق ھېسسىياتى ۋە چوڭقۇر ئىچكى - تاشقى كەچۈرمىشلىرىدىن ھاسىل بولغان تەپەككۇرىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى :

— بىز ھازىر تولىمۇ كەسكىن ،شۇنداقلا ،قىزغىن ، خاتىرجەم جەمئىيەت قوينىدا ياشاۋاتىمىز ، قىزغىنلىق ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشنى نامايان قىلسا ، خاتىرجەملىك كىشىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ پاراۋانلىقىنى نامايان قىلىدۇ . دەل مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتتە كەلگۈسىنى ئويلىشىمىز ۋە كەلگۈسىدىكى خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا ئاساس سېلىشنى ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . شۇنداقلا ، ئۇنىڭ ئۇچۇن مەبلەغ سالمىساق بولمايدۇ . خاتىرجەم تۇرغان كۈنلەردە خاتىرجەمسىزلىكنى ،بەختىيار كۈنلەردە بەختسىزلىكنى ئويلاش ، خاتىرجەم ، بەختىيار مىنۇتلاردا كەلگۈسىدىكى بەختيارلىق ، خاتىرجەملىككە كېلىدىغان خىرىسنى ، رىقابەتنى ، چىقىش يولىنى ئىزدىشىمىز كېرەك . بۇ بىر ئائىلە ، بىر ئادەم ، بىر مىللەت ، بىر دۆلەت ۋە پۈتۈن دۇنيا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش . مانا مۇشۇنداق پەيتتىكى ، كېلەچەكتىكى خاتىرجەملىك ، بەخت نەدىن كېلىدۇ ؟ قانداق يارىتىلىدۇ ؟ بۇنىڭ يولى كۆپ ،مەزمۇنى مول بولۇشى مۇمكىن . بۇ يەردە بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى جاۋاب بېرىدىغان تۇر يەنىلا سۇغۇرتا ئىشلىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشەنچ ۋە كاپالىتى

بىزنىڭ ئاشۇ خىل تەشنالىقىمىزنى قاندۇرىدۇ .نېمە ئۈچۈن ؟
مەن بۇ سوئالغا باشقىلارنىڭ بۇ ھەققىدىكى يەكۈنلىرى ، ئاندىن كۆز ئالدىمىزدا يارالغان تېپلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىكى بايانلىرى ئارقىلىق جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمەن : شىياڭگاڭدىكى مەلۇم بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى تۇيۇقسىز قازا قىلغان ، ئۇنىڭ نەچچە تىرىليون قىممىتىدىكى مال - مۈلكى ئايالى ۋە بالىسىغا قالغان . بىراق ، كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا پاي چېكىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن شىركەتنىڭ مال - مۈلكى قەرزگە بويلاشماي ، ئايالى بىلەن بالىسى تالادا قالغان . دەل شۇ چاغدا سۇغۇرتا شىركىتى بۇ ئايال بىلەن بالىنى چاقىرىپ ئۆلارنىڭ 30 نەچچە يىل ئاۋۋال تۆلەپ قويغان سۇغۇرتا پۇلىنى ئېلىۋېلىشىنى ئېيتقان ، بۇ چاغدا ئايالغا 500 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى بىرىلگەن ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تۆلەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلگەن ، چۈنكى سۇغۇرتا پۇلى باشقىلاردىن قالغان قەرزگە تۇتۇپ قېلىنمايدۇ ، مىراس بېجى ئېلىنمايدۇ . مۇبادا مال - مۈلۈك مىراس قالسا ، چەت ئەللەردە مىراس بېجى كۆپ ھاللاردا 70 % ئېلىنىدىكەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا سۇغۇرتىغا مەبلەغ سالغاننىڭ پايدىسى كۆپ ، ئەمدى قەشقەر شەھرىدىكى بىر مۇئاملىدارىمىز ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بېرىدۇ .
—مەن بىر ئاددىي شەھەر ئاھالىسى ، —دەپ سۆزىنى باشلىدى سەھنىگە چىققان بىر پېشقەدەم ئايال ،— بىز بىرقانچە يىل ئاۋۋال ئەر - خوتۇن سۇغۇرتىغا قاتناشقان ، بۇلتۇر ئېرىم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا پۇلدىن قىسىلىپ قالدۇق ، سۇغۇرتا شىركىتى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بىزگە 40 نەچچە مىڭ يۈەن داۋالىنىش چىقىمىنى بېرىپ ، غەمدىن خالاس قىلدى . سۇغۇرتىغا پۇل تاپشۇرغانلىق خۇددى بىر كوزىغا ھەر كۈنى پۇل

تاشلاپ ، ئاخىرىدا كاللەك ئالتۇن ئالغان بىلەن ئوخشاش ئىش ئىكەن . شۇڭا مەن كىمنى كۆرسەم سۇغۇرتىغا قاتنىشىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان بولدۇم . . .

2004 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى بۇ پائالىيەتكە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرقايسى تارماقلاردىن 150 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقانىدى . ھەممىسىنىڭ نەزىرى رابىيەمگە تىكىلگەن ، شۇڭا جىمجىت ئولتۇراتتى ، سۆھبەت ئارىلىقىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى . رابىيەم سۆزىنى داۋام قىلدى :

ــ بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان دەۋر ھەممە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دەۋر ،دېمەكچىمەنكى ، بايام سىلەرگە دەپ ئۆتكەندەك ، بەخت ، خاتىرجەملىك ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى خىرىسمۇ مەۋجۇت ، يەنە ئۇچۇر ھەم رىقابەتمۇ تەڭ مەۋجۇت . ھاياتتا ، ھەرقانداق بىر دەۋردە سەلبىيلىك بىلەن ئىجابىيلىق ھامان ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، بۈگۈنكى دەۋر ئالدىنقى دەۋرگە ئوخشىمايدۇ . شۇڭا بىز ھازىرغا ماسلاشمىساق بولمايدۇ ، يەنى بىز بۇرۇنقى ئۇسۇل ، تەرتىپ بىلەن ئىش قىلىۋەرسەك ، بىزنى رىقابەت شاللىۋېتىدۇ ، شۇڭا دەۋرگە ماس كېلىدىغان ئۇسۇل ، تەرتىپنى قوللىنىپ ، كەلگۈسىدە ئەسقاتىدىغان ئۇسۇلنى بويلاپ مېڭىشىمىز كېرەك . ئەڭ مۇھىمى بىز يېڭى بىلىم ، يېڭى تېخنىكا ، يېڭى ھاسىلاتقا يۈزلىنىپ ، تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلىشىمىز ، زامانغا ماسلىشىشىمىز كېرەك . ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزغا نۇرغۇن مەسىلىلەر قويۇلۇۋاتىدۇ . باللارنى ئوقۇتۇشىمىز ، ئۆزىمىز ئوقۇشىمىز ، تۇرمۇشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز ، خىزمەت ئورنى تېپىشىمىز ، داۋالىنىشىمىز ، قېرىغاندا بېقىلىشىمىز كېرەك ، سانىساق شۇنداق كۆپ ؛ قانداق قىلىمىز ؟ قارىساق ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەبلەغ كېتىدۇ ، ھازىر ئۆمۈر ئۇزىراۋاتىدۇ ، 2025 ـ يىلىغا

بارغاندا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 125 ياشقا ئۆزىرايدۇ . بىراق ھازىر جەمئىيەتتىكى ئىش ئورنى ئاز ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەش ۋاقتى قىسقا ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تويلىغان مەبلەغ ـ ئىش ھەققى قېرىغاندا تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشقا يەتمەيدۇ ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ شۇڭا تاپقان پۇلنى ھەر خىل تۇرگە مەبلەغ قىلىپ سېلىپ ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك ، پەقەت شۇنداق قىلغان ۋە ئۇنى ياخشى باشقۇرغاندىلا ، پۇلنىڭ قىممىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ . . .

ئەمدى ، بىز قانداق تۇرلەرگە مەبلەغ سالساق بولىدۇ ؟ بىرىنچى ، ئۆي ـ مۈلۈك سودىسىغا مەبلەغ سېلىش كېرەك .ئۇ مۇقىم مۈلۈك تىپىدىكى سودا بولۇپ ، قىممىتى تۆۋەنلىمەيدۇ ، ئاشىدۇكى ، دىرى يوقالمايدۇ ، پەقەت زىيان چىقمايدۇ . قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ؛ ئىككىنچى ، زايوم سودىسىغا مەبلەغ سېلىش كېرەك ، ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بەك يۇقىرى ؛ ئۈچىنچى ، پاي چېكى ئويناش كېرەك ، ئۇ ھەر كۇنى قىممەت تولۇقلاپ بارىدۇ ؛ تۆتىنچى ، سۇغۇرتىغا مەبلەغ سېلىش كېرەك . ئۇ ھەم قىممىتىگە ،ھەم دىرىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان سودا ، خېيىمخەتىرى پەقەت يوق . سۇغۇرتا شىركىتى ۋەيران بولمايدۇ ، ۋەيران بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ ، ۋەيران بولۇشقا توغرا كەلسە ئالدى بىلەن مەلۇم بىر سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ، مۇئامىلىدارلارنىڭ ھېساباتتىكى پۇلىنى قوغداپ قالىدۇ ، باج ئالمايدۇ ، توڭلىتىلمايدۇ .

مەن يەنە بىر ئىشنى دەپ قوياي ، بەزىلەر سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان پۇلنى قانداق يىغارمىز دېيىشى مۇمكىن ، بۇنىڭ يولى ئاسان ، سۇغۇرتا شىركىتى توختام بويىچە ھەق ئالغاندىن باشقا ، سۇغۇرتا ھەققىنى تۇركۇم ۋە مۇددەتكە بۆلۈپ مۇۋاپىق تۆلەشكە يول قويىدۇ ، سۇغۇرتىغا قاتناشماقچى بولغان ئادەم

مۇنداق بىرقانچە ئىشنى قىلىشى كېرەك : بىرىنچى ، ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك . چۈنكى پۇل تاپماق ئاسان ، ئۇنى باشقۇرۇش قىيىن ، ئائىلە ئىگىلىكى ياخشى باشقۇرۇلغاندىلا پۇل تېجەپ ، پۇل تاپقىلى ،يول ئاچقىلى بولىدۇ . هازىرقى دەۋر دەل ئىقتىسادنى ياخشى باشقۇرۇش دەۋرى ؛ ئىككىنچى ،پىلان بولۇشى كېرەك . مەبلەغنى ياخشى پىلانلاپ ، ئىشلىتىش كېرەك ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا سەرپ قىلىدىغان ئىقتىسادنى تۆتكە ياكى ئۇچكە بۆلۇشى كېرەك . تۆتكە بۆلگەندە ئۇنۇمى ئالاهىدە ياخشى بولىدۇ ، مەسىلەن : كۈندىلىك تۇرمۇشقا مال ـ مۈلۈكنىڭ تۆتتىن بىرىنى ، پاي چېكىگە تۆتتىن بىرىنى ، ئۆي ـ مۈلۈك سودىسىغا تۆتتىن بىرىنى ، سۇغۇرتا ئىشلىرىغا تۆتتىن بىرىنى سېلىش كېرەك . بىز مەبلەغ سېلىشتىن ئاۋۋال دائىم مۇنداق ئويلايمىز : سالغان مەبلىغىم بىخەتەر بولسىكەن ، باج تاپشۇرمىسامىكەن ، مەلۇم نىسبەتتە پايدىسىنى كۆرسەم ، ئۆسۈم ئالسامىكەن دەيمىز . دەل مانا مۇشۇنداق تۇر سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئادەم هاياتلىقىدىكى ئالتۇن كۆۋرۈك — راهەت بەخش مەنبەلىك سۇغۇرتا تۇرلىرى بولۇپ ، بۇ تۇرلەر سىزگە بايلىق = ساغلاملىق + سۇغۇرتا + ئۇنۇمدىن ئىبارەت بايلىقنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بېرىدۇ . . .قەدىرلىك مېهمانلار ، ۋاقىت — پۇل دېمەكتۇر ، سالغان مەبلەغ قانچە بالدۇر ، قانچە كۆپ بولسا ، ئېرىشىدىغان مەنپەئەتمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ .بۇ سۇغۇرتىنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى ، بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلار كۆزدە تۇتىدىغان ئەڭ مۇهىم هالقا .

رابىيەم دوسكىغا بىر ئادەم بەش يىلغا بۆلۈپ ، 92 مىڭ يۈەن تاپشۇرسا ، ئۇن يىلدىن كېيىن ، هەتتا 60 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ، 280 مىڭ يۈەن پۇلغا ئېرىشىدىغانلىقى ، بۇ پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمى ، پاي پايدىسى ، دىرى قاتارلىقلارنى ، ئاندىن هەر يىلى پايدىسىغا سايا‌هەتكە بارىدىغان تۇرلەرنى شۇ

قەدەر ئىنچىكە ۋە قايىل قىلارلىق تونۇشتۇردى .

بۇ سورۇننىڭ ئىشتىراكچىسى بولغان مەنمۇ ئۇنىڭ ئىنچىكە كىرىپلا كەتتىم ۋە بۇ تۇرگە قاتنىششقا چىن كۆڭلۈمدىن قىزىقىپ قالدىم .

مەن ئويلىنىپ قالدىم :ئادەملەرنىڭ كەسپىي قابىلىيىتى ۋايىغا يەتسە ، ھەرقانداق گىگانت نەرسىمۇ بوي سۇنماي قالمايدۇ . رابىيەمدىكى كەسپىي ئىقتىدار نەقەدەر جانلىق ۋە ئەتراپلىق ـ ھە؟ شۇنداق ، نۇرغۇن كىشىلەر كەسپكە ماھىر . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى زور ، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ شۇنداق ياخشى . ئادەم كەسپكە بېرىلىش بىلەن بىر چاغدا ، چوقۇم باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ قاتنىشىپ بەرسە ، كەسپنى يۇرگۇزۇش ئىقتىدارى ۋە ئۇنۇمى يۇقىرى بولىدۇ . ئىدىيىۋى ساغلاملىقى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقى ئاشىدۇ ، مەن يەنە شۇنداق ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالدىم : پەقەت مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار بولغاندا ، يەنى شۇ بىر كەسپكە ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەر بولغاندىلا ، مۇلازىمەت خاراكتېرىنى ئالغان شۇ بىر كەسپمۇ تەرەققىي قىلىدۇ ، مۇلازىمەت بولۇپ ، مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولغۇچىلار بولمىسا ، ئەلا مۇلازىمەتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ . ئۆزىدىن ئېلىپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر خىل تەرەققىيات يولى بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرگە بىر خىل رىقابەت كۈچى بەخش ئېتىدۇ ، ئۇ يەنە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن كۆۋرۈك ھاسىل قىلىدۇ . دېمەك ، بۇنداق ئالتۇن كۆۋرۈك ئادەم ھاياتىدىكى بىر مۇستەھكەم رىشتىنى يارىتىدۇ .

## بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم

رابىيەمنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ ، ئۆزى شوخ ،

ھەربىكىتى چاقىقان قىز ئىدى. بۇ ھال ئۇنى سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇراتتى. بۇ يەنە ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان ئارتۇقچىلىقى ئىدى...

ئۇنىڭ چاقماقتەك گەپ - سۆزلىرى، دەرسنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى، سورىغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى، ھەربىر ئىشتىكى تەسەببۇسكارلىقى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى.

1965 - يىلى 27 - ماي يەكەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان رابىيەم 1982 - يىلى 7 - ئايغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. ئوقۇش جەريانىدا، ئۇنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسى ۋە بىلىم ئېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى جانلىق ھەم تولىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى، شۇڭا ئۇ پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى، سىنىپ باشلىقى، پىئونېرلار تەشۋىقات ھەيئىتى، ئۆگىنىش باشلىقى، سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. ھەر يىلى «ئىلغار سىنىپ كادىرى»، «ئىلغار ئىتتىپاق ئەزاسى»، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

رابىيەم 1982 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ بۇ مەكتەپتىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈردى ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولدى. 1986 - يىلى 7 - ئايدا ئۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

# مۇساپە مۇشكۇل ئەمەس، ئەمما . . .

ئۇ ئىش ئورنىغا ئىگە بولدى . ئەمما ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەقدىرى كاجدەك قىلاتتى .

رابىيەم مۇھەممەت ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى . ئۇ قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، كەسپنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆگەنمىسە ، ئىشلىمىسە بولمايتتى . ئۇ مەكتەپتە نۇرغۇن نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۇرگەن ، مانا ئەمدى ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇشى كېرەك ئىدى . ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان خىزمەتنى جان - دىلى بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى . ئۇ يەردىكى كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنى «راست ئاكتىپ» دەپ ئاتاشتى . . . .

ۋەزىپە ئېغىر ، مەسئۇلىيەت كۈچلۈك ، قائىدە - تۈزۈمگە ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى . رابىيەم خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ بارلىق بېسىملىرىنى يېگىپ ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلدى . 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ، رەھبەرلىك ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنى زاۋۇتنىڭ تەرجىمانلىق مەخسۇس بۆلۈمدە تاشقى ئالاقە ئىشلىرىنى ئىشلەشكە قويدى . ئۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن ، ھەر كۈنى نەچچە ئون سائەت تىنىم تاپماي ئىشلىدى . پائالىيەت دائىرىسى كەڭ بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەزى بېسىملارنى ئېلىپ كەلدى ، ئۆتكەلنىڭ ھەممىسىدىن سەۋرچانلىق بىلەن ئۆتتى .

1990 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمگە يۆتكىلىپ ، مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش ، بىخەتەرلىك ، ئۆلچەملەشتۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى . يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئۈچۈن چىڭ تۇتمىسا بولمايدىغان بۇ ئىش ئۇنىڭغا كۈچلۈك بېسىم پەيدا قىلدى . چۈنكى رابىيەمنىڭ

بۇ ئىشقا ھېچقانداق تەييارلىقى ۋە تەجرىبىسى يوق ئىدى . ئۇ خىزمەت داۋامىدا سوپەت باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ زاۋۇتتىكى جان ھالقا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئىزچىل ئىزدەندى ۋە مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە بولدى . شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەي ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ يېتىشىپ چىققان سوپەت باشقۇرغۇچى خادىم بولۇپ قالدى . ئۇ يەنە ئۆز ئورنىدىكى تورلۇق ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ تەكشىلىكتىكى جايلىشىش خەرىتىسىنى لايىھىلەپ سىزىپ ئۇتۇق قازاندى . 1990 ـ يىلى ياز پەسلىدە بارلىققا كەلگەن بۇ ئىش ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى مۇشۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھا بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇق ، تەجرىبىلىرى شۇ يىلى ۋىلايەت ئاچقان سوپەت باشقۇرۇش ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىندى . بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قىزغىنلىقىنى ۋە كەسىپكە بولغان ئىشتىياقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى . ئۇ ، شۇ مەزگىللەردە بوش ۋاقىت چىقىرىپ كەسىپكە ئائىت ماقالىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ ، مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى ھەم «شىنجاڭ سوپەت باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش» ژۇرنىلىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى .

رابىيەم ئۆز ئورنىدا تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان ھەر قانداق ئىشنى بەجانىدىل ياخشى ئىشلەپ ، ئۈچ نۆۋەت «ئىلغار ئىشلەپ چىقارغۇچى» ۋە «ئىلغار ئىتتىپاق كادىرى» بولۇپ زاۋۇت پارتكومى ، مەمۇرىيىتى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى .

90 ـ يىللاردىكى بازارغا يۈزلىنىش ، بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ كارخانىغا بەزى

كىرىزىسلارنى ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ، كارخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونا ھەم قالاق، ئىگىلىك باشقۇرۇش يېتەرسىز، بازارغا يۈزلىنىشى جانسىز، ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، سېتىلىش ۋە ئوبوروت قىلىنىشى ئاستا بولۇش تۈپەيلىدىن، دەۋر تەلىپىگە ماسلىشالماي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، ھاياتىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى، كىرىمى چىقىمىنى قامدىيالماي، پايدىسى زىيانغا بويلاشماي، ئاخىرى تاقىلىپ قالدى. رابىيەم مۇشۇ كارخانىدا ئىشلەيدىغان ئېرى نەبىجان قاتارلىق 200 نەچچە خىزمەتچى قاتارىدا 1994 ـ يىلى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، رابىيەمنىڭ سەرپ قىلغان ئەقلىي ئىقتىدارى، بۇ كارخانا ئۈچۈن ئاققۇزغان قان ـ تەرى، قولغا كەلتۈرگەن شان ـ شەرەپلىرى كۆمۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزى ياشلاندى، قەلبى ئازابلاندى، يۈرىكى مۇجۇلدى ھەم ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە بېرىپ ھال تۆكتى، دەرد ئېيتتى. ئۇلارغا نۇرغۇن كىشىلەر ھېسداشلىق قىلدى، بىراق ئۇلارنىڭ ئىشسىز قالغىنى قالغان بولدى. كىرىم مەنبەسى ئۈزۈلدى. لېكىن، رابىيەم شۈكۈر قىلىپ، تەقدىرگە تەن بەرسە بولمايتتى. چۈنكى ئۇلار ياشىشى، تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئۇ ئېرى نەبىجان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نەچچە يىلدىن بۇيان ئىش ھەققىدىن ئاز ـ ئازدىن تېجەپ يىغقان ئىقتىسادى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئازراق پۇل راسلاپ، بىر كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، شەھەر ئىچى كىراكەشلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

رابىيەم كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، بىر ئىشقا ئەستايىدىل قارايدىغان، ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، ئائىلىدە بىكار ئولتۇرۇۋېرىپ بەكلا ئىچى تىت ـ تىت بولدى. بۇ خىل تەقدىر ئۇنى توختاۋسىز بىئارام قىلدى، ياشلىق

باھارنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر دەقىقىسى ئۇچۇن ھەسرەت چەكتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلۇپ ، قەلبىدىكى روھىي بېسىم ۋە ئازابىنى تۈگىتىشنى ئويلايتتى .

## «سۆيۈملۈك 53 ـ»

1997 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ خېلى يېقىن ئۆتىدىغان قوشنىلىرىدىن بىرسى ئۇنى سۇغۇرتا شىركىتىدە ئىشلەپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى ۋە رابىيەمگە مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان بۇ كەسىپنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى . دەل شۇ چاغدا جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قەشقەر شۆبە شىركىتىگە خىزمەتچى قوبۇل قىلىۋاتاتتى . بۇ چاغلاردا سۇغۇرتا شىركەتلىرىدە «داش قازان» نىڭ تامىقىنى يېيىشكە خاتىمە بېرىلگەن بولۇپ ، ياشلارنى ، ئىختىساسلىق قابىللارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش كەيپىياتى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەنگەن ، تەييارغا ھەييار ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەرگە ئورۇن يوق بولۇۋاتاتتى . ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ ئازابى ۋە كۆلپىتىنى يەتكۈچە تارتقان رابىيەم دەسلەپ دېلىغۇل بولدى . چۈنكى ، بۇ مۇقىم خىزمەت بولىسمۇ ، ئىش ئورنى تۇراقسىز ، ئىش ھەققىمۇ تۇراقسىز ئىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئورنى ئىسسىمايدىغان جاي ئىدى . شۇنداقتىمۇ ھېلىقى قوشنىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ ، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ، ئاخىرى سۇغۇرتا شىركىتىگە بېرىپ تىزىملاتتى . بىرقانچە كۈندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كەسپىي تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتى . بۇ ئۇنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىگە دائىر دەسلەپكى چۈشەنچىسىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا تۈرتكە بولدى .

گاھىدا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر ئىش تاسادىپىيلا مۆجىزىدەك ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ، بەزىلەرگە ئامەت ئېلىپ كەلسە، يەنە بەزىلەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، يەنە بەزىلەرگە مەڭگۇ يادنامە ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. رابىيەمنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىمۇ شۇنداق ئىشتىن بىرسى يۈز بەردى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. ھازىر ئۇ ئاشۇ كۈنلەردىكى ئىشلارنى ئويلىسا، ھاياجانلانماي قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۈتمىگەن يەردىن جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قەشقەر شۆبە شىركىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۆمۈر سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالدى. 1997 - يىلى 14 - مارت كۈنى ئۇ «53 - نومۇر» دېگەن خىزمەتچى خادىم ئىزنىكىنى مەيدىسىگە تاقىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ، بۇ شىركەتنىڭ 53 - نومۇرلۇق خادىمى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەردىكى بىرقانچە قېتىملىق تەربىيىلەشتە ئۆمۈر سۇغۇرتا كەسپى ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىمى، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر قىلىشقا، ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كەسىپ ھەم قاراڭغۇ دۇنيا، ھەم يىپپېڭى بىر شەيئى ئىدى. بىر قارىسا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بىمالال قىلىپ كېتىشىگە كۆزى يېتەتتى . يەنە بىر قارىسا سۇر باساتتى. زاغرا تىلدا ئېيتقاندا، سۇغۇرتا كەسپى گەپ سېتىپ پۇل تاپىدىغان، مۇلازىمەت قىلىپ جان باقىدىغان، دەسمايە سالماي مەبلەغ توپلايدىغان، ئالدىن ئېلىپ كېيىن بەھرىمەن قىلىدىغان، ئاز ئېلىپ كۆپ بېرىدىغان كەسىپ بولغاچقا، بىراقلا ئۇتۇق قازىنىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. بولۇپمۇ، قەشقەردەك ئىقتىسادىي ئارقىدا قالغان رايوندا، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئۇقۇمى تۆۋەن كىشىلەر كۆپ جايدا، كىشىلەرنى

سۈغۇرتىغا جەلپ قىلىش كىتابلاردا يېزىلغاندەك ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. كونا ئادەت قارىشى كۈچلۈك، بىرەر ئىشنىڭ پايدىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئالدىن مەبلەغ سېلىشقا ئادەتلەنمىگەن قەشقەر خەلقى شۇ چاغلاردا بۇ يېڭى كەسىپنى دەرھال قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتى، بۇ خىل ئەمەلىيەت رابىيەمنى ئەندىشىگە سالغانىدى. رابىيەم ئىشقا چۈشكەن دەسلەپكى كۈنلەردە ھەر كۈنى 30 دىن ئارتۇق ئائىلىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، سۈغۇرتا كەسپىنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈپ قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ تەكرار - تەكرار ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تازا مۇجۇلدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىنىش، يالتىيىش ئوتى قاپلاپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى تەلمۈرۈشلىرىنى، سودا - سارايلاردىكى قاتراشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆكۈندى، ئۇ ئارزۇلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، بۇ ئىشتىنمۇ ئۆزلۈكىدىن توختاپ قېلىش قارارىغا كەلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ سولغۇن ھالىنى كۆرگەن يەنە بىر پېشقەدەم قوشنىسى ئەھۋال سوراپ تەسەللى بېرىپ قالدى ۋە جاسارەتلىك، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى:

— باشقىلار ئىشەنمىسە ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز سۈغۇرتىغا قاتنىشىڭ. ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، بۇرادەرلىرىڭىزدىن بىرقانچىسىنى قاتناشتۇرۇڭ، مۇلازىمەت قىلغاندا، سۈغۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، پايدىسىنى ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈڭ، باشقىلارغا ئۆزىڭىز قاتناشقان سۈغۇرتا تالونىنى كۆرسىتىڭ. شۇ چاغدا كىشىلەر سىزگە ئىشىنەر، بەلكىم…

بۇ بولىدىغان چارىدەك قىلاتتى. رابىيەمنىڭ قەلبى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۇ قايتىپ بېرىپ ئىشقا چۈشكەن كۈنى مۇلازىمەتنى ئۆزىدىن باشلىدى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان يىغقان

1172 يۈەنگە ئۆزى ۋە ئوغلىنى كاپالىتى بار ، 20 يىللىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قايسى جايغا بارسا ، شۇ يەرگە سۇغۇرتىغا قاتناشقانلىق ھەققىدىكى ئىسپات ، ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ باردى . سۇغۇرتا تەشۋىقاتى بولسۇن ياكى سۇغۇرتا ھەققىدە سۆھبەت بولسۇن ، ئۇنى كىشىلەرگە پاكىت - ئىسپات قىلىپ كۆرسەتتى . بۇ ئارقىلىق بەزىلەرنىڭ «نېمىشقا ئۆزۈڭلار قاتناشمايسىلەر ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بەردى . بۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولدى . رابىيەم قايتىدىن جانلاندى . ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، سۇغۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە كېيىنكى پايدىسىنى چۈشەندۈرۈش ، تەشۋىق قىلىش بىلەن ئۆتتى . ئۇ ئىدارىسىگە بالدۇر كېلىپ ، ئۆيىگە كەچتە قايتتى . شەھەر ئائىلىلىرىدىن كۆرە ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆپرەك تەشۋىقات ، چۈشەندۈرۈشنى كېڭەيتتى . بۇنىڭ بىلەن ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كىچىك سوممىلىق سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئىشلىرى بىر - بىرلەپ مەيدانغا كەلدى . نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ «يۇمشىدى» . بۇ ھال رابىيەمنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى . ئۇ شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى 500 ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ ، 91 مىڭ 414 يۈەن سۇغۇرتا پۇلى يىغىپ ، زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .

## كەسىپ ئىشقىدا

رابىيەم سۇغۇرتا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ، بۇ كەسىپنىڭ ناھايىتى چوڭ ھەم مۇستەقىل كەسىپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى . شۇنداقلا ھەممە ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا ۋە ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى

بىلىپ يەتتى . ئەينى چاغدا ، شىركەتتە ئاران ئۈچ نەپەرلا ئۇيغۇر خىزمەتچى بار بولۇپ ، تىل - يېزىق ، ئالاقىدە پۈتۈنلەي خەنزۇچە قوللىنىش ئومۇملاشقانىدى . بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان زۆرۈرىيەت ئىدى . ئۇ ، چوقۇم ئۆگىنىشىم ، باشقىلار قىلغاننى مەنمۇ قىلىشىم كېرەك ! دەپ ئويلىدى . كىچىكىدىنلا ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان رابىيەمنىڭ خەنزۇ تىلى ئاساسى ئاجىز ئىدى . شۇڭا بوش تۇرسا بولمايتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن كەسىپ ئۆگەنسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بارلىق ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى . ئۇ ئۆزىگە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھەر كۈنى بەشتىن خەنزۇچە خام سۆزنى يېزىش ، ئوقۇش - تەلەپپۇز قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن ، دەپ مەجبۇرىيەت قىلدى . كۈندۈزى ۋاقىت چىقىرالمىسا ، كېچىلىرى تۈن نىسپىگىچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى ، بۇنداق تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولدى . ئۇ ئالتە ئايدىلا كەسىپ بىجىرىش ، ئالاقە ئىشلىرىدىكى خەنزۇ تىلى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى . ئۇ بۇ خىل ئۆگىنىشنى تاكى ھازىرغىچە بىرەر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇردى ۋە ئۆزلەشتۇرۇپ ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . مەيلى خىزمەتتە بولسۇن ياكى باشقا ئىشلاردا بولسۇن ، خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتتى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ ئىشلىشىگە پۇختا ئاساس سالدى .

رابىيەم مۇھەممەتنىڭ ئۆگىنىشكە ھەقىقەتەن چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ، ئۇ بىلىم ئېلىشقا ھەمىشە ئىنتىلىپ كەلدى ، تۈرلۈك كىتاب - ماتېرىياللارنى ئوقۇش ئۇنىڭ كۈندىلىك ئادىتى . چۈنكى ئۇ بۇ خىل يول ئارقىلىق سىياسىي - نەزەرىيۋى سەۋىيىسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، ئۆلىنى پۇختىلاش ، تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساس سېلىپ كەلدى . ئۇ

يېقىنقى يەتتە يىلدىن بۇيان، ئۈمۈر سۇغۇرتىسىغا ئائىت خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتاب ـ ماتېرىيالدىن 50 پارچىدىن ئارتۇقراق سېتىۋالدى. ئۇ يەنە بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «جۇڭگو ئۈمۈر سۇغۇرتىسى» ژۇرنىلى ۋە «جۇڭگو سۇغۇرتىسى گېزىتى» گە ھەر يىلى مۇشتەرى بولدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ مول سۇغۇرتا بىلىمى توپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەسپىي ئىشتىياق ۋە بىلىم خۇمارلىق ئۇنى ئاددىي بىر ئۈمۈر سۇغۇرتىسى ۋاكالەتچىسىدىن تەشۋىقاتچىسى ۋە مول بىلىمگە ئىگە تەجرىبىلىك سۇغۇرتا كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى، پراكتىكانت باشقۇرغۇچى، باشقۇرغۇچى، ئەترەت باشلىقى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، بۆلۈم باشلىقلىقىغا مۇيەسسەر قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ، بۇ كەسىپ ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد كەسىپ ئەھلى ھەم بۇ كەسىپنىڭ ناتىقى بولۇپ يېتىشتى.

## يىراققا نەزەر تاشلاپ، ئارزۇنى نۇرلاندۇرۇش

كىشىلىك تۇرمۇش تۇرلۇك ئەگرى ـ توقايلىقتىن خالىي ئەمەس. رابىيەمۇ خىزمەت داۋامىدا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىققا ۋە جەبىر ـ جاپاغا يولۇقتى.

ئۇ ئەينى چاغدا، شىركەتكە يېڭىدىن كىرگەندە، ئائىلىسى بىلەن شىركەتنىڭ ئارىلىقى سەككىز كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ گاھىدا كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن، گاھىدا ۋېلىسىپىت بىلەن، گاھىدا پىيادە ئىشقا كېلىپ ـ كېتەتتى. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى تۇپەيلىدىن كۆپ ھاللاردا چۈشتە ئائىلىسىگە قايتالمايتتى. ۋاپادار ئېرى نەبىجان ۋە ئوماق پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ بەرگەن مەززىلىك تامىقىنى يېيىشكە تەشنا بولسىمۇ، بۇنداق تەشنالىق كۆپ

هاللاردا يوقفا چىقاتتى . شۇڭا ، ئۇلار رابىيەمگە ئوخشاش تالاي كۆنلەرنى قۇرۇق نان بىلەن غىزالىنىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى . ۋاپادارلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان نەبىجان ھەم دادا ، ھەم ئانا بولۇپ پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئوقۇشىدىن ئوبدان خەۋەر ئالاتتى . رابىيەمگە قىلچە تاپا ـ تەنە قىلماي ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەشكە دەۋەت قىلىپ مەدەت بېرەتتى .

كېيىنكى يىللاردا شىركەتكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان مىللىي خادىملارنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتا كەسپىنى چۈشىنىشى ۋە كەسپىي بىلىمى كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن ، ئۇلاردا خىزمەتكە چۆكەلمەسلىك ، مۇئامىلىدارلارنى جەلپ قىلالماسلىق مەسىلىسى كۆرۈلدى . قىلغان ئىشىغا ، قوبۇل قىلغان سۇغۇرتا ھەققىنىڭ مىقدارىغا قاراپ ھەق ئالىدىغان بىر خىل ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا ، بەزىلەر بىرنەچچە ئايغىچە ئىش ھەققى ئالالمايتتى . رابىيەم بۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ ، ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشتىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى ، شىركەتتە سۇغۇرتا تەربىيىچىسى كەمچىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئۇ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىدى . شىركەتتە پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قارىشىچە كەسپكە ئېھتىياجلىق تۇرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش زۆرۈر ئىدى . بۇ توغرا ئىدى . لېكىن بۇ ساھەنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن شەرتلەرنى هازىرلىشى ، ئۆگىنىشى ، يەنە ئۆگىنىشى ، بۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسىنى هازىرلىشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ئۇ بىرقانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئۆمۈر سۇغۇرتا مۇلازىمىتى كەسپىي ساھەسىگە ئائىت بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆزلەشتۈردى ، بىرقانچە قېتىم ئىچكى جايلاردا ئېچىلغان سۇغۇرتا كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى . 1998 ـ

يىلىدىن 2003 ـ يىلىغىچە مەملىكەتلىك سوت كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇپ لاياقەتلىك بولدى ، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسىدا ئىشتىن سىرت ئوقۇۋاتىدۇ .ئۇ كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يىلدا بىر قېتىم ئالىدىغان ئوقۇتقۇچى تاللاش ئىمتىھانىغا قاتناشتى . بۇ ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ ، ئاپتونوم رايون ، جۇملىدىن مەملىكەت ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان بىردىنبىر ئۆمۈر سۇغۇرتا كەسپى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى .

مۇشۇ بىرقانچە يىلدا رابىيەم ۋىلايەت تەۋەسىدە 28 قېتىم ئۆمۈر سۇغۇرتا خىزمەتچىلىرىگە دەرس ئۆتكەندىن سىرت ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ، بىر ئوبلاست ۋە بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر ) لەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان كۇرسلاردا دەرس ئۆتتى . ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە قىلىپ ، ئۆزى قول تىقىپ تەييارلىدى ، بۇ ساھەدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ماتېرىيال بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بەردى ، ھازىرغىچە تەربىيىلەنگەن كۇرسانت 1240 ئادەم قېتىمدىن ئاشتى .

رابىيەم ئالدىراش بولغىنىغا قارىماي ، يەنە تەكلىپكە بىنائەن ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى 11 ناھىيە ـ شەھەر ۋە بىر قىسىم يېزا ـ بازارلاردىكى شۆبە شىركەتلەرگە بېرىپ ، 29 قېتىم نەق مەيدان سۆھبىتى ، خىزمەت ئۇستىدە تەجرىبە تونۇشتۇرۇش ، سۇغۇرتا خىزمەتچىلىرى ۋە مۇئامىلىدارلارغا دەرس سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، شۇ جايلاردىكى خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى . بۇ جەرياندا ئۇ تەربىيىلىگەن ئادەم 500 دىن ئاشتى .

رابىيەم خىزمەت داۋامىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنىڭ بىردەك بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى ، ئۇ خىزمەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، ئۇنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، 18 پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە تەجرىبە ، تەرجىمە ماقالىسى يازدى ، بىر قىسىم ماقالىلەرنى كۇرسلارغا دەرسلىك يېتەكچىسى ، خىزمەت قوللانمىسى قىلدى .

## كۈچ بىرلىكتە ، ئىش ئۆملۈكتە

رابىيەمنىڭ قولىدىن ھەمىشە خىزمەت خاتىرىسى چۈشمەيدۇ . ئۇنىڭ بۇ خاتىرىسىدىن يىللىق ، پەسىللىك ، ئايلىق ، ھەپتىلىك ، ھەتتا كۈندىلىك پىلان مەزمۇنلىرىنى كۆرگىلى بولۇپلا قالماستىن ، تۈزۈلگەن پىلانلارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ، ئورۇندىلىش ئەھۋالى ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

رابىيەمنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى — ئۇ باشقىلارنى ئويلايدۇ ۋە نەزەردە تۇتىدۇ . بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى بۇ شىركەتتە ئاران يەتتە نەپەر ئۇيغۇر خىزمەتچى بار ئىدى . ئۇلار شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ خىزمەت قىلاتتى ، بىراق بۇلارنىڭ ئىش ئۇنۇمى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى . رابىيەم شىركەت رەھبەرلىكىگە ئىلتىماس قىلىپ ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەتتە كىشىلىك سوغۇرتا ئىشلىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . رەھبەرلىك قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىپ ، ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلار بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى . ئۇلار خىزمەت ئىشلەش ۋە ئىش بېجىرىشتە ، خەنزۇ تىلى - يېزىقىدىن

قىيىنلىشتەك ئاجىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تەشكىللىنىپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن يېرىم سائەت، كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن يېرىم سائەت كەسپكە ئائىت تىل - يېزىقنى ئۆگەندى. بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، يېرىم يىلغا بارمايلا ئۇلار تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقتا بېجىرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى. رابىيەم سۇغۇرتا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، تۇرمۇش قوينىنىڭ تولىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن مەنبە قوبۇل قىلىش يولىنىڭمۇ شۇ قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان قەشقەردە تۇرمۇشنىڭ كۈنسېرى ياخشىلىنىشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك سۇغۇرتا كەسپلىرىگە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنىڭمۇ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ سۇغۇرتا كەسپى ئۈچۈن چوڭ بازار، شۇنداقلا ئېچىش زۆرۈر بولغان بايقاش ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان سۇغۇرتا چوڭ قوشۇنى قۇرۇش تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق ئىش ئىدى. ئاشۇ چوڭ بازارنى پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئاچقىلى بولاتتى ھەمدە پايدىلىنىش مەنبەسى، ئۈنۈمىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە بەخت، شىركەتكە پايدا يەتكۈزگىلى بولاتتى. شۇ چاغدىكى يەتتە نەپەر ئۇيغۇر خىزمەتچى بۇ ئىشقا تولىمۇ ئازلىق قىلاتتى. رابىيەم شىركەتكە ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى قوبۇل قىلىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشنى زورايتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇنداق قىلغاندا، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، تۇرمۇشنى قامداش پۇرسىتى تۇغۇلاتتى، يەنە بىرى، سۇغۇرتىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شىركەتنىڭ مەبلەغ كۈچىنى زورايتىپ، ھەممە ئادەمنىڭ سۇغۇرتىدىن

بەھرىمەن بولۇش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولاتتى . شىركەت ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوي ـ پىلانى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال قوللىدى ۋە بۇ ئىشنى رابىيەمنىڭ ئىشلىشىگە تاپشۇردى . بۇ ئىش قارىماققا ئاساندەك تۇرسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن جاپالىق خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى . جىگەرلىك ، قەيسەر بۇ ئايال دەرھال جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ، سىياسىي ئىپادىسى ياخشى ، ئەخلاق ساپاسى يۇقىرى ، كەسىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقى كۈچلۈك ، قانۇن ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان كىشىلەر ۋە بەش خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى تىزىملاش ، قوبۇل قىلىشقا كىرىشتى . بۇ ئىشتا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ، ئۆتكەلنى چىڭ تۇتتى ، ئادىل رىقابەتلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى . تاللانغان خادىملارنى تەربىيىلەش ، زېرىكمەي يېتەكلەشنى قانات يايدۇرۇپ ، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇللىرىنى سوغۇرتا قوشۇنىغا جەلپ قىلدى .

رابىيەم بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا ئەزالىرىغا خىزمەتچى تونۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى ۋە ئۇلار ئىلگىرى ـ ئاخىر تونۇشتۇرغان 20 ئادەمدىن يۇزتۇرا ئىمتىھان ئېلىش ، ئىجتىمائىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىنچىكە ھالقىلارغا ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا ، يەتتە كىشىنى تاللاپ ئىشقا قويدى . مۇشۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ۋە نوپۇزلۇق ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ، خادىم سانىنى 50 كە يەتكۈزدى . ئەمما ، ئۇلاردىن كۆپ قىسمىنىڭ سوغۇرتا كەسپىنى بىجىرىشتە بىلىمى كەمچىل ، خىزمەت تەجرىبىسى يوق ، ئىزدىنىش ، جاپاغا چىداش روھى يېتەرسىز ئىدى . رابىيەم ئۇلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن چارە كۆرۈپ ئېرىنمەي ، زېرىكمەي ئۆگەتتى ، يېتەكلىدى . بىراق ئۇلاردىن ئۈزۈپ چىققانلىرى كۆپ بولمىدى . نۇرغۇنلىرى

جاپادىن قورقۇپ ئۆزلۈكىدىن ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالدى، ئاخىرقى ھېسابتا يەتتىلا ئادەم ئىش ئورنىدا قالدى.

بۇ ئىش رابىيەمىنىڭ بەكلا بېشىنى قاتۇردى. كادىرلار تۈزۈلمىسى، ئىش ھەققى تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر «داش قازان» نىڭ تامىقىنى يېيىش، «تۆمۈر دەپتەر» گە كىرىشنى ئويلاپ، شېرىن چۈش ئىچىدە غەپلەت ئازابى تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا، شىركەتكە كەلگەنلەر ئومۇمەن خىزمەت ئورنى تۇراقسىز، ئاخىرى چىقمايدىغان ئىش ئىكەن، دېگەن قاراش بىلەن ئىككىلەندى. بۇ خىل قاتمال ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرگە رابىيەم پارتىيىنىڭ كادىرلارنى ئىشلىتىش سىياسىتىنى ۋە سوغۇرتا كارخانىلىرىنىڭ كادىرلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش، ئىش ھەققى - پاراۋانلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەكرار - تەكرار تونۇشتۇردى؛ بۇ يەردە ئىشلەپ قالسا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى جانلىق، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەپ بەردى. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ كىشىلەر ھازىرقى زامان يېڭى تۈزۈلمىسىنى دەماللىققا قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، رابىيەم خادىم قوبۇل قىلىشتا نەزەرىنى كەسپىي كارخانىلاردىن ئىش ئورنىدىن قالغان خادىملارنى تاللاشقا قاراتتى ۋە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئايرىم بانكا قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، بۇ ئورۇنلاردىن ئىش ئورنىدىن قالغان 250 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار ئىچىدىكى سوغۇرتا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغانلارنى تىزىملىككە كىرگۈزدى ۋە 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى تاللىدى. شۇنداق قىلىپ، رابىيەم مىللىي خىزمەتچى خادىم سانىنى تېزلا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىركەت 1999 - يىلى

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان 4 ـ بۆلۈمنى قۇردى . بۆلۈمنىڭ مەسئۇللۇقىنى رابىيەم ئۈستىگە ئالدى . ئۇ ئادەم تولۇقلاشتىن توختاپ قالماي ، ھازىر بۇ قوشۇننى 133 ئادىمى بار كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلاندۇردى .

## رابىيەمنىڭ ئىزى گۈل

رابىيەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ، تەدبىرىگە ھەممە قايىل . ئۇ سۇغۇرتا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان بىرقانچە يىلدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تالانتى ، جاسارىتىنى ۋە قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى . ئۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن كۆيۈنۈش ، باشقىلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىش ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشتەك ئالىيجانابلىقى بىلەن كەڭ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ، ماختىشىغا ئېرىشتى . ئۇ يەنە باشقۇرۇش قىيىن دەپ قارالغان «چوڭ توپ» نى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشتىمۇ ئەل ئارىسىغا ئاسايىشلىق ئۇرۇقىنى چاچتى . ئۇ 4 ـ بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ۋە سۇغۇرتىغا قاتناشقان مۇئامىلىدارلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى ۋە جانلىق ئەمەلىيلەشتۈردى . بۇ ئارقىلىق خادىملارنىڭ خىزمەتكە بولغان ئەستايىدىللىقىنى ، ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى . 2004 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا چىقىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، رابىيەم قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭمۇ ئىش ئورنىغا چىقىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ يېتەكچىلىك قىلدى . ئۇلارنى كۆپ قېتىم ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا تەشكىللەپ ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى

ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنى كۆپەيتتى ، ھازىرغىچە بۆلۈمدىكى 54 نەپەر خادىم بۇ خىل لاياقەتنى ھازىرلىدى .
رابىيەم 4 - بۆلۈمدىكى خادىملارنى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ ، ئۆزئارا ئەمگەك مۇسابىقىسىنى يولغا قويدى ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن خىزمەتتىكى نەتىجىسىگە ئاساسەن ، ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا خۇلاسە قىلىپ ، «ئالتۇن ، كۇمۇش ، مىس» دەيدىغان ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ ، مۇكاپاتلاش - جازالاشنى ئەمەلىيلەشتۈردى . قايسى گۇرۇپپا ئارقىدا قالسا ، شۇ گۇرۇپپا «مىس» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ ، ئالدىدا ماڭغان «ئالتۇن ۋە كۇمۇش» گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنى بىر ۋاخ ئاددىي تائام بىلەن غىزالاندۇردى ۋە شۇ غىزا سورۇنىدا ئوتتۇق - يېتەرسىزلىكلەرنى بايان قىلىپ ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى . يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلىش ۋە كېيىنكى يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچقاندا ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئالدى ۋە خىزمەتلەردە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان خادىملارنى مۇكاپاتلاپ ئىلھام بەردى . بۇنىڭ بىلەن ، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى . خادىملارغا بولغان نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە خىزمەتلەرنى قوللاش شارائىتىنى بارلىققا كەلتۈردى . ساغلام خىزمەت ئىستىلى ، قىزغىن مۇلازىمەت مۇھىتىنى ياراتتى .
خادىملار ئارىسىدىن ۋەزىپە - كۆرسەتكۈچلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان خادىملارنى بەلگىلىمە بويىچە ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىغاندىن سىرت ، ئۇلارنى ئالتۇن ھەپتىلىك ساياھەت پائالىيىتىگە تەشكىللەپ ، مەملىكەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىغا بېرىشقا ، ئۆگىنىش ۋە ساياھەتكە ئۇيۇشتۇردى ، بۇ ئارقىلىق كەسپىي خادىملارغا «جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى . تۆلەم خىزمىتى ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئەلا

سۇپەت ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆلچەمدە قانات يايدۇردى ، كەڭ مۇئامىلىدارلارغا ۋە سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارغا ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈپ ، يۇقىرى ئابرۇي قازاندى . بولۇپمۇ ، ئاز پۇل تاپشۇرۇپ سۇغۇرتىغا قاتناشقان كىشىلەردىن بىر قىسىملىرى مەلۇم سەۋەبلەردىن ھادىسىگە ئۇچراپ قىيىنچىلىقتا قالغاندا ، دەرھال تەكشۈرۈپ ، ئىسپاتلاش - دەلىللەش ئارقىلىق ، تۆلەم پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ ، زىيانلانغۇچى مۇئامىلىدارلارنىڭ داۋالىنىش ۋە باشقا ئىشلاردىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە سۇغۇرتىنىڭ ئۆزلىرىگە بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا يولۇققاندا قۇتقۇزىدىغان ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتتى . نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە يار - يۆلەك بولغان سۇغۇرتا شىركىتىگە ، رابىيەمدەك شەپقەتچىلىرىگە تەكرار - تەشەككۈر ، رەھمىتىنى ياغدۇردى .

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىشلار 4 - بۆلۈمنىڭ مۇئامىلىدارلىرىنى يىلمۇيىل كۆپەيتتى . ئۇلار 2001 - يىلى 980 مىڭ يۈەن ، 2002 - يىلى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن ، 2003 - يىلى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن ، 2004 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليون 792 مىڭ يۈەن ، جەمئىي 7 مىليون 222 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى كىرىم قىلىپ ، شىركەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى .

رابىيەممۇ سۇغۇرتىغا خېرىدار جەلپ قىلىش ۋە سۇغۇرتا ھەققى يىغىشتا بوش كەلمىدى ، ئۇ 1997 - يىلى 150 دىن ئارتۇق ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ ، 91 مىڭ 414 يۈەن ، 1998 - يىلى 113 ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ ، 113 مىڭ 167 يۈەن ، 1999 - يىلى 56 ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ ، 88 مىڭ 369 يۈەن ، 2000 - يىلى 74 ئادەمنى

سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ، 213 مىڭ 68 يۈەن، 2001 ـ يىلى 85 ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ، 96 مىڭ 47 يۈەن، 2002 ـ يىلى 70 ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ، 119 مىڭ 978 يۈەن، 2003 ـ يىلى 83 ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ، 152 مىڭ 650 يۈەن، 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە 31 ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ، 56 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى كىرىم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ بەش يىل ئىچىدە سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرغان ئومۇمىي ئادەم سانى 635 كىشىگە، كىرىم قىلغان ئومۇمىي سۇغۇرتا سوممىسى 930 مىڭ 693 يۈەنگە يەتتى.

مول تەجرىبە، قايناق ھېسسىيات رابىيەم مۇھەممەتنىڭ ئوبرازىنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلدى. 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى كەسپىدە رېكورت ياراتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ بېيجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ قاتارلىق تەرەققىي قىلغان بەش شەھەر، ئۆلكىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش، زىيارەتتە بولدى. 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەرىپىدىن «ئىلغار باشقۇرغۇچى» شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشتى. ئۇ، شۇ يىلى يەنە يۈننەن ئۆلكىسىدە چاقىرىلغان غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى. 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى كەسپىدىكى يۇقىرى قاتلام باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ، 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كورلا شەھىرىدە چاقىرىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى كەسپىدىكى

«نەمۇنچى شەخس» بولۇپ باھالىنىپ مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرى «جوڭگودىكى مۇنەۋۋەر سۇغۇرتا خىزمەتچىلىرى» ناملىق كىتابتا تونۇشتۇرۇلدى. قىسقىسى، ئۇ بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان 1997-يىلدىن بۇيان ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن 11 قېتىم مۇكاپاتلاندى. رابىيەم مۇھەممەتنىڭ باسقان ھەربىر ئىزىدىن گۈل ئۈندى. يەنە ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن كەسپىي خادىملاردىن بىر نەپىرى مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلغار بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇسىيىدە بولدى. بىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، 10 نەپىرى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ شەرەپ قۇچتى.

## رابىيەمنىڭ تەدبىرى

رابىيەم شۇ قەدەر ياش ۋە سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئىرسىيەتمۇ ياكى باشقا ئامىلغا باغلىق ئۆزگىچىلىكمۇ؟ بۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان سىر، خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ يەنە نۇرغۇن كۆرگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭ مۇئامىلىدارلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن! ئەمەلىيەتتە، بۇ رابىيەم ئۈچۈن ھېچقانداق سىرلىق ئىش ئەمەس ئىدى.

— مەن بىر سەبىي ئوقۇغۇچى! — دېدى رابىيەم تولىمۇ ئاددىي قىلىپ، بۇ ئاڭلىماققا بەكمۇ ئاددىي جاۋاب، ئەمما، ئۇنى چوڭقۇرلاپ ئاختۇرساق ۋە تەھلىل قىلساق، مەنىسىنىڭ شۇ قەدەر چوڭقۇر ۋە قايىل قىلارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش قىيىن ئەمەس.

شۇنداق، رابىيەمنىڭ بىرىنچى تەدبىرى ئوقۇغۇچى

بولۇش ! ئوقۇغۇچى ، ئوقۇغۇچى ! بۇ سەبىي ، يومران ، پاك بىر ياكى تۇمەنلىگەن باللارنىڭ ، تۇمەنلىگەن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سۈپەتلىگۈچىسى . رابىيەم دەل ئاشۇ تۇمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى . ئۇ راستىتىنلا ئوقۇغۇچى ! ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلگەن قەلبىدە ئوقۇغۇچى روھى ، جىسمىدا ئوقۇغۇچىلىق جۇرئەت بار ، ئۇ مانا مۇشۇنداق تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوقۇشنى ، ئۆگىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى . ئۇ ، ھەمىشە ئوقۇدى ، ئۆگەندى ، تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ چىقىش يولدا ئوقۇشنى ، ئۆگىنىشنى ئۆرلەش شوتىسى قىلدى . ئۇ ، تۈنۈگۈن — ئۆتمۈش ،بۈگۈن — پۇرسەت ، ئەتە — كېلەچەك ، دېگەن ئەقىدە ئوتىدا ، «بۈگۈندە» كېلەچەكتىكى «بۈگۈن» ئۈچۈن يول ئاچتى ، يەنى زاماننىڭ يېڭىلىقى ۋە زامان كۈتكەن ، تەشنا بولغان ئېقىمغا قانداق ماسلىشىش ۋە ئۇنى قانداق كۈتۈۋېلىش ، يېڭىلىققا قانداق يۈزلىنىش ئۈچۈن تىنىم تاپمايدىغان قەيسەر ئوقۇغۇچى بولدى ! ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىكى بايانلارنى سىنجىلاپ ئاختۇرسىڭىز ، ئۆمۈر بويى ئوقۇغۇچى بولغانلىقىنى ، ھەتتا ھازىرمۇ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز . مۇبادا سىز بىرەر جايغا بېرىپ 10 كۈن ئوقۇغۇچى بولۇپ بېقىڭ ، تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئوقۇغۇچى بولۇپ بېقىڭ ! سىز قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز ؟ دەل شۇ چاغدا سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بىر خىل باللىققا قايتىپ قالغاندەك ، ئۆزىڭىز كىچىكلەپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ ، سىز باشقا جەھەتتىن ھەرقانچە چوڭ بولسىڭىزمۇ روھىڭىزنىڭ بىر قېتىم «ئوقۇغۇچى» دېگەن تۇيغۇ بىلەن دولقۇنلىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز ، باللىق ، سەبىيلىك ، گۆدەك چاغلىرىڭىزغا قايتىپ قالغاندەك بولىسىز . مانا بۇ رابىيەمنىمۇ ھازىرقىدەك ساغلاملىق ، سۈلكەت ۋە روخسارغا ئىگە قىلغان مەنىۋى كۈچ ! مۇبادا سىز ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت ، تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە تەپەككۇر پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش

پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولسىڭىز ،ئۇ چاغدا ،ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ شۇ قەدەر كۆپلۈكىنى ، دىپلوم ئېلىش ئۇچۇن ئوقۇمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولاتتىڭىز .

ئۇ ھازىر خىزمەتكە ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېرىم سائەت بالدۇر بارىدۇ ، شۇ پۇرسەتتە ، قول ئاستىدىكى مۇلازىملارغا يېرىم سائەت ، بەزىدە بىر سائەت كەسپىي دەرس ئۆتىدۇ ، ئۇ ھەم ئوقۇتقۇچى ، ھەم ئوقۇغۇچى . ئاندىن كۈن بويى 4 - بۆلۈمدىن ئىبارەت زور قوشۇندىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مەسلىھەت بېرىپ ، يول كۆرسىتىدۇ . نەچچە ئون مۇئامىلىدار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ ، دەرد - ھال ئاڭلايدۇ ، يول كۆرسىتىپ ، ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ، مەدەت - ئىلھام ئاتا قىلىدۇ .

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ،ئۇ ئائىلىسىدە ئۇچ ۋاخ تاماقنى ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئېتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى .ئۇ يەنە ھەر كۈنى باللارنى مەكتەپكە يولغا سالىدۇ ، كىر - قات يۇيىدۇ ، تازىلىق قىلىدۇ ، ھالبۇكى ، ئۇ يىل - يىللاپ قانغۇدەك ئۇخلىمايدۇ ، ئەمما ، قولىدىن كىتاب ، قەلەم ، دەپتەر چۇشمەيدۇ ؛ ئاشۇ جىددىي مىنۇتلار قاتلىمىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىدۇ ، ئوقۇيدۇ ، خاتىرە يازىدۇ ، ئۇ ھازىرغىچە ئۇزمەي ئوقۇپ كېلىۋاتقان مەكتەپلەر ئۇچۇن ھەقىقىي ئۆگەنگۇچى ، ھەقىقىي ئوقۇغۇچى بولۇپ ئىمتىھان بېرىپ ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكىنى ، قانچىلىك بىلىم ئالغانلىقىنى سىناپ كۆردى ۋە ئۇنى شۇ چاغدىكى نەتىجىسى ئارقىلىق ئۆلچىدى . ئۇنىڭ نەزەرىدە دىپلوم ئېلىش ئېپادىسى ، تۆيغۇسى بولمىدى . ھەقىقىي ساپا ھازىرلاش ئۇچۇن ئۆگەندى ، ئىمتىھان بەردى . مانا بۇ ئۇنىڭ دائىم ئوقوغۇچى بولۇش ، قەلبىدە ھەمىشە ئوقوغۇچىلىق تۇيغۇ ھاسىل قىلىشنىڭ مەنبەسى !

رابىيەمنىڭ ئىككىنچى تەدبىرى پائالىيەتچان بولۇش . تۇرغۇن كىشىلەر ئەتىگەندە ئادەمنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمەيدۇ ، دېيىشىدۇ ، ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ ؟ قېنى ،سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ،كوچىنى ئارىلاپ كېلىپ ، بىر دانە تۇخۇم ، ئىسسىق گىردە نان ۋە بىر ئىستاكان چاي ياكى سۈتنى ئالدىڭىزغا قويۇپ بېقىڭ ، ئىشتىيىڭىز ئېچىلامدۇ ـ يوق ! ئىدارە ـ ئورگانلاردا ھەر كۈنى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ، ئاياللار بار ئىشخانىلاردا ھەر خىل ناشتىلىقنىڭ شىرەلەرگە يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى ، چاي قايناپ ، ئىشخانا ـ ئىشخانىلاردا دەملىنىۋاتقانلىقىنى ، ئۇۋۇلىپ تۇرغان ناشتىلىق قالدۇقلىرىنىڭ چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى ھەر ۋاقىت كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ دەل ئاشۇ ئاياللارنىڭ نەقەدەر ھۇرۇنلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەسمۇ ؟ رابىيەم بۇنىڭ ئەكسىچە ،ئۇنى ئاياللار ئۇچۇن ئاھانەت ،ئەدەپسىزلىك ، ھۇرۇنلۇق دەپ قارايدۇ . ھازىر رابىيەم ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ، سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرىدۇ ،ئۆيدىن چىقىپ كوچا ئايلىنىپ يۈگۈرەيدۇ ، تۇرلۇك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ، ئەتىگەنلىك ناشتا تەييارلىقىنى قىلىدۇ ، ئۇ ئېرى ۋە ئۇچ بالىسىنى تويغۇزۇپ ، قۇۋۋەتلىك ناشتا قىلدۇرۇپ ، دەل ۋاقتىدا مەكتەپكە يولغا سالىدۇ . ئۆزى خىزمەتكە چىقىش ئارلىقىدا چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى تەق قىلىپ قويىدۇ ، چۈشتە بالىلار كېلىپ بولغۇچە تاماقنى تەييارلاپ بولىدۇ . كەچتە ، تاماقتىن كېيىن ، بىنادىن پەسكە چۈشۈپ گۈلزارلىقلارنى سەيلە قىلىدۇ ، بالىلىرىنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ، ئۆزى كىتاب ئوقۇيدۇ ، دەرس ئۆگىنىدۇ… مانا بۇلار ئۇنىڭدا بىر خىل ساغلاملىقنى بەرپا قىلغان . ساغلام تەندە ساپ ئەقىل بولىدۇ ، ئاياللارغا نىسبەتەن ، ساغلاملىق گۈزەللىكتىن دېرەك بېرىدۇ ، ئۇ رۇخسار گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم

ئىپادىسى ، ھەرىكەت گۈزەللىكى بولسا ، ئەدەپ ـ ئەخلاق گۈزەللىكىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ ، بۇ ئىككىسى بىرىككەندە ئادەمنىڭ ھەقىقىي سالاپەت ـ سۈپەت گۈزەللىكى بارلىققا كەلگەن بولىدۇ .

رابىيەمنىڭ ئۈچىنچى تەدبىرى پىلان ـ تەدبىرلىك بولۇش . بىزدە «تەدبىرلىك قانداق بولسا ، تەقدىرلىك شۇنداق بولىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار . رابىيەم ھەممە ئىشنى پىلانلىق قىلىدۇ . ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى بايانلاردا كۈندىلىك تۇرمۇشتىن تارتىپ ، تاكى كەلگۈسى ھاياتىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى . شۇڭا نۇرغۇن ئىشلار نەتىجىلىك ، نۇرغۇن ئىشلار يېڭى ھاياتقا دەرھال ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغان ھالغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇلغان . ئۇنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ باقساقلا ، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولىدۇ : 2005 ـ يىلى شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالىمەن ،ئوغلۇمنى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىمەن ؛ 2006 ـ يىلى ئاپتوموبىل سېتىۋالىمەن ؛ 2007 ـ يىلى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ ، سوغۇرتا كەسپىي ئادۋوكاتى بولىمەن . . . بۇلارغا كېتىدىغان چىقىم ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن .ئۇ ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىدۇ ! چۈنكى ئۇ سوغۇرتا شىركىتىدىن چىقىپ كېتىمەن دېسەم ، ھېچكىم توسمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭدەك قاملاشتۇرالىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىرېكتور بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ۋە بۇ ئورۇنغا ئادەم قويۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار يوقمۇ ؟دېمەك ، يىقىلسام يۆلەيدىغان ئادەم يوق . . . بۇ بىر ئاددىي مىسال ، ئەمما بۇگۈنكى كۈندە ، كىم بولسۇن ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك . پەقەت ئالدى بىلەن ئادەم ئۆزىگە تايانغاندىلا ئىشىدا نەتىجە قازىنالايدۇ . رابىيەم ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىگە تاياندى ، بىلىم ئېلىش ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ، جاپالىق

خىزمەت قىلىش ، گۈزەل ، ساپ ئەخلاق ـ پەزىلەت يارىتىش يولىدا هارماي ـ تالماي تەر ئاققۇزۇپ ، ئاشۇ بىر قاتار ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئۆلىنى چىڭىتتى ، يولىنى داغدام ، نەتىجىسىنى مول قىلدى . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە تايىنىشتىكى مۇستەھكەم قورغاننى بەرپا قىلدى . ئۇ ئاشۇ مۇستەھكەم قورغان ئارقىلىق ، تۇرمۇشتىكى چىقىش يولىغا ئېرىشتى ، قەدىر ـ قىممىتىنى ياراتتى ، بۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ، كۆرمىگەن گۈزەل سەيلىگاھلار ، بارمىغان تاغ ـ دالىلار قالمىدى . . .

رابىيەم مۇھەممەت كەلگۈسى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دېدى :

ــ مېنىڭ سۈغۈرتا كەسپىگە چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار . شۇڭا ھەرقانچە جاپا تارتساممۇ ۋايىسىمايمەن ، زارلانمايمەن ، شىركەتمۇ ماڭا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بەردى ، قوللىدى ، تۆھپەمگە ئاساسەن ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق جەھەتلەردە زور ئېتىبار بەردى . مېنىڭ شەرەپ قۇچۇپ ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىم ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بەردى . ھازىر ئايلىق ئىش ھەققىم 5000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن نەتىجە ئالدىدا مەغرۇرلانماي تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيمەن .

نۆۋەتتە ، قەشقەردە سۈغۈرتا بازىرى تېخى تولۇق يېتىلمەيۋاتىدۇ ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب : خەلقىمىز ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئىستىلى ، تەرتىپى ۋە تۇرمۇش ئەندىزىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ، بولۇپمۇ كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە سۈغۈرتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۆزلىشىش نىسبىتى سودا ـ سېتىق قىممەت قارىشىغا قارىغاندا تولىمۇ تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ . نۆۋەتتە ، خەلقىمىزگە ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەت ،دۆلەت خەلقىگە قارايدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ

سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئېڭى شۇ قەدەر يۇقىرى ، مەسىلەن :ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ 2002 ـ يىلىدىكى سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ۋە تۆلىگەن سۇغۇرتا پۇلىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالساقلا ، يۇقىرىدىكى قارىشىمىزنىڭ دەلىلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

سۇغۇرتىغا قاتنىشىش جەھەتتە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دۇنيا بويىچە 28 ـ ئورۇندا بولۇپ ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سۇغۇرتا پۇلى 3765.50 يۇەندىن ، كۇۋەيت 35 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 1113.3 يۇەندىن ، مالايسىيا 36 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 1046.3 يۇەندىن ، ئومان 47 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 521.90 يۇەندىن ، لىۋان 48 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 460.70 يۇەندىن ، لىۋىيە 49 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 419.9 يۇەندىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى 54 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 299.9 يۇەندىن ، تۇنىس 56 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 252.4 يۇەندىن ، تۈركىيە 59 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 216.7 يۇەندىن ، سۇرىيە 62 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 138.5 يۇەندىن ، ئالجىرىيە 66 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 111.3 يۇەندىن ، مىسىر 72 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 51 يۇەندىن ، ئىران 77 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 30.6 يۇەندىن ، پاكىستان 78 ـ ئورۇندا ، كىشى بېشىغا 29.7 يۇەندىن توغرا كېلىدۇ .

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقانداق بىر دۆلەت ، ھەرقانداق بىر مىللەت سۇغۇرتا ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھالەت شەكىللەندى . جوڭگودا سۇغۇرتىغا تاپشۇرۇلغان پۇل كىشى بېشىغا 38.25 يۇەندىن توغرا كېلىپ ، 2002 ـ يىلى دۇنيا بويىچە 75 ـ ئورۇنغا تىزىلدى . . . بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇنداق سەۋىيە يوق ئىدى . مەن ئويلايمەنكى ، يېقىن كەلگۈسىدە قەشقەردىمۇ

كىشىلەرنىڭ سوغۇرتا ئىشلىرىغا قارىتا ئالگ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، مەن 4 - بۆلۈمدىكى كەسپىي خادىملارنى 300 دىن ئاشۇرۇشنى، كەسپىي يېتەكچىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى 30 دىن ئاشۇرۇشنى، ئىش ئورنىغا چىقىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغان خادىملار سانىنى 210 نەپەرگە يەتكۈزۈشنى ئويلاۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇرتا بازىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، هازىرقى شەھەر، ناھىيىلەردىن يېزا - بازار، كەنت، مەھەللىلەرگىچە كېڭەيتىپ، سوغۇرتىغا ئەزا بولۇپ قاتناشقۇچى خېرىدارلار سانىنى هەر يىلى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 10 % ئاشۇرۇشنى، كەسپىي چولپانلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن.

— رابىيەمنىڭ تەسەۋۋۇر - پىلانى بولسىلا، چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى، — چۈنكى رابىيەم قەيسەر ئايال، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىنمۇ يول تاپالايدۇ، ئىش بېجىرگەندە ئەستايىدىل، ئىلغارلارنى، قەھرىمانلارنى، جۈملىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنى ئۈلگە قىلىدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۆزى ۋە باشقىلارنى ئالغا بېسىشقا، كەسىپدە نەتىجە قازىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، يېتەكلەيدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ. جاپاغا چىداش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا بولغان تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقى كەسىپداشلارنىڭ ئۈلگە قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئىسراپچىلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، چىرىكلىككە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ، مەيلى خىزمەتتە بولسۇن ياكى ئائىلىدە بولسۇن ئىناق، كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇشنى، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قىسقىسى، رابىيەم مۇھەممەت خەلق يىغلىسا يىغلايدۇ، كۈلسە تەڭ كۈلىدۇ.





رابىيەم مۇھەممەت-

نىڭ خىزمەت، تۇرمۇش

پائالىيەتلىرىدىن

كۆرۈنۈشلەر












# ئىستىقبال يولى



**ئالىيجانابلىق مۇقامى**

باشقىلارغا جەبىر - جاپا ، زۇلۇم سالمايدىغان كىشىلەر ئالىيجاناب كىشىلەردۇر ، ئۇنداقلار ئەركىنلىككە ۋە ئەمىنلىككە توسالغۇ بولمايدۇ ، پۇتلىكاشاڭلارنى تىرىشىپ تۈگىتىدۇ . ئەتراپىدىكى ھەممە شەيئى بىلەن ئىناقلىقنى ساقلايدۇ ، ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ھەربىر ئادەمنى خۇشال قىلىش ، سۆيۈندۈرۈشتىن ئىبارەت . ئۇلار تارتىنچاقلارغا مۇلايىم ، ناتونۇشلارغا قىزغىن ، نادانلارغا كەڭ قورساق بولىدۇ . ئۇلار باشقىلارغا شاپائەت كۆرسەتسە ، ئۇنى كۆڭلىدە ساقلىۋالمايدۇ ، باشقىلارنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولسا ، مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ ، ئامالسىزلىقتىن بولمىسىلا ، ئۆزىنى پەقەت تىلغا ئالمايدۇ . كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىقنى دەپ ئۆزىنى ئاقلاپ كەتمەيدۇ . ھەممە ئادەمنىڭ ئالىيجاناب بولۇپ يېتىلىشى ناتايىن ، ئەمما ، سىز ئۆزىڭىزنى سىناپ بېقىڭ . ھەرقانداق پىتنە - پاسات ، بۆھتان - بەتناملارغا ئىشەنمەڭ ، زىددىيەتلىك مەسىلىلەردە خۇسۇسىي غەرەزىڭىزنى ئارىلاشتۇرۇۋالماڭ ، زەھەرخەندە گەپ - سۆزلەرنى قىلماڭ . ھازىرقى رەقىبنى كېيىنكى دوستقا ئايلاندۇرۇشنى بىلىڭ ، ھەممىسىنى ئەتراپلىق ئويلىنىڭ ، سەمىمىي - قىزغىن بولۇڭ ، سەۋرچان ۋە يېڭىشچان بولۇڭ ، ۋاز كېچىشنى بىلىڭ . ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان ئازاب - ئوقۇبەتتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ ، نىزا - غەۋغاغا ئارىلىشىپ قالسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن خاتا يولغا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ .

**قىبلىنەما (3)**

# 1

ھايات ئېقىن سۇغا، تۇرمۇش بەئەينى ئەينەككە ئوخشايدۇ. ھاياتنى قەدىرلەشنى بىلگەندىلا، تۇرمۇشقا يول ئاچقىلى، ھاياتقا توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. شۇ چاغدا، تۇرمۇش ئەينىكى سىزنىڭ خۇش چىرايىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھاياتنىڭ ئېقىن سۈيى سىزنىڭ ئۆمۈر بوستانىڭىزنى ئېقىتىپ كېتىدۇ ـ دە، سولغۇنلۇقىڭىز، يىغا ـ زارىڭىزنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ھايات بىلەن تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرگە تەقدىم قىلىدىغان شاپائىتى بىلەن پاراغىتى، جاپاسى بىلەن دەھشىتى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزى تەقدىم قىلغان نەرسىلەرنىڭ نەتىجىسى، يەكۈنى ھەم پاساھىتى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، مانا بۇ ھال كىشىنى «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ»دېگەن يەكۈنگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەنە قاراڭ، سىز تونۇشماقچى بولغان ئابدۇغوپۇر قادىرمۇ ھاياتلىق سەپىرىدە ئاشۇ بىر قاتار ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ھاياتىنى قەدىرلىدى، ئۆمۈرىنى بوش ئۆتكۈزمەي، كىشىلىك تۇرمۇش بوستانىنى ياشناتتى ۋە جەمئىيەتكە خۇش چىراي باقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھايات يولىنى، ئىستىقبال يولىنى ئۆزى ئاچتى.

## 2

ئابدۇغوپۇر قادىرمۇ شۇنداق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەن : ئەينى چاغلاردا ئۇ ئانا يۇرتى يوپۇرغا ناھىيىسىدىن يىراق بولغان تاغلىق رايونغا — قاغىلىق ناھىيىسىگە بېرىپ قېلىشىنى خىيال قىلمىغان ، ئۇ شۇ چاغدا تولىمۇ ئىككىلەنگەن ، ھەتتا ئۇنى سۇر باسقاندى ، نېمىلەردۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلغان . «ھازىرغۇ بۇ كۇنلەر ئۆتۈپ كېتەر ، چۇنكى مەن ياش ، ھەرقانداق ئىش ئېغىر كەلمەيدۇ ، مۇشۇ جەرياندا تاۋلىنىمەن ، چىداملىق ، بەردەم ، قابىل ، يارامىلىق ئادەم بولىمەن . ئەمما ، توي قىلىپ قالسام ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولسام ، ئاندىن بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالسام قانداق بولىدۇ ؟ بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر ، قېرىغاندا قانداق قىلىمەن ؟ . . . ياق - ياق ، گەپ بەك يىراقلاپ كەتسە بولمايدۇ . يىقىن كۇنلەرگە نەزەر سېلىپ باقاي : توي قىلىدىغان چاغدا ، بالا يۈزى كۆرىدىغان چاغدا ، بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر ؟ ! ئاتا - ئانامنى تاشلاپ قويسام بولمايدۇ ، ئۇلارنى بېقىشىم ، ئۇلارغا ھەمدەم بولۇشۇم ، شۇنچە يىل جاپا تارتىپ ئوقۇتقان جاپاسىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىشىم كېرەك» ··· دەپ ئويلىغاندى ئۇ .

بۇ ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى خىيالى ئىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى ، ئۇنىڭ دىلى يەنىلا يوپۇرغىنى تارتاتتى . يوپۇرغا نامرات جاي بولسىمۇ ، مېھرى ئىللىق ، ئادەملىرى كۆيۈملۈك ، مېھرىبان ، كەڭ قورساق ، كۆڭلى ياخشى ، مېھماندوست ، باغرى يۇمشاق ··· ئېتىز - قىرلارغا ئەتىيازدا يەر ئاستىدىن ئۆرلەپ چىقىدىغان زەي سۇ ھەممىلا يەرنى پاتقاق قىلىۋېتىدۇ . تومۇزدىن كېيىن پىشقان قوغۇنلىرى تىلنى يارىدۇ ، مېۋىلىرى ھەمىشە ئاغزىڭغا تاتلىق سۇ يىغىدۇ . ئاشۇ شورلۇق ، قۇملۇقلاردىكى ئوت - چۆپلەرنى يەپ چوڭ بولغان قوي - قوزىلار ، ئۆچكە - ئوغلاق ، تايچاق -

موزايلارنىڭ گۆشىدە پىشۇرۇلغان كاۋاپلار ، تۇرلۇك ـ تۇمەن تائاملار سىېنىڭ جىسمىڭغا ئاتەش ، كۇچ ـ جاسارەت ، روھىڭغا جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىدۇ . . .

ئۇنىڭ بارلىق ھىسسىياتى ۋە قەلبى ئاشۇ شورلۇق تۇپراققا ، كىندىك قېنى تۆكۇلگەن ئانا يەرگە باغلىنىپ قالغانىدى . ئاشۇ يەردىن ئايرىلغاندا ئۇ بۇنى تولىمۇ چوڭقۇر تونۇدى ، بۇ ئىشنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى ، چۇنكى ئاشۇ يۇرت دائىرىسىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي ، تارىخىي ئۇزاق ، داڭقى مەشھۇر ئىدى . 1960 ـ يىللاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىن نۇرغۇن خەنزۇلار بۇ يەرنىڭ ئىسمىغا قاراپ كۆچۇپ كەلگەن ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇچە يوپۇغۇدىكى «خۇ» غا قاراپ ، كۆل بار جايكەن ، ئۇ يەردە بېلىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا ، باي بولغىلى ، باياشات تۇرمۇش كەچۇرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغان ، ئۇلار بىزنىڭ تىلىمىزدىكى تاتلىق نەرسە بار جاينى ئاچچىق ، ئاچچىق نەرسە بار جاينى تاتلىق سۆپىتى بىلەن ئاتاشتەك ئادىتىمىزنى بىلمىگەن ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، بەزىلىرى پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ، يەنە نۇرغۇنلىرى بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست خەلقنىڭ مېھرىدىن تەسىرلىنىپ تۇرۇپ قالغان . . .

راستىنى دېسەك ، بۇ يۇرتتا شۇنداق تەسىرلىك ئىشلار ، خىسلەتلىك ۋەقەلەر بەك كۆپ . ئابدۇغوپۇرنىڭ گۆدەك قەلبى ئاشۇ خىل پەزىلەتلەر ھەققىدىكى تەرىپلەرگە چۆمۇلگەندىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، مەكتەپتە بەرگەن ۋەدىسىنى ، پارتىيىگە بەرگەن قەسەملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ شۇك بولۇپ قالاتتى ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا تۇپراق بەرگەن جاسارەتمۇ ۋە سىياسەت بەرگەن ئىلھاممۇ بار ئىدى . ئۇ ئىلھام دەل كەڭ ياشلار ، زىيالىيلارنىڭ تاغ ـ داللارغا بېرىپ ، كەڭ يېزا ـ

قىشلاق ، چېگرا رايونلاردا يىلتىز تارتىپ ، نى - نى ئىشلارنى قىلىش ، دېھقانلار ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىش ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت شوئارنى ئۆرنەك قىلىپ ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ ، پارتىيە بايرىقىغا شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئىدى .

بۇ رىغبەت ۋە يېتەكچى ئىدىيە ئۇنى دائىم باشقا خىياللاردىن ، ھېسسىيات ۋە مەيۈسلۈكتىن يىراقلاشتۇراتتى . كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ كۆپرەك ئويلىغان ئىش ئاتا - ئانىسىنىڭ يالغۇز قېلىشى ، ئۆزىنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش يولىدىكى قىيىنچىلىقى قاتارلىقلار بولدى .

بىراق ، كۈنلەر ، ئايلار ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى ، ئېتىز - ئېرىقنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ، دېھقانلارنىڭ قىيىن ، نامرات تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يولىدىكى بىر قاتار ئىزدىنىش ، كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىق ئوتىدىكى قىزغىنلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ، ئويلارنى بېسىپ كەتتى ، خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقى ، بىر ئىشنىڭ كەينىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن يەنە بىر ئىشنىڭ سىجىللىقى ئۇنى ھاردۇردى ، باشقا ئويلاردىن يىراق قىلدى . ئۇ بارا - بارا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتى . قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ، ساپ ، گۈزەل مەنزىرىسى ۋە ئۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن زۇمرەتتەك سۇلار ئۇنىڭ ياشلىق يالقۇنلىرىنى ئۇلغايتتى ، ئۇنى ئۆزىگە بارا - بارا رام قىلىۋالدى ، بېقىندۇرۇۋالدى ، نامرات ، بېكىنمە ۋە تولىمۇ كۈچلۈك ئىپتىدائىي ئەنئەنىچىلىككە چوقۇنۇپ ھايات كەچۈرىدىغان كىشىلەر مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ قارىمايدىغان ، يات كۆرمەيدىغان ، بەلكى ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەيدىغان ، مۇڭدىشىپ ھال - مۇڭ بولىدىغان بولدى ... ئۇ بۇ كىشىلەرگە تارىخىي ، ئۆتمۈشى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى ...

## 3

ئابدۇغوپۇر قادىر 1965 ـ يىلى يازدا دۆلەت بىر تۇتاش ئالغان ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغانىدى . ئۇ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئۈچ يىل ئوقۇدى ، ئوقۇغاندىمۇ راسا بېرىلىپ ئوقۇدى ، ئوقۇش جەريانىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ، تىل ئۆتكىلى قىيىنچىلىقىنى بىر ـ بىرلەپ يەڭدى ۋە مول نەزەرىيە بىلىمى توپلىدى . 1968 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇ تەقسىمات بويىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك «كوئېنلۇن» دېھقانچىلىق مەيدانىغا باردى . بۇ يەردە ئاشۇ يىللاردا سوتسىيالىستىك ئەمگەك قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . شوئارۋازلىقنى ، ساختا ئاكتىپلىقنى ھەممە ئىشنىڭ ئالدىغا قويىدىغان ئەمگەك مۇسابىقىسى قايىنىمىدا ، ئۇ ئىدىيە ، كەسپىي ساپا ۋە ئەمەلىيەت بىلىمى جەھەتتىن قايتا تەربىيە ئالدى . مەكتەپتىكى قىزغىنلىق ۋە يۈكسەك غايە ، ئىستەك بۇ يەردە ھەرقانداق قىلىپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى . تەقسىماتقا شەرتسىز بويسۇنۇش ، جان ـ پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشتىن باشقىسى ئاقمايتتى . نېمىلا بولسۇن ، قايتا تەربىيە ئېلىش ۋاقتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى . . . ئۇ تېخى بىرەر ئىشنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلىپ بولالمىغان ، بىرەر كەسپنىڭ پېشىنى تۇتمىغان ۋاقىت ئىدى .

1969 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ باشقا جايغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراق چوپان يېزىسىغا قەدەم باستى . ئۇنى بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان مەلۇم قىسىمنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى قىزغىن قارشى ئالدى . بىراق ئۇ قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى بۇ جايدا

يالغۇزلۇق ، يېتىمسىراش ھېس قىلدى . ئۇ ، تەكلىماكان باغرىدا ، تۇزلەڭ بوستانلىقتا چوڭ بولغان ، ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئاشۇ تۇپراقنىڭ سىيماسى ، ئەندىزىسى ، مۇھەببىتى بار ئىدى .

ئۇ ، تاغلارنى كۆرگەن ، تاغ ـ داۋانلارنى ئاپتوموبىل ـ پويىزلاردا كەزگەن ، ئەمما ، بۇگۈنكىدەك تاغ ئارىسىدا ماكانلىشىپ قېلىشنى خىيال قىلمىغانىدى . پارتىيىنىڭ يېزا ـ قىشلاق ، جاپالىق تاغ ـ دەريالار قويىنىغا بېرىپ ، نى ـ نى ئىشلارنى قىلىشتەك رىغبەت ـ ئىلھامى دەل مۇشۇنداق جايدىمىدۇ ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلىغاندا باشقا ھەرقانداق ئىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى . ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، ھېسسىياتىنى بىر ـ بىرلەپ تىزگىنلەپ ، بارا ـ بارا تىنچىپ قالدى . بۇ يەرمۇ ناچار جاي ئەمەس ئىدى : پەقەت ئۇ تاغلىق تۇپراق ، ئەمما ، يېشىللىق ، چىمەنزارلار كۆپ ، ئادەملىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان . كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يېرى شۇكى ، كىشىلەر مېھرىبان ، راستچىل ، كەڭ قورساق ، چىقىشقاق ئىدى . بۇ يەردىكى چارۋىچىلاردا تارقاق ئىگىلىك كۆزقارىشى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولۇپ ، كونا ئەنئەنە ، كونا ئىدىيىنىڭ ئاسارىتى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى ، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن ئۇلاردا ئىدىيە بىرلىكى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى . بولۇپمۇ ، ئۇ قايتا تەربىيە ئالغان ھېلىقى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىدەك سوتسىيالىستىك ئەمگەك قىزغىنلىقى يوق دېيەرلىك ئىدى .بۇ يەردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھەرقانچە كۈچىسىمۇ ، باشقا جايلاردا قوزغالغاندەك ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنىنى قوزغىيالمايتتى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت قارىشى ۋە سىياسەت قارىشىنى ئاجىز دېگىلى بولمايتتى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەتسىز ھاياتىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ، ھاكىمىيەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇلاردىمۇ

شۇ دەۋرگە خاس قىزغىنلىق يوق دېگىلى بولمايتتى.

نۇرغۇن دېھقانلار بىر قارىسا ،شۇنداق ياۋايى، بىر قارىسا شۇنداق بىچارە، مۇلايىم كۆرۈنەتتى .ئابدۇغوپۇر دەل ئاشۇ كىشىلەرگە تىلماچلىق قىلاتتى، يەرلىكتىكى ئاشۇ خەلقنىڭ ئارمىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۇتاشتۇراتتى، باغلايتتى ۋە ياخشىلايتتى. ئاشۇ چاغدا، نۇرغۇن ئىش ئارمىيىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى بىلەن يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئاشۇ دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇچۇن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا ۋە قىلىپ بېرىشكە تەرەددۇت قىلاتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ تىرىشىپ ئىشلىدى، گازارمىلارنى، ئېتىز ـ قىرلارنى، تاغ ـ داللارنى كەزدى. دېھقان ـ چارۋىچىلارمۇ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇنى كۆڭۈل باغلىرىدىكى يېقىن ئادىمى دەپ قارىدى. بۇ يەردىكى دوستلۇق، كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئۇنى باشقىچە ئادەم قىلىپ تەربىيىلىدى. ئۇ ئالغا باستى، ئاز بولمىغان تەسىرلىك ئىشلارنى قىلدى، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى...

ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ئۇستىخىنى ئاشۇ يۇرتقا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئۇنى بۇ كومىتېتنىڭ تەرجىمانى قىلىپ يۆتكىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قاباھەتلىك يىللىرى بولغان 1971 ـ يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىغا تەرجىمان دېگەن نام بىلەن يۆتكەلدى .ئۇنىڭ خىزمىتى زىيادە بېسىق، ۋاقتى زىيادە قىس بولۇپ كەتتى، ئۇ، ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ يېزىق تەرجىمانلىقى قىلاتتى، نەچچە سائەتلەپ رەھبەرلەر بىلەن ئاساسىي قاتلام ئامما ئارىسىغا بېرىپ ئېغىزچە تەرجىمانلىق قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكومدا 14 يىل تەرجىمانلىق قىلدى. بۇ يەردىكى ھاياتىدا قىلغان

تەرجىمە خەت سانى 15 مىليون 600 مىڭ خەتكە يەتتى .
ئەينى يىللاردا ، قاغىلىق ناھىيىسىدىلا ئەمەس ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەرجىمان كەمچىل ئىدى . ئاساسي قاتلاملارغا چۈشۈپ رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇ كادىرلارنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تېز كۆپىيىشى ، مىللىي كادىرلارنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى بىلمەسلىكى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسى ئىدى ، بۇ ھال تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ھەر كۈنى يېڭىدىن يېڭى مەسىلىلەرنى ، ئېغىر بىسىملارنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى . ئابدۇغوپۇر مۇشۇنداق ھايات قاينىمىدا كۆپ ھاللاردا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ، ھۆكۈمەتنىڭ ، ھاكىمىنىڭ بىرىنچى قول تەرجىمانلىقىنى ئىشلەپ ، ئۇلارنىڭ ئالاقە ئىشلىرى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تەرتىپلىك ، ساغلام ئېلىپ بېرىپ ، ئامما بىلەن ئۇلار ئارىسىدا تىل ـ يېزىق كۆۋرۈكىنى بەرپا قىلدى . ئۇ كۆپ ھاللاردا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلەيتتى ، ئۇنىڭ ئارام ئېلىش كۈنلىرىمۇ يوق ئىدى ، خىزمەت قىزغىنلىقى ئۇنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ، خىزمەت ئېھتىياجى پەيدا قىلغان بارلىق ئېغىرچىلىق ۋە بېسىملارنى يېڭىپ ،رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ۋە كەڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى . ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى ھارغىن ھاياتىنى ئەسلىگەندە ، كەلگۈسىدە تەرجىمانلارنىڭ كۆپىيىشىنى ، ھەتتا ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تەرجىمانسىز ھالدا ئىشلەيدىغان ھالىتىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىنى ، ئۇ چاغدا خەنزۇ تىلى بىلمەي تۇرۇپ خىزمەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئۇزاققا بارماي ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى خىيال قىلغانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ .مانا بۈگۈن نەزەر سالىدىغان بولساق ، پۈتكۈل جەمئىيەت قوينى ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولدى . ئۇ نەچچە يىللىق

تەرجىمانلىق ھاياتىدا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىللىق تەرجىمانلارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، 40 دىن ئارتۇق تەرجىمان يېتىشتۈردى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تەرەققىيات، پىلان ئىستراتېگىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 5 مىليون خەتلىك «قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پىلان لايىھىسى»ناملىق كىتابنى بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە كىتاب قىلىپ تۈزۈپ، مىللىي كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىش قوللانمىسىغا ئايلاندۇردى. ئۇ يەنە، «ئېغىز تەرجىمانلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ھەققىدە» قاتارلىق ئىلمىي نەزىرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ، شىنجاڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرۇپ ،جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي قازاندى. بۇ نەتىجىلىرى ئاساسىدا 1983 - يىلى «مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانى» ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى ئالدى.

4

«كىم بېشىڭنى سىلىسا، شۇ پەرىشتەڭ، نەدە كۆڭلۈڭ ياخشى ئۆتسە، شۇ سېنىڭ يۇرتۇڭ» دېگەندەك، ئۇ قاغىلىقتىن ئىبارەت قاراقۇرۇم باغرىدىكى بىپايان زېمىندا يىلتىز تارتىپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىقى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئاشۇ زېمىنغا باغلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ كىملەرگىدۇر يۆتكىلىش، قايتىپ كېتىش ھەققىدىكى تەلىپىنى دېمىدى. ئۇ، سۈيى زۇمرەتتەك، مۇھىتى ساپ، تۇپرىقى مۇنبەت، ئادەملىرى چېۋەر، كەڭ قورساق، مېھماندوست بۇ زېمىنغا كۆنۈپ قالغان ۋە سېغىنىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ بۇ يەردىكى جاپاكەش، مېھنەتكەش خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىشى، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ،ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلىشى كېرەك ئىدى .بۇ ئۇنىڭ

نىيىتى ، ئارزۇسى ۋە ئاخىرقى پىلانىغا ئايلانغان چاغدا ، ئۇنىڭ ئورنى يەنە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلدى . بۇ 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى ئىش ئىدى . ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى . 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى . ئۇنىڭغا يەنە ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ مالىيە ، خوجىلىق ئىشلىرى يۈكلەندى . ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردا ئېپى بار ئىدى ، شۇنچە يىل داۋامىدا ئۇنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى كۆرگەنلىرى ، بىلگەنلىرى ۋە قىلغان ، قىلىپ باققانلىرى شۇنداق كۆپ بولۇپ كەتكەنىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭغا قايسى ئىشنى قىلسا «ئۆگەي» تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالغان ، ئۇنىڭ جىسمىغا بىر خىل ئىقتىدار يوشۇرۇنغانىدى . ئۇ ئۆزىدىكى پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ ، خىزمەتلەرنى شۇ قەدەر جانلىق ، كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق داۋاملاشتۇردى . ئۇ بۇ يەردىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ، چۈشىنىش ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ، قوللاش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى نامايەندە بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى . ھېيت ـ بايراملاردا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ، دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇلارغا بايراملىق بۇيۇملارنى ، سوۋغىلارنى تەييارلاپ تارقىتىپ بېرىپ ،ئۇلارنىڭ پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىنى ، خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى .

كۈن ، ئاي ، يىللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتتى ، ئابدۇغوپۇر قادىر ئۇچۇن بۇ يىللار شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنەتتى ، يېشى چوڭىيىشقا باشلىغاندا ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن يىللار يادنامىلىرىدىن ئىزلىرىنى ۋە ماڭغان يوللىرىنى ئىزدەپ باقتى .

ئۇ ، نۇرغۇن يوللارنى ماڭغان ،نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان ، يەنە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى ، نەتىجىلەرنى ، ئۇتۇق ، شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . مانا مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ خىزمىتى نەچچە قېتىم ئۆزگەردى ، ئورنى ئالمىشىپ ، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى ، ئەمما ، ئۇنىڭدىكى ئېتىقاد ، ئىشەنچ ۋە يۈكسەك جاسارەت ئۆزگەرمىدى ، ئۇ سۈلكەت ۋە جازا پەيدا قىلمىدى . ئۇ نەگىلا بارسۇن ، خىزمەتنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ قىلدى ، شۇڭا ئۇ پارتىيىنىڭ ، ھۆكۈمەتنىڭ ، خەلقنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈندى . مەيلى ناھىيىلىك مىللىي دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدە ، بىرلىك سەپ ، تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىسۇن ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىسۇن ، ھەممىسىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشقا ، رېئاللىقنى تەتبىقلاشقا ماھىر بولدى ، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتىن يالتايمىدى .

ئابدۇغوپۇر قادىر 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلىغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى . ئۇ بۇ مەزگىلدە ، ناھىيىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى ، ئارمىيە ـ خەلق مۇناسىۋىتى ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ، جاپاسى كۆپ ،نەتىجىسى تېز كۆرۈلمەيدىغان بۇ بىر قاتار خىزمەت داۋامىدا ، ئۇ يەنىلا ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ، ھەرقايسى ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ ، ئورۇن ـ تارماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ،زور نەتىجە ۋە ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى .

ئابدۇغوپۇر قادىر يەرلىك بىلەن ئارمىيىنىڭ ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ گۆش بىلەن قاندەك مۇناسىۋىتىنى قوغداش ، مۇستەھكەملەش خىزمىتى داۋامىدا ، كۆپ قېتىم قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە چېگرا

مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىغا بېرىپ ، كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن هال سورىدى ، كۆڭۈل ئېچىش ، سۆهبەت ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى . قاغىلىق ناهىيىسى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىغا بارىدىغان مۇهىم قاتناش تۈگۈنى بولۇش بىلەن بىر چاغدا ، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن ، قاتنىشى قۇلايسىز رايون بولۇپ ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى . هەرقايسى قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ ئورگانلىرى ۋە باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلىرى ناهىيە ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇلار يەرلىكنىڭ هەر تەرەپلىمە قوللىشىغا ئېهتىياجلىق ئىدى .ئابدۇغوپۇر قادىر بۇ خىزمەت داۋامىدا ، يەرلىكتىكى هەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلارنى ئۇلار بىلەن دوستلۇق ، هەمكارلىق ئورنىتىشقا پائال تەشكىللىدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ ، ئىككىنى هىمايە قىلىشنىڭ جەڭگىۋارلىق مارشىنى ياڭرىتىشقا ئۇل سالدى . هەر يىلى بىرنەچچە قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ ، 300 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ ، دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىردىن ئېگىز جايدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى باغرىدا چېگرا قوغداۋاتقان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى يوقلىدى ، هال سوراش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ، يەرلىك هەر دەرىجىلىك پارتىيە ، هۆكۈمەتلەرنىڭ كۆيۈنۈشىنى ئىزهار قىلدى . ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر سەككىز قېتىم مۇشۇنداق جاپالىق مۇساپە ،ئەهمىيەتلىك پائالىيەتنى بېشىدىن كەچۈردى ، هەتتا كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش ، ئەڭ قىيىن ، خەتەرلىك جايلارغا بېرىش ئىستىكى بىلەن تۆگە ، قوتاز ، ئېشەك مىنىپ ، تاغ ـ داۋانلاردىن پىيادە مېڭىپ پۇتلىرى قاپىرىپ كەتتى . . . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ، يەرلىكتە ئارمىيە ـ خەلق دوستلۇق ، ئىتتىپاقلىق مەزمۇن قىلىنغان سۆهبەت ۋە هال سوراش پائالىيىتىدىن 70 قېتىم ئېلىپ باردى ، پائالىيەتكە 20 مىڭدىن ئارتۇق هەر مىللەت

خەلقى ۋە ئازادلىق ئارمىيە كاماندىر ـ جەڭچىسى قاتناشتى .
2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن ئالماشتۇرۇلغان ئىككى نەپەر كادىرنى يەرلىككە ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى . ئەمما بۇ ئىش بەك قىيىنغا توختىدى . ئابدۇغوپۇر قادىر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ناھىيە ۋە قىسىم رەھبەرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ چىقىش يولى ئىزدىدى ، كېيىن ئۇلارنى ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، قىسىمنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى . ھەر يىلى «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىلىدە ، ئارمىيە بىلەن خەلق ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقى مەزمۇن قىلىنغان سىنئالغۇ فىلىملىرى ۋە تەشۋىقات فىلىملىرىنى ئىشلەپ جەمئىيەتكە تارقاتتى . 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇ ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىر فىلىم ئىشلەپ ، ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىپ ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى .
ئۇنىڭ بىرقانچە يىللىق جاپاسىنىڭ نەتىجىسى ئاخىرى چىقتى ، 2001 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىگە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى .ئۇ يەنە مۇقىملىق ،مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمەتلىرىدىمۇ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى . بۇ جەرياندا ھەرقايسى جايلاردا زور بىر تۈركۈم نەمۇنىچى شەخسلەر بارلىققا كەلدى . 1998 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە» ، 2001 ـ يىلى ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەتلىك ناھىيە» بولۇپ باھالاندى . بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ، مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇندىن بىرسى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇندىن تۆتى ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇندىن 15 ى ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇندىن 57 سى بارلىققا كەلدى .

ئابدۇغوپۇر قادىرنىڭ جاپالىق خىزمەت ھاياتى ۋە خىزمەت تارىخىنىڭ كۆپ قىسمى بىرلىك سەپ، مىللەت، دىن ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن ئۆتتى.

1995 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ئابدۇغوپۇر قادىر ناھايىتى كەسكىن ۋە مۇرەككەپ سىناقنىڭ ئەمدىلەتىن باشلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ چاغ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر تازا ئەۋج ئالغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرسىمۇ، قاراپ تۇرسىمۇ بولمايتتى، ئۇ تەرەپكە قارىسا خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى، بۇ تەرەپكە قارىسا، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ، قول ئاستىدىكى خادىملارنى پائال قوزغاش بىلەن بىر چاغدا، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ، پائال تۇردە تەشۋىقات، ئالدىنى ئېلىش، تەكشىنى ئېنىقلاش، تەدبىر قوللىنىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى 25 يېزا (بازار)، مەيدان، 100 دىن ئارتۇق ئىدارە - ئورگان، 500 دىن ئارتۇق مەھەللىگە بېرىپ، 70 مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيىنى 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاڭلىدى، ئۇ ئۇلارغا نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈردى. بولۇپمۇ، مەركەزنىڭ «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش» توغرىسىدىكى [1996] 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە بۇ ھۆججەتنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان

ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى يەنىمۇ قوغداش توغرىسىدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ [1996] 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى . ئۇ بۇ جەرياندا يولۇققان مەسىلە ، ئىگىلىگەن تەجرىبە ـ ساۋاق ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ 19 تۈرلۈك ئىپادىسىنى ئۆزى قول سېلىپ تۈزۈپ چىقتى . بۇ ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ئىش بولۇپ ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى جايلار ئۇنىڭ يەكۈنىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ، ۋىلايەت بويىچە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ 30 تۈرلۈك ئىپادىسىنى تۈزۈپ چىقتى . بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ 23 تۈرلۈك ئىپادىسى » نىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى يارىتىپ بەردى . بۇنداق بولۇشتا مۇنداق بىرقانچە ئارقا كۆرۈنۈش بار : بىرىنچى ، 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە خەنزۇلارنى بۇلاش ، سەككىز كىشىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى ؛ ئىككىنچى ، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قاغىلىق جامەسىنىڭ ئىمامى ئابلىز داموللامىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى ؛ ئۈچىنچى ، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىر تۈركۈم تېررورچى — زوراۋان ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ ، قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىكى سەككىز ئورۇندا پارتلىتىش دېلوسى سادىر قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە كۆكيار نېفىتلىكى ، پوسكام نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا خام نېفىت ۋە گاز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبىنى پارتلىتىپ ، دۆلەتكە 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق زىيان سالدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ، بىر قىسىم تېررورچى كۈچلەر جاڭگىلىئەسكى يېزىسىدا قاتىللىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ ، يەتتە نەپەر كادىر ۋە ئاممىنى ئۆلتۈرۈپ ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى . بۇ

بىر قاتار ئىشلاردا ۋەزىيەت كەسكىن ، جەمئىيەت كەيپىياتى تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى ، ئابدۇغوپۇر قادىر ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ئىشلىدى ، يېزا - ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇردى . دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ، تەرتىپكە سېلىش ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق ، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملار ۋە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىمام ، مەزىن ، خاتىپ ، ھاجى قاتارلىق كىشىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى جانلاندۇردى .

خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا ، ئابدۇغوپۇر قادىر يەنە تەتقىق قىلىش ، تەتبىقلاش ۋە يەكۈنلەشكىمۇ سەل قارىمىدى . 100 نەچچە بەتلىك لېكسىيە ماتېرىيالى ۋە دەرسلىك تەييارلىدى . «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ تەشكىلات خىزمىتى» ژۇرنىلى ، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئۆزى يازغان «رەھبىرىي كادىرلار سىياسىنى تەكىتلەشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك» ، «قانداق قىلغاندا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئۈنۈملۈك چەكلىگىلى بولىدۇ؟» ، «ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشى لازىم» ، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش ، ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ، مىللەتلەر ، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىشلەيلى» قاتارلىق 37 پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلدۇردى .

ئۇ يەنە ناھىيە بويىچە پاش قىلىنغان 124 يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 1476 نەپەر قىز - ئوغۇلنى ئىللىق

مەكتەپ قويىنغا قايتۇردى . 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئابدۇغوپۇر قادىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ يۆتكەلدى . شۇ يىلى 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا نۇقتىدا تۇرۇپ ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ، مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ، دەل ئاشۇ يىللاردا قانۇنسىز دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ، تېررورلۇق قىلىش قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغانىدى . ئۇ بۇ يەردە سېرىقبۇيا بازىرىغا يېقىن بولغان ئاۋات ، ئاقساقمارال قاتارلىق ئالتە يېزا ـ بازارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە 420 دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام كادىرى ۋە دېھقان ئاممىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى . مۇشۇ ئاساستا توپلىغان ماتېرىيالغا ئاساسەن ، «سېرىقبۇيا بازىرىدا دىنىي باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى» ناملىق 10 مىڭ خەتتىن ئارتۇق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ ، ۋىلايەت رەھبەرلىكىگە سۇندى . دوكلات ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى . ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى دوكلاتقا «بۇ ماتېرىيالدا ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر ئېغىر ، بۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر كىشىنى ئويغا سالىدۇ . بۇنىڭدىن ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ ،مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ تۈزىتىش كېرەك . . .» دەپ تەستىق سالدى ، بۇ دوكلات ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر )لەر ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرگە تارقىتىلدى .



دىن خىزمىتى قەشقەردىكى ئەڭ نازۇك خىزمەت ، ئۇ كۆپ

قىرلىق مۇرەككەپ ، كەسكىن ھەم چوڭقۇر زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنى .ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىدە 9981 مەسچىت ، دىنىي زاتتىن 11 مىڭ 93 كىشى ، 9002 ھاجى بار . بۇ خىزمەتنى ئىشلەش ھەقىقەتەن تەس ئىدى .

ئابدۇغوپۇر قادىر نوقتىنى تۇتۇپ ، ئومۇمىي دائىرىنى ياخشى يېتەكلەش ، نازارەت قىلىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۇرۇش ، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق پەرقنى تېپىش قاتارلىق بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ ، دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى . ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ، دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ،ئاساسىي قاتلاملارغا پات - پات بېرىپ ، دىنىي خىزمەتلەرنى ، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى قىيىن نۇقتا ، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ئالدىنى ئالدى .

2001 - يىلدىن 2004 - يىلى 8 - ئايغا قەدەر ، ۋىلايەت بويىچە 53 قارار كۇرس ئېچىپ ، دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق خادىملارنى ۋە دىنىي زاتلارنى بىر نۆۋەت تەربىيىلەپ ، ئۇلارنىڭ ، مىللەت ، دىن قارىشىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى . ئۇ يەنە دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى ، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش - باشقۇرۇش چارىسى» ، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپلارنى

تەربىيىلەشنى يولغا قويۇش چارىسى» ، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەپسىر قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى»قاتارلىق بەش تۈرلۈك بەلگىلىمىنى تۈزۈپ يولغا قويىدى . ئابدۇغوپۇر قادىر يەنە دىنىي خىزمەت داۋامىدا ،دۆلەتنىڭ تەرەققىيات مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ، تارقىتىش ئارقىلىق ، دىنىي زاتلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى . قاغىلىق ناھىيە تېتىر ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 12 ناھىيە ، شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 60 دىن ئارتۇق ئورۇنغا ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن 10 مىليون يۈەن ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى . بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت - مائارىپ ، سەھىيە ، تەنتەربىيە ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ، يول قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ، تەرەققىي قىلىشى ئىشقا ئاشتى .

2003 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى يەر تەۋرەشتە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا زور بىر قىسىم مەسچىتلەر ئۆرۈلدى ۋە خەتەرلىك بولۇپ قالدى . ئابدۇغوپۇر قادىر نەق مەيدانغا دەل ۋاقتىدا بېرىپ ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ۋەيران بولغان مەسچىتلەرنى ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يېڭىچە ئۇسۇلدا قايتا قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . كۆلىمى زور بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى . ئىلگىرى - ئاخىرى نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، چوڭقۇرچاق يېزىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، پەيزاۋات ، مەكىت ، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ۋەيران بولغان مەسچىتلەرنى يېڭىلاپ سېلىشقا ئاساس سالدى ۋە بۇ قۇرۇلۇشلارنى ئارقا - ئارقىدىن پۈتتۈرۈپ ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى . 2002 - يىلى ۋە 2004 - يىلى ئىككى

نۆۋەت ئۆمەك باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ 495 نەپەر كىشىنى تەشكىللىك ھەج قىلدۇردى . ئابدۇغوپۇر قادىر 1987 ـ يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» ، 1994 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە قاغىلىق ناھىيىسى بويىچە «مۇنەۋۋەر بۆلۈم باشلىقى» ، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «100 نەپەر مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش باشلامچىسى»نىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلانغاندىن باشقا ، خىزمەتكە چىققان 1968 ـ يىلىدىن بۇيان يەنە ، «ئىلغار خىزمەتچى » ، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» ، «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرى» ، «مۇنەۋۋەر تەرجىمە خىزمەتچىسى» ، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى .

# ئابدۇغوپۇر قادىرنىڭ
# خىزمەت پائالىيىتىدىن
# كۆرۈنۈشلەر



















# پەرۋىشكار ئاتا



## ھايات خۇشلۇقى

خازان بولۇپ تۆكۈلگەن گۈل، مەي بولۇپ پىشقان مېۋە، بىخ سۈرگەن ئۇرۇق، يەرگە تۆكۈلگەن يوپۇرماق ··· گۈمران بولغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، باتۇر ئەزىمەت گۈزەل ئەخلاقى، ساپ قان - تەرى ۋە ئىنسانلار قەلبىدىكى شۆھرىتى بىلەن گۈمرانلىقتىن مەڭگۈ خالىي بولالايدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي پېرسوناژى، بەزىلەر قوشۇمچە پېرسوناژى، بەزىلەر تاماشىبىنى دەپ قارايدۇ. تەقدىرگە باش ئەگمەيدىغان غالىبلار ئۆزلىرىنى تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىسى دەپ بىلىدۇ. دانالار تۇرمۇشتىكى نۇر - زىيالار ئارقىلىق ئۆزىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ. شۇنداق، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى قايىل قىلالىسا، ئىدراكى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ؛ ئۆزىدىن ئۆزى تەسىرلەنسە، قەلبى يۈكسىلىدۇ؛ ئۆزىنى ئۆزى بويسۇندۇرسا، غەلىبە قىلىدۇ. ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەن، قايىل قىلغان، بويسۇندۇرغان ئادەم بارلىق ئوڭۇشسىزلىق، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى بويسۇندۇرالايدۇ. ئادەم بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، تۇرمۇشقا بولغان چۈشىنىشى بىر قاتلام چوڭقۇرلىشىدۇ؛ بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، كىشىلىك ھاياتقا بولغان تونۇشى بىر بالداق ئۆرلەيدۇ؛ بىر قېتىم بەختسىزلىككە يولۇقسا، ھاياتنى بىلىشى كېڭىيىدۇ؛ بىر قېتىم ئازاب چەكسە، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختكە، خۇشاللىق ۋە شادلىققا چۆممەن دەيدىكەنمىز، مەغلۇبىيەت، بەختسىزلىك، ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

## مۇقەددىمە

بالىلار ۋەتەن ،مىللەتنىڭ بايلىقى ، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى ، ئائىلىنىڭ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەخرى . ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ، يارامىلىق ئادەم بولۇشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈكسەك ئارزۇسى . مانا شۇنداق ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى ، بارلىقىنى ئاتىغان بىر كىشى بار : 60 باھار ـ يازنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان بۇ ئادەم قەشقەر بالىلار كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇسوپۇر ئابدۇرېھىم . ئۇ 44 يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىدا سانسىز بىمار بالىنى كېسەللىك ئازابىدىن ، ئەزرائىلنىڭ شەپقەتسىز چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى ، پەن ـ بىلىمىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ، بالا دەردىدە يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە قان بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى يېنىكلەتتى ۋە ئۇلارنى ھاياتلىق ، سالامەتلىكنىڭ بەختىيارلىقىغا مۇيەسسەر قىلدى .

## ئىزدىنىش يولىدا بېسىلغان خاسىيەتلىك قەدەم

1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتاغلىق سودىگەر ئابدۇرېھىم بوۋا ئائىلىسىدە پانىي ئالەمگە كۆز ئاچقان ئابدۇسوپۇر بۇ ئائىلىنىڭ تۆتىنچى پەرزەنتى بولۇپ قالدى .

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشىدە ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلدى، 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى پەننى مەكتەپلەردە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىدى.

1957 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قەشقەر تېببىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ قەشقەر 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدا پراكتىكا قىلدى، ئۇ بۇ يەردە تىرىشچانلىقى، سەزگۈرلۈكى، كەسپىگە ئەستايىدىللىقى بىلەن دوختۇرخانا رەھبەرلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. دوختۇرخانىنىڭ تەلەپ قىلىشى ۋە تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇ 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

ئەينى چاغدا بۇ دوختۇرخانا قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات باسقۇچىدا بولۇپ، كەسپىي خادىملار كەمچىل، داۋالاش شارائىتى ناچار ئىدى. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، دورا ماتېرىياللارمۇ كەمچىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقايسى داۋالاش بۆلۈملىرى تولۇق ئايرىلمىغانىدى.

ئابدۇسوپۇر بۇ دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، دۇچ كەلگەن مۇھىم ئىش شارائىتنىڭ ناچار بولۇشى، كېسەللەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىن باشقا، خەنزۇ تىلىنى بىلمەسلىك مەسىلىسى بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن تىرىشىپ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇ تىلى ئۆگەندى. ئۇ پېشقەدەم دوختۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، يېرىم يىلدىلا خەنزۇ تىلىدا شۇ چاغدىكى ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئۇنىڭ بۇ خىل

تىرىشچان، قىزغىن روھىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىپ مەخسۇس بالىلار كېسەللىكى بويىچە تەربىيىلىنىش شارائىتى يارىتىپ بەردى. ئۇ بۇ ئورۇنغا بارغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دوختۇرخانىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، بالىلار كېسەللىكىنى داۋالاش بويىچە بىلىم تولۇقلىدى. ئۇ ھەر كۈنى كېسەل كارىۋىتى ئەتراپىدا 12 سائەت ئىشلەپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، كەسپىي ساپاسىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، كەسپداشلىرى ئارىسىدا تونۇلدى.

ئۇ 1962 ـ يىلى يەنە ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا قايتىپ بېرىپ، بالىلار ئىچكى كېسەللىكى بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكى بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ياردەملەشتى ۋە سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيىسى، ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيىسىنى قىلىشنى ئۆگەندى، بولۇپمۇ ئۇ نوقتىلىق ھالدا تۇرلۇك بالىلار كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈردى.

1963 ـ يىلىنىڭ دەسلەپىدە، ئۇ 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدىكى ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى. بۆلۈملەر تولۇق ئايرىلمىغان، دوختۇر كەمچىل ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇسوپۇر ھەر كۈنى 15 تىن 25 كىچە ھەر خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىمارنى تەكشۈرۈپ، قۇتقۇزۇش، پەرۋىش قىلىش، داۋالاش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلارنىڭ كېسەل تارىخىنى ۋە ئۆزگىرىش خاتىرىسىنى بىرمۇبىر يازدى. نۇرغۇن كېسەللەرگە بېرىلگەن دورا ـ ئوكۇللارنى ئۆزى تەكشەپ، ئۇرۇپ ۋە سۇيۇقلۇقنى تومۇردىن بېرىش قاتارلىق تېخنىكىلىق تەلىپى يۇقىرى، مەشغۇلاتى قىيىن ئىشلارنى قىلىپ، سېستىرالار،

پەرۋىش خادىملىرىغا ئۈلگە كۆرسەتتى . 1966 ـ يىلى دوختۇرخانىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى ئايرىلىشقا باشلىغاندا ، بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىمۇ ئايرىلىپ ، ئابدۇسوپۇر بۇ بۆلۈمنىڭ ئاساسلىق دوختۇرى بولۇپ بېكىتىلدى ، ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ئىشقا ئاشقانىدى . چۈنكى مۇشۇنداق بۆلۈم قۇرۇلسا ، ئۇنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمى نامايان بولاتتى ، ئىقتىدارى جارى قىلىنىپ ، بىمارلار ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيتتى ، كەسپىي سەۋىيىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشەتتى . ئەمما ، ئۇ قىزىقىپ ئۆگەنگەن بۇ كەسىپ ئۇنچىلىك ئاسان ۋە ئاددىي ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، تېببىي ماتېرىياللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدەك ، بالىلار كېسەللىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ ، تېز كۆرۈلىدىغان ، تېز باشلىنىدىغان ، تېز تەرەققىي قىلىدىغان ، تېز ئۆزگىرىدىغان كېسەل ، دىئاگنوز قويۇشقا ۋە داۋالاشقا سەل قارالسا ، خەتەر كۆپ كۆرۈلەتتى . كېسەلنىڭ باشلىنىش ، تەرەققىي قىلىش ، ئاخىرلىشىش تارىخىنى تولۇق ئىگىلەپ ، دىئاگنوزنى توغرا قويۇپ ، يەكۈن ئاساسىدا كېسەللىك ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ، داۋالاش تەدبىرىنى بەلگىلەپ توغرا داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ، تېز ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولاتتى . كاللىسى ئۆتكۈر ، ئىنكاسى تېز ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئابدۇسوپۇر ئاشۇ يىللاردا ھەر خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولغان نەچچە يۈزلىگەن بوۋاقنى ئۆز قولى بىلەن داۋالاپ ، تېز ساقايتىپ ، ئۇلارغا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىپ ، قەشقەر خەلقى ئارىسىدا ماختاش ئوبيېكتىغا ئايلاندى . 1966 ـ يىلى يىلنىڭ دەسلىپىدە ، بالىلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى «ئوڭچى» دېگەن نام بىلەن تارتىپ چىقىرىلغاندا ، بۆلۈمنىڭ بارلىق خىزمىتى ئابدۇسوپۇرغا يۈكلەندى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭ خىزمىتى زىيادە ئالدىراش بولۇپ كەتتى ، ئۇ ۋاقتى ـ قەرەلىدە دەم ئېلىش ، غىزالىنىشتىن بەھرىمەن

بولالمىغانلىقتىن ، ئەقلى ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ ، بەدەن ئېغىرلىقى 40 نەچچە كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ كۆپ ھاللاردا كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىگەنلىكتىن ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ 40 گرادۇسقا چىقىپ ، خىزمەت ئۈستىدە بىرقانچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى . رەھبەرلىك ئۇنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇغاندا ، ئۇ :

—بۆلۈمدىن بىر مىنۇت ئايرىلسام بولمايدۇ ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىمارلار داۋالىنالماي قالسا ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ ، ئۇلارنىڭ ماڭا قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان ، مېنىڭ ساقسىزلىقىم چاغلىق ! دورا يېسەم ساقىيىپ كېتىمەن ! ئوغۇل بالا دېگەن جۇرئەتسىز بولۇپ قالسا ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ ؟ — دېدى .

## ئەجەل ئالىقىنىدا . . .

1966 - يىلى 6 - ئايدا ، دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئابدۇسوپۇرنىڭ كەسپكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە بالىلار كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى . ھەربىكتى چاققان ، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، ئىجتىھاتلىق بۇ ياش پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئۆگەنمەكچى بولغان قان سۇيۇقلۇق سىستېمىسى كېسەللىكىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي ، يېڭى تۇغۇلغان بالىلار بۆلۈمى ، بالىلار ئىچكى كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ، سۇيىدۇك ئاجرىتىپ چىقىرىش كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ، يۇقۇملۇق كېسەللىك بۆلۈملىرىدىكى دوختۇر ھەم مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇلاردىن ئېرىنمەي سورىدى ۋە داۋالاش

ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ، ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن ئەمەلىي بىلىملەرنى ئىگىلىدى.

بۇ دوختۇرخانىدىكى ئاتاغلىق دوختۇر، پروفېسسورلاردىن دۇ ۋېنخۇي خانىم ئۇنىڭ زېرەكلىكى ۋە ئۆگىنىشتىكى تەشەببۇسكارلىقى، بايقاش ئىقتىدارىنى تونۇپ يېتىپ:

— سىز تالانت ئىگىسى ئىكەنسىز، يېشىڭىز كىچىك بولسىمۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلىدىكەنسىز، سىزنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىپ، ئۆزۈم بىر قوللۇق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرسەم قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

بۇ ئابدۇسوپۇر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇسوپۇر ئاتا - ئانىسىغا مەسلىھەت سالدى. ئۇلار بىردەك قوشۇلمىدى. بۇ پۇرسەت ئامالسىز قولدىن كەتتى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئابدۇسوپۇرنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى تالانتىنى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆھبەتلىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى نۆۋەت ئۇرۇمچىدە قېلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ پۇرسەتمۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش قولدىن كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئەمما، دوختۇرلۇق كەسپىگە بېغىشلانغان ئوتلۇق قەلبى، كەسىپ ئىشقىدا سۇقۇۋاتقان يۈرىكى ئۇنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا يول قويمىدى. دوختۇرخانا رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنى تەكرار تۇتۇپ قالماقچى بولۇشىدا مۇنداق سەۋەب بار ئىدى: مەلۇم بىر كېچىسى ئابدۇسوپۇر نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، تۇغۇلغىنىغا 90 كۈن بولغان بىر خەنزۇ بوۋاق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ جىددىي خاراكتېرلىك نەپەس بوغۇلۇش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، ساراسىمىگە چۈشكەن بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن ھەم ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بالىنىڭ ھالىغا قاراپ زار - زار يىغلىغان. ئۇ چاغدا بوۋاقنىڭ نەپىسى

ئاساسەن توختاپ قالغانىدى . مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ، ئابدۇسوپۇر ھېچقانداق قۇتقۇزۇش ئۇسكۇنىسى تەييارلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ، بوۋاقنىڭ ئاغزى ، كاناي ۋە نەپەس يوللىرىغا قاپلىشىپ قالغان سۇيۇقلۇقلارنى ئاغزى بىلەن سۇمۇرۇپ ـ شوراپ تازىلىدى . سۇنئىي ئۇسۇلدا نەپەس ئالدۇرۇپ ، بالىنىڭ يۈرىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، نەپەس ئېلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . ئەسلىدە بۇ بوۋاق تۇغۇلغاندىلا ئۆپكە ئىششىقىغا گىرىپتار بولغان . بۇ كېسەل بوۋاقنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ، ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغان ، ئادەتتە بۇنداق ھالغا كېلىپ قالغان بوۋاقلارنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . ئابدۇسوپۇرنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ، كۆيۈنۈپ داۋالىشى بىلەن بوۋاقنىڭ سالامەتلىكى تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا باشلىدى . بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە «رەھمەت ساڭا ئۇيغۇر ئوغلى» دېدى ھەم ئابدۇسوپۇرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەكرار ـ تەكرار مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى . بوۋاق 15 كۈندە سەللىمازا ساقايدى . كېيىن ئابدۇسوپۇر ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خېلى ۋاقىتقىچە خەت ـ ئالاقە ئەۋەتىپ ، بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ تۇردى . يەنە بىر قېتىم ئۈچ ياشلىق بىر خەنزۇ بوۋاق زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك تولغاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى . ئاغرىق ئازابى ۋە ئۇزۇن مۇددەت دۈۋلىنىپ قېلىشتىن كېلىپ چىققان تارتىشىش بوۋاقنى زەئىپلەشتۈرۈپ ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى . بۇ بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۆلۈمدىكى بارلىق دوختۇر ـ سېسترالار پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋالاشقا ئاتلاندى . ئەمما بىر قاتار داۋالاش تەدبىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمىدى . دوختۇرلار ئاخىرى ئۈمىدىنى شۇ چاغدىكى ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بولغان

«ئاتر ۋفىن» دورىسى بېرىپ ئۇخلىتىپ داۋالاش چارىسىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى ، 24 سائەت ئىچىدە بالىغا ئىشلەتكەن «ئاتر ۋفىن» نىڭ مىقدارى 1650 ئامبۇلدىن ئاشتى . باشقا دوختۇرلار بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىغا ئانچە دىققەت قىلمىدى . بۇ ئىش قۇتقۇز ۇشقا باشتىن - ئاخىر قاتنىشىۋاتقان ئابدوسوپۇرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىدى . ئۇ ، ئۇستازى دو خانىمدىن :

— «ئاتر ۋفىن» كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان ، ئاز مىداردا ئىشلىتىدىغان دورا . بۇ بالىغا بېرىلگەن دورا دورىگەرلىك ئىلمىدە كۆرسىتىلگەن ئۆلچەمدىن نەچچە ئون ھەسسە ئېشىپ كەتتىغۇ ؟ نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئىشلىتىمىز ؟ رېئاكسىيە بېرىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن بۇ دورىنىڭ بىرىنچىدىن ، قان تومۇرىنى كېڭەيتىپ ، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىپ ، يۈرەكنى قوزغاش رولى ؛ ئىككىنچىدىن ، زەھەر قايتۇرۇش رولى ؛ ئۈچىنچىدىن ، تىنچلاندۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ كۆپ مىقداردا ئىشلەتتىم . بۇنىڭ تەسىرىدە بىمارنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشتى . . . — دېدى دو پروفېسسور چۈشەندۇرۇپ .

دېگەندەك بۇ بالا مۇشۇ تەرىقىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز قۇتقۇزۇلدى ۋە ئەھۋالى تۇراقلىشىپ ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى . بۇ جەرياندا ئابدۇسوپۇر بالىنىڭ كارۋىتى يېنىدىن كېچە - كۈندۈز ئايرىلماي ، كۆزىتىش ، داۋالاش ، پەرۋىش قىلىش بىلەن بەند بولدى ، دوختۇر - سېسترالار ۋە بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئابدۇسوپۇرنىڭ چىدامچانلىقىغا قاتتىق ھەيران قالدى ۋە رەھمەت ئېيتتى .

يەنە شۇ مەزگىلدە بەش ياشلىق بىر خەنزۇ بوۋاق يىرىڭلىق مېڭىنگىت كېسىلى (مېڭە سولۇق ئىششىقى ) بىلەن ئاغرىپ ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىلدى . بۇ بالىنىڭ ئۇزۇنچاق مېڭە يۇلۇن

كانلىغا بىر قىسىم ئاجرالما كەپلىشىپ قېلىپ ، نەپسى توختاپ قالغاندەك قىلاتتى ، ئابدۇسوپۇر دىئاگنوز قويۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، بۇ بالىنىڭ يۈرىكىنىڭ تېخى سوقۇشتىن توختىمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ھەم يۈرەكنىڭ سوققانلىقى ھاياتلىقتىن بېشارەت ، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە ، بالىنى قۇتقۇزۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . دوختۇرلار ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش لايىھىسىگە ئاساسەن سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش ۋە يۈلۈن كانىلىغا دورا كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى . ئاندىن مېڭە قىسمىدا ھاسىل بولغان سۇنى تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ ، ئوكسىگېن بېرىشنى داۋاملاشتۇردى . دورا ئارقىلىق نەپەس يولى مەركىزىنى قوزغىتىش ، قان تومۇرلارنى جانلاندۇرۇش ، زەخىملەنگەن مېڭە ھۈجەيرە توقۇلمىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، سۇلۇق ئىششىقنى ياندۇرۇش ۋە سۇسىزلاندۇرۇش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قوللاندى ، كېسەل بالا بارا ـ بارا ھوشىغا كەلدى ۋە كۆيۈنۈپ داۋالاش ئارقىلىق ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى .

بۇ ئىش پۈتۈن دوختۇرخانىدا قىزىقىش ۋە زىلزىلە پەيدا قىلدى . كىشىلەر ئارىسىدا قەشقەردىن كەلگەن بىر بالا دوختۇر تىنىقى توختاپ قالغان بالىغا جان كىرگۈزۈپ ساقايتىپتۇ ، دېگەن گەپ پۇر كەتتى .

## ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى كۆپ

1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇسوپۇر ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى ۋە دەرھال ئىشقا چۈشتى . ئۇ بۇ چاغدا مول داۋالاش ئىقتىدارى يېتىلدۈرگەندى . ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان ۋاڭ

ئەپەندىنىڭ بىر ياشقا كىرگەن ئوغلى ئۆپكە ياللۇغى، يۇرەك خىزمىتى زەئىپلىشىش ۋە مېڭە سۇلۇق ئىششىقى قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان، ئۇ بالىنى بىرقانچە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى دېگەندەك بولمىغانىدى. ئۇ، ئابدۇسوپۇرنىڭ ئۇرۇمچىدىن بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ داۋالاشتىكى داڭقىنى ئاڭلاپ، ئوغلىنى بالىلار بۆلۈمىگە ياتاقتا ئالدۇردى، دەسلەپتە بالىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، هايات قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى، باشقا دوختۇرلارمۇ بۇ بالىنى داۋالايمەن دېيىش ئوشۇق ئاۋارىچىلىك دەپ قارىدى. لېكىن، ئابدۇسوپۇر بالىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئۆگەنگەن تەجرىبىلىرى ئاساسىدا غەربچە داۋالاش بىلەن جۇڭگوچە داۋالاش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ باردى. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە بالىنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولدى، ئۇ، پەرۋىش قىلىش، داۋالاشنى بىر مەزگىل ئۇزمەي داۋاملاشتۇردى، بالا تەدرىجىي ساقايدى. ۋاڭ ئەپەندى بۇ ئىشتىن چوڭقۇر سۆيۈنۈپ، لەۋھە تەقدىم قىلىپ، رەھمەت ئېيتتى. ياندۇرقى يىلى ۋاڭ ئەپەندى ئۆز يۇرتى گۇاڭجۇغا كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تاكى 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئابدۇسوپۇرغا خەت يېزىپ تۇردى.

1968 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا، قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر كىشىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بالىنىستتا ياتتى. بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ چاغدا ئابدۇسوپۇر هېچ ئىككىلەنمەي «ئاترۇفىن» نى ئاساس قىلىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللاندى ۋە بالىنى سەككىز كۈن داۋالاش ئارقىلىق ساقايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن نەتىجە قازىنىپ، كېسەل داۋالاش، دىئاگنوز قويۇشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

1977 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئابدۇسوپۇرنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى تالانتىنى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى باللار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە سىچۈەن ئۆلكىسىدە باللار كېسەللىكى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى. ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئابدۇسوپۇرنىڭ بېرىشىنى بېكىتتى. ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىدىن پەقەت ئابدۇسوپۇرلا بار ئىدى. ئۇ بۇ يەردە يېرىم كۈن نەزەرىيە ئۆگەندى ۋە ئۇنى يېرىم كۈن كلىنىكىدا داۋالاش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىدى. بىراق، ئۇ تىل مەسىلىسى، تاماق مەسىلىسىدە قىيىنىلىپ قالدى. كۇرسنىڭ يېتەكچىسى بۇنىڭغا ئەستايىدىل قاراپ، مەخسۇس ئاشپەز تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇ پۇرسەتنى بوش ئۆتكۈزمىدى. دەل شۇ كۈنلەردە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەيياڭ ناھىيىسىدىن بىر دېھقان ئالتە ياشلىق ئوغلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بالنىستقا ئەكىردى. بۇ جەرياندا دوختۇر ـ مۇتەخەسسىسلەر بالىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپمۇ، بالىنىڭ كېسىلىگە ئېنىق دىئاگنوز قويالمىدى. مۇتەخەسسىسلەردىن بىر قىسمى بالىنىڭ يول يۇرگەندە تىزىنى ئېگىپ ، قورسىقىغا تىزلاشتەك ئالامەتلەرگە قاراپ نېرۋا كېسەللىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدى ۋە ئۇن نەچچە كۈن داۋالىغان بولسىمۇ، قىلچە ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى. ئابدۇسوپۇر بۇ دىئاگنوزغا قوشۇلماسلىق ئىپادىسىنى بىلدۈردى ھەم بۇ بالىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئەتراپلىق كۆزەتتى. بالىنىڭ ئىچكى ئەزا قىسمىدا ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت

جىنسىي ئەزاسىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئويى كىرىۋالدى ھەم جىنسىي ئەزاسىنىڭ خەتىملىكىنى تەكشۈردى . بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۈچ قىسمىدىكى تېرە ئارىسىدا ئاق پىشلاققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇ نەرسىلەردىن ئاززاق ئەۋرىشكە ئېلىپ ، قالغان قىسمىنى ئىسپىرت ئارقىلىق پاك - پاكىز تازىلىۋەتتى ، شۇنىڭدىن كېيىن بالىدىكى نورمالسىزلىق تۈگىدى . مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئىشتىن ئابدۇسوپۇرنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ، چېچەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتى . ئۇنىڭ كېسەلگە ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىشتەك مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى .

1980 - يىلى 3 - ئايدىن كېيىن ئابدۇسوپۇر خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ، مول كەسپىي بىلىمى ۋە كۆپ تەرەپلىمە توپلىغان تەجرىبىسىگە تايىنىپ ، سانسىز بالىلارنى كېسەل ئازابىدىن ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇردى ھەمدە دوختۇرخانا بالىلار بۆلۈمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى ، نۇرغۇن دوختۇر ، پەرۋىش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى .

## سەھىيە مائارىپى ئۈچۈن بېغىشلانغان قەلب

ئابدۇسوپۇر ئاتاقلىق بالىلار كېسەللىكى دوختۇرى بولۇپ قالماستىن ، ئىختىساسلىق باغۋەن . ئۇ تېببىي ساھەدە مول ئەمەلىي تەجرىبە يارىتىش بىلەن بىر چاغدا ، كەڭ ، ئەتراپلىق نەزەرىيە بىلىمى توپلاپ ، ئۇنى كېيىنكى بىرقانچە ئەۋلاد تېببىي خادىملارنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەقدىم قىلدى . ئۇ ، 1964 - يىلدىن بۇيان ، قەشقەر تېببىي تېخنىكوم مەكتىپىدە ئىزچىل دەرس ئۆتۈش ، ئەمەلىي مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ جەرياندا ئۇ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم

سىنىپلىرىغا سېستىرالىق ، داۋالاش ـ فېلدشېرلىق ، گىگېنا ، ئۇيغۇر تېبابىتى دەرسلىرىنى ، ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىغا سېستىرالىق ، ئاياللار كېسەللىكى ـ ئاكۇشېرلىق ، ئانا ـ باللار ساقلىقىنى ساقلاش ، باللار كېسەللىكى دەرسلىرىنى ئۆتتى . چوڭلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش دائىملىق تەربىيە سىنىپلىرىغا باللار كېسەللىك ئىلمى ، باللار كېسەللىكىنى پەرۋىش قىلىش ـ داۋالاش ئىلمى ، دىئاگنوستىكا ئاساسلىرى ، گىگېنا ئىلمى ، باللار كېسەللىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئىلمى ، سۇيۇقلۇق بىلەن داۋالاش ، بوۋاقلارنى ئانا سۈتىدە بېقىش ، تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان قان ئازلىقنى داۋالاش قاتارلىق كەسپىي پەنلەردىن دەرس ئۆتۈپ ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، تاجىك ، خۇيزۇ ، قىرغىز ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىدى ، ئۇلار ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق تايانچلاردىن بولۇپ قالدى . ئابدۇسوپۇر ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىغا ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە 10 نەچچە مىڭ سائەتتىن ئارتۇق دەرس ئۆتۈپ ، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەقلىي ، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلىشىگە تۆھپە قوشتى . مۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى : بىرىنچى ، دەرس ئۆتۈشكە تولۇق تەييارلىق قىلدى . ئۇ ئىنچىل ھالدا ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تولۇق بولۇش ، ئوقۇتۇش پروگراممىسى بولۇش ، ئوقۇتۇش پىلانى بولۇش ، دەرس سائىتىنىڭ ۋاقتى ئېنىق بولۇش ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك ، دېگەن ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ ، قاتتىق تەلەپ بىلەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى

ئىشقا ئاشۇردى ؛ ئىككىنچى ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مەخسۇس تۈر ـ كەسىپ بويىچە تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى . بىر ئادەمنىڭ ھەممە كېسەللىك ھەققىدىكى بىلىمىنى تولۇق ئىگىلەپ كېتىشى بەكمۇ قىيىن ئىش . ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن سەھىيە خادىملىرىدا بىرگە ماھىر ، كۆپكە قادىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇنىڭغا ئاساسەن ، ئابدۇسوپۇر دەرس ئۆتۈشتە مۇشۇ شەرتنى چۆرىدىگەن ھالدا تەربىيىلەشكە كۈچ سەرپ قىلدى . قەشقەر ، خوتەن ، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردىن بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەنگەن تۆت قاراردىكى 280 نەپەر تېببىي خادىمغا قارىتا مەخسۇس بالىلار كېسەللىكى بويىچە دەرس ئۆتكەندە ، ئۇلارغا مەخسۇس بالىلار كېسەللىك ئىلمى ، بالىلارنى سۇيۇقلۇق بىلەن داۋالاش ، بالىلارنى ئېغىزدىن سۇيۇقلۇق كىرگۈزۈپ داۋالاش ، ئىرسىيەت ۋە ئىممۇنىتېت ئىلمى ، تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن پەيدا بولغان قان ئازلىق كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش بويىچە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتۈش ، مەخسۇس تۈر بويىچە كەسپىي ساپا يېتىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى ؛ ئۈچىنچى ، ئوقۇتۇشتا ساننى ئەمەس ، سۈپەتنى ، كېسەل داۋالىغاندا ساننى ئەمەس ، ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاساس سالدى ؛ تۆتىنچى ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى بىرلەشتۈردى . ئۇ ، ھەربىر دەرسنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆتكەندە ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا سەل قارىمىدى . دەرسلەردىكى ھەربىر تەجرىبە ۋە تەجرىبە قىلىش كۆرسىتىلگەن مەزمۇنلارنى ئۇدۇللۇق ئەمەلىي ئىشلەپ ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ ، چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى . ئېلېكترلىك ئوقۇتۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ، كۆپ قېتىم ھايۋاناتلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ باردى . ئاسما رەسىم ئېسىش ، مودېل ۋە باشقا تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ، تەجرىبە قىممىتى يۇقىرى مەنبەلەرنى تېپىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت

قىلدۇرۇش، قىلىپ بېقىشقا تەشكىللەش، تەسىرات سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇش يوللىرى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشقىنى كۈچەيتتى.

رەھبەرلىك ئۇنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ۋە سەھىيە تېببىي مائارىپى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاشتەك پەزىلىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1983 - يىلى 3 - ئايدا ئۇنى قەشقەر تېببىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ تولىمۇ ئۆتكۈنچى مەزگىل بولۇپ، تېببىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتاتتى، تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە، دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قەشقەر تېببىي تېخنىكوم مەكتىپىمۇ ئىسلاھات قاينىمىغا تولغانىدى. شۇ چاغدا بۇ مەكتەپتە 150 نەپەردىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ۋە 500 گە يېقىن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى.

ئابدۇسوپۇر مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، مۇنداق بىرقانچە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش؛ ئۈچىنچى، ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوملار ئۈچۈن بىر يۈرۈش دەرسلىك كىتاب بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ تۆتىنچى، تەجرىبىخانا ۋە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. بۇ تەشەببۇس مەكتەپ ئەمەلىيىتىگە تولىمۇ ماس كەلدى، شۇڭا ئابدۇسوپۇر ئۇنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئۇ يەنە جايلارنىڭ ساپالىق كەسپىي خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇغۇچى سانىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇش ھەققىدىكى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق

خەلق ھۆكۈمىتى ، مائارىپ نازارىتى ، سەھىيە نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم ، مەمۇرىي مەھكىمە ، مائارىپ باشقارمىسى قاتارلىق پارتىيە ، ھۆكۈمەت ھەمدە كەسپىي باشقۇرغۇچى تارماقلارغا يوللىدى ، ئاخىرىدا ئالىي تېخنىكوم داۋالاش كەسپىي سىنىپىنى تەستىقلىتىپ ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى . بۇ كەسپكە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . بۇ سىنىپلاردا 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بەش قاراردا 5000 دىن ئارتۇق سەھىيە كەسپىي خادىمى تەربىيىلىنىپ ، يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ قالدى . ئابدۇسوپۇر مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تەكلىپ بېرىپ ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان 38 نەپەر كىشىنى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ، شاڭخەي ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا ئوقۇش ، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ ، ساپا ھازىرلاشقا شارائىت يارىتىپ بەردى . مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ ـ ياتاق بىناسى ، ئىشخانا ، دەرسخانا ، تەجرىبە بىناسى قاتارلىقلارنى يېڭىلاش ئىشلىرى ئۇچۇن جان كۆيدۈردى ۋە كۆپ قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ ، بىر قىسىم مەبلەغنىڭ ھەل بولۇشىغا ھەسسە قوشتى . بىر قىسىم مەبلەغنى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەيتىش يولى بىلەن ھەل قىلدى . بۇنىڭ بىلەن بىرقانچە يىلدا سەككىز كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بىناسى ، بىر كورپۇس تەجرىبە بىناسى ، 10 ئېغىزلىق سىنىپ قاتارلىق 8000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىنىپ ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى ۋە مەكتەپ رەتلىنىپ گۈزەل ، كۆركەم تۈسكە كىردى . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنى مەكتەپ ۋە ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۇنتۇمىدى .

# سەھىيە ئىلمىدىن دۇردانىلەر

بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈش ئاساس قىلىنغانلىقتىن ، ئىلگىرىدىنلا دەرسلىك ماتېرىياللار كەمچىل ، يەنە كېلىپ ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە دەرسلىك ماتېرىيال يوق ئىدى . بۇ خىل ئەھۋالدا ئابدۇسوپۇر سەھىيە نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلىشىش ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىن ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دەرسلىك تۈزۈش ، تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلدى .

1984 ـ يىلى ئۇ مەكتەپ ۋە 2 ـ دوختۇرخانىدىكى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئوقۇتقۇچى ، تېبىبىي خادىملاردىن 19 كىشىلىك دەرسلىك كىتاب تۈزۈش ، تەرجىمە قىلىش ، تەھرىر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ، دەرھال ئىشقا كىرىشتى . تەييار بولغان كىتابلارنى «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا ، سەھىيە نەشرىياتى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلارغا يوللاپ نەشر قىلدۇردى . كىتابلارنىڭ مەزمۇنى مول ، سۆپىتى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقتىن ، شىنجاڭدىكى تېبىبىي تېخنىكوم ۋە ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىدا مۇشۇ خىل ماتېرىيال بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى . شىنجاڭدىكى 19 تېبىبىي تېخنىكوم ۋە تېبىبىي ئۇنىۋېرسىتېت ئۇ كىتابلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشتەرى بولدى . بولۇپمۇ ، بۇ كىتابلار ئىچىدە «ئاناتومىيە» ، «پاتولوگىيە» ، «فىزىئولوگىيە» ، «مىكرو بىئولوگىيە» ، «دىئاگنوز ئاساسلىرى» ، «ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى» ، «تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى» ، «ئاياللار كېسەللىكى» ، «بالىلار كېسەللىك ئىلمى» ، «گىگىېنا ئىلمى» ، «تۆرەلمە ـ توقۇلما ئىلمى» ، «فرازېئولوگىيە» ، «فارما كولوگىيە» ، «دورىگەرلىك ئىلمى» ، «تۇغۇت ئىلمى» ،

«يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى» قاتارلىقلار كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 4 مىليون 500 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق بۇ كىتابلارنىڭ تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش، كوررېكتورلۇق قىلىش، نەشر قىلدۇرۇش، تارقىتىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئابدۇسوپۇر باشتىن - ئاخىر ئىگە بولدى ۋە دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. كىتاب تۈزۈش بىلەن شۇغۇللانغان ئۈچ يىللىق ئۆمرىدە ھەم ئىشلىدى، ھەم ئاشۇ كىتابلارغا بارلىقىنى ئاتىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن كۈچ - مادارى، ئەقىل - پاراستى ئاشۇ كىتابلارغا نەقىشلەندى.

ئابدۇسوپۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، 1984 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي تېخنىكوم دەرسلىك پروگراممىسىنى تۈزۈشكە كىرىشتى، ئۇ، قەشقەر شەھىرى، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن ئۇزاق يىل شۇغۇللىنىپ، مول داۋالاش نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن سەككىز ئالىم، مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلىپ، تېبابەتكە ئائىت بىلىملەردىن سەككىز تۈر بويىچە دەرسلىك رەتلەپ، كىتابچە شەكلىدىكى قوللانما قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تېبابەت ئوقۇتۇشىدا ئۇيغۇرچە دەرسلىك كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاساس سالدى.

ئابدۇسوپۇر كۆپ يىل جاپالىق ئىشلەش ۋە ئەجىر قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن بىلىم توپلىدى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ ئاساستا ئۇ سەھىيە سىستېمىسىدا كەمچىل بولغان، داۋالاشتا كەم بولسا بولمايدىغان تۈرلەر ئۈستىدىمۇ ئىزدەندى ۋە ئايرىم تەجرىبە - ساۋاقلارنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى داۋالاشتا قوللىنىش، پايدىلىنىش ئۈچۈن قەلەمگە مۇراجىئەت قىلىپ، تارىختا نەمۇنە قالدۇردى، كىشىلەر

قەلبىگە دۇردانە ئۇرۇقى چاچتى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنلىكى ئۇچۇن شوتا ھازىرلاپ، دەستۇر ھەدىيە قىلدى: «بالىلار كېسەللىكى ئىلمى (ئىككى توم)»، «بالىلاردىكى ئىچى سۈرۈش كېسەللىكى»، «بالىلار كېسەللىكىنى داۋالاش، ئۇزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىق كىتابلار ئەنە ئاشۇ تارىخىي نەمۇنىلەر ئىچكى دۇردانىلەرنىڭ بىر قىسمى. ئۇ يەنە «بالىلاردىكى تۆت خىل كېسەللىك»، «ۋىرۇسلۇق يۈرەك مۇسكۇلى ياللۇغىغا دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش»، «285 نەپەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كېسەللىكى ئۇستىدىكى تەھلىل» قاتارلىق 1 مىليون خەتلىك 80 پارچە ئىلمىي ماقالىنى يازدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى ۋە كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

ئۇزاق يىل مابەينىدە، ئابدۇسوپۇر قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، مەيدانلاردا «ھاياتلىق ئىلمى»، «ئائىلە تەربىيىسى بىلىملىرى»، «بالىلارنى سۈپەتلىك تۇغۇش ۋە تەربىيىلەش»، «بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش»، «ئاممىۋى ئىرسىيەت بىلىملىرى»، «ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى» قاتارلىق مەزمۇنلاردا لېكسىيە سۆزلىدى ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم — قېتىمغا مەسلىھەت بەردى؛ ئۇ كۆپ قېتىم قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرى، بولۇپمۇ مارالبېشى، مەكىت، يەكەن، يېڭىسار، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تارقىلىشچان قىزىل، كېزىك، كۆكيۆتەل، ۋابا، يەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمەتلىرىگە

بىۋاستە قاتنىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

## غۇنچە - پورەكلەرنىڭ پەرىشتىسى

60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابدۇسوپۇر 1998 - يىلى دوختۇرخانىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇ شۇ چاغدا «ئۇھ» دېدى، ئۇ بىرقانچە ئايلىق ئارام ئېلىشتىن كېيىن، شۇنچە يىللار مابەينىدە تىنىم تاپماي ئالدىراش ئىشلىگەنلىكىنى، بىر ئىشنى قىلىپ بولسا، يەنە بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى، بىر ئىشنىڭ ئايىغىنى چىقىرىپ بولغۇچە يەنە بىر ئىشنىڭ ئۇلىنىپ كەلگەنلىكىنى، مۇشۇنداق ئالدىراش ئىشلەپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يەنە قىلغان ئىشلىرىنى بىرمۇبىر دەڭسەپ كۆرۈپ، بالىلارنىڭ سالامەتلىكى، خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراش ئۆتكەن كۈنلىرىگە، ئالدىراشچىلىق ئىچىدىكى ئېگىز - پەس بولۇپ كەتكەن تۇرمۇشىغا ئۆكۈنمىدى. يەنە بىرسى ئۇ، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشى ۋە داۋالاشقا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىشلىرىدىن يەنىلا ئۆزىنىڭ بىكار ئولتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆز قارىچۇقى، خۇن - باغرى بولغان بالىلارنىڭ سالامەت - ساغلاملىقى ئۈچۈن تەر ئاققۇزمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش، تەتبىقلاش ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرىدە مەخسۇس تۇردىكى بالىلار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش دوختۇرخانىسى قۇرۇش، بۇ ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىدىكى بۇ خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى.

1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ، ئابدۇسوپۇر مەخسۇس بالىلار كېسەللىكلىرى داۋالاش پونكىتى قۇردى ، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا داۋالاش پونكىتىنى رەسمىي بالىلار كېسەللىك مەخسۇس دوختۇرخانىسى قىلىپ قۇردى . كارىۋات سانىنى ئەسلىدىكى بىر نەچچىدىن 30 غا يەتكۈزدى . ئۇ ئەسلىھە ۋە شارائىت ، داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنچىكە ئەھمىيەت بەردى . 2003 ـ يىلى ئابدۇسوپۇر مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا ، دوختۇرخانىنىڭ ئورنىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئارقا ئوردا ئەتراپىغا سېلىنغان ئىتتىپاق سودا بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە يۆتكىدى .

قەشقەر شەھىرىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ، ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ سول تەرىپىگە ، ئارقا ئوردا سودا بىناسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان بۇ دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتسىڭىزلا ، كوچىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئېسىپ قويۇلغان ۋىۋىسكىسى كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ ، مۇبادا سىز دوختۇرخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز ، بىرىنچى قەۋەتتىكى داۋالاش ئورنىدىكى پاكىز ، رەتلىك كىيگەن دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ كېسەل كۆرۈۋاتقان ، دورا بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرىسىز ، ئەگەر سىز ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بالىنىستقا چىقىپ قالسىڭىز ، ئازادە ، يورۇق ، پاكىز ھەم قىزغىن كەيپىيات ئىچىدىكى مۇھىتتا ، كارىۋات ـ كارىۋاتلاردىكى داۋالىنىۋاتقان بالىلارنى ، ئۇلار ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتقان دوختۇر ـ سېسترالارنى ، بۇ يەردىكى زامانىغا خاس يۇقىرى تېخنىكىلىق داۋالاش ، تەكشۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى كۆرەلەيسىز .

قەشقەر بالىلار مەخسۇس كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قەشقەردىكى بىردىنبىر مەخسۇس تۈردىكى بالىلار كېسەللىكى دوختۇرخانىسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا قۇرغۇچى ئابدۇسوپۇرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەقىل جەۋھىرى ۋە مول داۋالاش تەدبىرلىرى

مۇجەسسەم بولغان . ئۇ بۇ دوختۇرخانا ئۇچۇن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى . بۇ دوختۇرخانىدا بالىلار كېسەللىك ئىلمىي نەزەرىيىسى بىلەن كلىنىكىلىق تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتى زىچ ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن ھەر مىللەت ئۆسمۈر بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ . ئابدوسوپۇر ئابدۇرېھىم دوختۇرخانىنىڭ لاياقىتى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، دوختۇرخانىدا بالىلار ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلىرى ، بالىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى ، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ، تېرە كېسەللىكلىرى ، بالىلار ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، بالىلار ئىرسىيەت - ئىممۇنىتېت ، كەمتۈكلۈك كېسەللىكلىرى ، بالىلارنى سۇپەتلىك تەربىيىلەپ بېقىش ئۈچۈرلىرى ، ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش ، پىلانلىق تۇغۇت ، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە باھا بېرىش ، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى سىناش ، بالىلاردىكى تۇتقاقلىق ، يىقىلىش كېسەللىكلىرى ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق - بالىلارنى داۋالاش ، پەرۋىش قىلىش ، بالىلارنى ئوزۇقلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ، بالىلار كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاش ، پەرۋىش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ، بوۋاقلارنى ئانا سۇتى بىلەن بېقىش ۋە سۇنئىي ئۇسۇلدا بېقىش ، ئارىلاش بېقىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ، كالمىنت ، گىرىن ۋاكسىنا ئەملەش ، تۇبېركۇليوز سىنىقى ئىشلەش ، يېڭنە بىلەن داۋالاش ، ئۇۋۇلاپ داۋالاش قاتارلىق مۇلازىمەت ۋە تۈرلەرنى يولغا قويدى . بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ، لابوراتورىيە بۆلۈمى ، قان تىپىنى ئېنىقلاش ، تۇبېركۇليوز ، چوڭ تەرەت ، بەلغەم مىكروبىنى ئېنىقلاش ، مېڭىنى ئېلېكتروگراممىلىق تەكشۈرۈش ، CT ئاپپاراتلىرىدا تەكشۈرۈشنى ۋاستىلىك ئېلىپ بېرىش ، ئېنىقلاش ، يۈرەك تەكشۈرۈش بۆلۈملىرىنى قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈردى . ئۇنىڭدىن باشقا ئوكسىگېن ئۇسكۇنىلىرى ، نەپەس يولىنى ھورلاندۇرۇپ

دورا كىرگۈزۈش ئۇسكۇنىسى ، بەلغەم سۈمۈرۈش ، ئاددىي ئوپېراتسىيە ئەسلىھەلىرى ، ئوپېراتسىيە كارىۋات سايمانلىرى ، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش سايمانلىرى ، هامىلە تەكشۈرۈش ، ئېلىۋېتىش ، پەرزەنت كۆرۈشتىن ساقلىنىش ، هەر خىل جاراھەت ئورنىنى تېڭىش ، خەتنە قىلىش ئۇسكۇنىلىرى قاتارلىقلارنى سەپلىدى . دوختۇرخانىدا جۇڭگوچە ، غەربچە دورىلار تولۇق هازىرلانغان ، سۈيۈقلۇق بېرىش ئۆيلىرى ، ئۆلچەملىك ياتاق ئەسلىھەلىرى تەييارلانغان ، ئالىي ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار مەخسۇس تەربىيىلەنگەن سەككىز باللار كېسەللىكى دوختۇرى ، 12 سېسترا ، ئالتە نەپەر باشقۇرغۇچى خادىم بار . باللاردىكى هەر خىل تېز ، جاهىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى تېخنىكىسى يۇقىرى ، داۋالاش تەننەرخى تۆۋەن بولغانلىقتىن باللىرىنى داۋالاشقا ئېلىپ كېلىدىغانلار قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناهىيە (شەهەر )لەردىنلا كېلىپلا قالماي ، خوتەن ، ئاقسۇ ، ئىلى ، ئۈرۈمچى ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق بىمار كېلىپ داۋالاندى ؛ يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى دوختۇرخانىسى ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 ـ دوختۇرخانىسى ، قەشقەر شەهەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارمۇ باللار كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالدى ۋە هەمكارلىشىپ داۋالاشنى يولغا قويۇپ ، ساقىيىش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ماختاشقا ئېرىشتى .

## خاتىمە

ئابدۇسوپۇر ئابدۇرېھىمنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى شۇنداق كۆپ ،ئۇ كۆپ قېتىم «خىزمەت ئىلغارى» ، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى »بولدى ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى هەرقايىسى

گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە رادىئو ئىستانسىلىرىدا تونۇشتۇرۇلدى . 1975 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن ئابدۇسوپۇر ۋراچ ، باش ۋراچ ، لېكتور ، ئالىي لېكتور ، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ ، باللار كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى قاتارلىق شەرەپلەرگە سازاۋەر بولدى . خىزمەت ئورنىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى ، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ، پارتىيە كومىتېتى ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى . ئۇنىڭ ئوقوغۇچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالدى ، ئۇ داۋالاپ قايتا ھاياتلىق بەرگەن سانسىز ئۆسمۈر ، باللا چوڭ بولۇپ ، يارامىلىق ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ، دۇنيانىڭ ھەممىلا جايىغا تارالدى . شۇڭا كىشلەر ئابدۇسوپۇرنى «تېببىي مۇتەخەسسىس ، تېببىي ئالىم ، تېببىي باشقۇرغۇچى» دېگەن تەرىپلەر بىلەن باھا بېرىپ ماختاشتى ، ئۇنىڭ نامى جۇڭگودىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەر قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى . بىراق ، ئابدۇسوپۇر بۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى ، بەلكى ، بارلىقىم باللارغا مەنسۇپ ، دېگەن ئىستەك ۋە ئوتتەك قىزغىن كەسپىي ھېسسىيات قايىنىمىدا ھاياتىنى مەندارلىققا ئىگە قىلدى .

مەڭگۈ سالامەت بولغىن ، پەرۋىشكار ئاتا ، ساڭا ئۇتۇق ـ نۇسرەت تىلەيمىز !












ئابدۇسوپۇر ئابدۇرېھىم خىزمەت ئۈستىدە






留观病



# ٴقىدە ٴىزلەرى



**بەختنىڭ مەخپىيىتى** زەربىگە ئۇچراش ۋە باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاشمۇ بىر خىل بەخت ، چۈنكى سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغۇدەك ، زەربە بېرىشكە ئەرزىگۇدەك تەرەپلىرىڭىز بار . ساتقىنلىق قىلىنىشمۇ بىر خىل بەخت ، ئۇ سىزگە دوستلىرىڭىزنى ئېنىق كۆرستىپ قويىدۇ . ئۈمىد لىنىشمۇ بىر خىل بەخت ، چۈنكى ئىنتىلىش بولغاندىلا ، ئۈمىدسىزلىنىش كېلىپ چىقىدۇ . كۆپ قىسىم كىشىلەر ئازاب ـ ئوقۇبەتنى دەرىجىگە ئايرىغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ ، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئازابنىڭ بەختسىزلىك بولۇشى ناتايىن . تۇغۇت ئازابىدىن كېيىن ئادەم زور بەختكە ئېرىشەلەيدۇ ، ئەمما ، يۈرەك سانجىقى ، كۆيۈك ئاغرىقىدىن كېيىن بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنمۇ ؟ چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن بەخت ، كۆيگەندىن كېيىن گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەس . بەزىلەر : «خىزمەت قىلماي كىرىم كەلتۈرۈشنى بەخت» دەپ قارايدۇ ، ئەمما خىزمىتى يوق ، كىرىمى بار ئاياللار ئۇنچىۋالا بەختلىك ئەمەسقۇ ؟ بەزىلەر : «تەن ساقلىق زور بەخت» دېيىشىدۇ . ۋەھالەنكى ، بەختىنى تاپالماي يۈرگەن كىشىلەر ساغلام ، بەستلىك كېلىدىغۇ ؟ ياش تۆكۈشمۇ بىر خىل بەخت ، چۈنكى بەزىلەرنىڭ سىزدە قالدۇرغان تەسىراتى ھەقىقەتەنمۇ سىزنىڭ كۆز يېشى قىلىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ . شۇڭا كۆپ ھاللاردا بەختلىك ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلالمايسىز ، چۈنكى بەزى ئازاب ـ ئوقۇبەت ، ئۈمىدسىزلىك ، قايغۇ ۋە خۇشاللىق ، ئايرىلىش ۋە قوشۇلۇشنىڭمۇ بەخت ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالىسىز . دېمەك ، مۇۋەپپەقىيەت بەختتىن دېرەك بەرمەيدۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىق بەختسىزلىك ئەمەس !

**قىبلىنەما (5)**

## مۇقەددىمە

سېرىقبۇيا دېسە، مېنىڭلا يۈرىكىم سۆيۈنىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بۇ قارىشىمنىڭ بەكمۇ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا تولىمۇ خىجىل بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈچۈن سوقىدىغان يۈرەكلەرنىڭ كۆپلۈكى بۇ قارىشىمنى دەلىللەپ بەردى. خەيرىگۈل ئىبراھىممۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى، ئۇ بۇ يەرگە كېلىش ئالدىدا سەل ئىككىلەنگەن، بىراق كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كەلگىنىدىن سۆيۈندى، قەلبىدە ئىشلەش، سېرىقبۇيا خەلقى ئۈچۈن تەر تۆكۈش قىزغىنلىقى ئۇرغۇدى.

## كەسكىن چاقىرىق

سېرىقبۇيىنىڭ نامى ئۇلۇغ، شۇ نامغا لايىق خەلقى ئېسىل، نېمەتلىرى مول. بۇ يەردە پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق سېرىقبۇيا بازىرى، دۇنياغا مەشھۇر چۇچۇكبۇيا بايلىقى، چول - باياۋاننىڭ گۈل تاجى — توغراق ئورمىنى بايلىقى بار. ئۇنىڭدا يەنە، 40 مىڭدىن ئارتۇق تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز نوپۇس، 6800 ئائىلە، 19 كەنت، تۆت ئاھالە كومىتېت، 72 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 100 مىڭ مو تەبىئىي توغراق ئورمان، 22 مىڭ مو مېۋىلىك باغ قاتارلىقلار بار. ئاشلىق، پاختا، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى، سەي - كۆكتات، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت تەرەققىي قىلغان ئىگىلىك بۇ يەردىكى تىجارەت ۋە ئىگىلىك تىكلەشكە ماھىر كىشىلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنىپ،

ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلىنىپ ، باياشات ، پاراۋانلىق ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاپ بەرگەن .

بۇ يەردە تىجارەت ، سودا - سېتىق ، ھەر خىل قول - ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان ، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوخشاش يېزا - بازارلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن ، باغ - ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىقنىڭ كۆلەملىشىشى يېزا ئىگىلىك ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ يىلمۇيىل ئېشىشىدىكى كوزىر تۇرگە ئايلانغان ، بۇنداق ئەۋزەل شارائىت بۇ بازارنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىدە بولسۇن ياكى سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشىدە بولسۇن ، ئۆزىنىڭ دەۋر قايىنمىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە نامايان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلدى . شۇڭا بۇ بازاردا سانائەت بولمىسىمۇ ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقانداقىنى تاپقىلى بولىدۇ ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوزىر مەھسۇلاتلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ .لېكىن ، بۇ يەردە بىر ئىش تازا دېيەرلىك بولماي كېلىۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى ،ئۇ دەل نۇرغۇن كىشىلەرنى سەزگۈر قىلىپ قويغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئىدى ،خەيرىگۈل ئىبراھىمنىڭ قورقىدىغان ئىشىمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئىدى .

2004 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ، خەيرىگۈل ئىبراھىم بازارلىق پارتكوم ،خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ ،بازار تەۋەسىدە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ، بازارمۇ بۇ ھەقتە يىغىن ئېچىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ ، ئەتىيازلىق تېرىقچىلىقنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن پۇرسەت چىقىرالماي تۇراتتى . يىغىندا ، بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جىيا تىڭيى ، بازار باشلىقى ئابدۇرېھىم روزىلار ئايرىم - ئايرىم

سۆز قىلىپ ، بازارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى نەتىجە ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئاقساقمارال يېزىسىدىن يۆتكىلىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان خەيرىگۇل ئىبراھىم يىغىن ئېچىلىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى بازارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەھۋالىنى بىلىش ،چۈشىنىش ئۈچۈن ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى .بۇ جەرياندا ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان پەرزەنت كۆرۈش كۆرسەتكۈچ ھەققىنىڭ يەنىلا 20 يۈەن بويىچە ئېلىنىۋاتقانلىقىنى ،بىر قىسىم كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىدى ، بۇ قېتىمقى يىغىندا دەل مۇشۇ بىر قاتار سەلبىي تەرەپلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا تەدبىر بەلگىلەندى . ئەمەلىيەتتىمۇ ، بۇ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ناھايىتى مۇھىم بىر ھالقا ئىدى ، مۇشۇ ھالقا چىڭ تۇتۇلسا ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولاتتى . بۇ ، خەيرىگۇل ئىبراھىمنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىنىڭ بىرى ئىدى . بۇ قېتىمقى يىغىندا بىرقانچە يىلدىن بۇيان بۇ خىزمەتتە ئىزچىل سۆرەلمىلىك قىلغان ،مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان كەنت ، مەھەللە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن 13 نەپەر كادىر ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى ، ئۈچ نەپەر مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل خادىم قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلدى ، بىر نەپەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن بازار باشلىقىنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئارتۇق يىغىلغان پۇللارنى قايتۇرۇش ئۇقتۇرۇلدى .

يىغىن كىشىلەرنى بىر قېتىم سەگەكلەشتۈردى ، مۇشۇ خىزمەتتىكى نەتىجىنىڭ گەۋدىلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ، بازارنىڭ باشقا تۈرلەردىكى نەمۇنىلىك خىزمەتلىرىنىڭمۇ يوققا

چىققانلىقىدەك پاسسىپ تەرەپنى تۈزەشتە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس، خەيرىگۈل ئىبراھىم دەپ قارىدى ۋە تەنقىدلەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غۇدۇراشتى. لېكىن، كەنت، مەھەللىلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئۇنىڭدىن سۆيۈندى، چۈنكى خەيرىگۈل ئىبراھىم يىغىندىن كېيىنلا 150 نەچچە ئائىلىدىن ئارتۇق ئېلىنغان 3000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئىگىلىرىگە تارقىتىپ بەردى.

ئۇ يەنە، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا قارىتا ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. توققۇز نەپەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمنى يېتەكلەپ، 300 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 88 مەھەللىنى ئايلىنىپ، 3204 نەپەر ئايالنى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش بويىچە تەكشۈردى، بۇ جەرياندا ئۇ B تىپلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى قاتناش ۋاستىلىرىگە بېسىپ، ئۆيمۇ - ئۆي ئاپىرىپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشنى ئۆز ئورنىدا تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن ھەقسىز بەھرىمەن قىلدى. تۇغۇتتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللانمىغان 498 نەپەر ئايالغا تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللىنىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى ۋە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ يەنە پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت قانۇن، نىزام، بىلىملەر، سىياسەت ۋە جىنسىي ساغلاملىق بىلىملىرى ھەققىدە 3000 پارچە تەشۋىقات ۋەرەقى تەييارلاپ تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن، 2004 - يىلى 8 - ئايغا قەدەر 15 جۈپ ئەر - ئايال يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى، تۇغۇت

يېشىدىكى ئايالىلارنىڭ بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى ياكى باشقا جايلارغا بېرىپ تەكشۈرتۈشتەك قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ شۇ جەرياندا تارتىدىغان كىرا ، تەكشۈرتۈش ھەققى ۋە بىھۇدە ئىسراپ بولىدىغان ۋاقتى تېجىلىپ ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مۇشۇ بىر تۈردىكى چىقىمىنى 32 مىڭ يۈەن ئازايىتتى .

بۇ بىر قاتار خىزمەتلەر بازارلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭمۇ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى . 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا بۇ بازارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى ، نەتىجىنىڭ بۇنداق تېز قولغا كېلىشىنى بىر قېتىملىق يىغىننىڭ كەسكىن چاقىرىق قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش بىلەن بىر چاغدا ، خەيرىگۈل ئىبراھىمنىڭ مول خىزمەت تەجرىبىسى ، ئەستايىدىللىقى ، تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى . بۇنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق بىلىش ئۈچۈن بىز نەزەرىمىزنى ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلىرى ، بولۇپمۇ ، ئاقساقارال يېزىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىگە ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

## «تاتلىق ئانام كەپتۇ »

خەيرىگۈل ئىبراھىم سەھەردىلا كەنتكە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە باردى ،ئۇ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قومۇشلۇقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ، بۇ نېمە ئىش ؟ ئۇ ئەتراپقا قارىدى ، بىراق يېقىن ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى . بوۋاقنىڭ يىغلاپ تېلىقىپ قالغاندىن كېيىنكى جانسىز ئىڭە - ئىڭەلىرى ئۇنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئۇ ئۆزى بىلەن بارغان ئىككى نەپەر

ياردەمچىنى ئەگەشتۈرۈپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىردى ، ئۇ يەردە نېپىز بىر كۆرپىگە يۆگەپ قويۇلغان بىر بوۋاق تۇراتتى ، ئۇ تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان ، ئانا سۈتىگە تولۇق قانمىغان ، غۇبارسىز بىر قىز بوۋاق ئىدى . بۇ بىر شۇملۇقمۇ ياكى بەختسىزلىكمۇ ؟ بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئورتاق مەۋجۇت ئىدى ! خەيرىگۈل ئىبراھىم تەكشۈرۈپ ، ئۇنىڭ تاشلىۋېتىلگەن خەنزۇ بوۋاق ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ، چاي ، ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈزدى ، ئاندىن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدىدى . بىراق بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چىقمىدى ، باشقىلارمۇ بۇ بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمىدى . . . ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ قاتتى ، ئۇ بىر ھاياتلىق ئىگىسى ، بۇ دۇنيانىڭ يېڭى مېھمىنى ، ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھاياتقا تەلمۈرۈش ، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىنى سۈرۈشكە بولغان تەشنالىق چىقىپ تۇراتتى . خەيرىگۈلنىڭ ئانىلىق باغرى بوۋاقنىڭ بۇ ئۈن ـ تىنسىز ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلىشتىن مۇستەسنا بولالمىدى ، ئۇنىڭ باغرى بىردىنلا تىلىندى ، قەلبى ئۆرتىنىش ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىگە غەرق بولدى . ئۇ بۇ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنى باغرىغا مەھكەم باستى ،مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەكرار ـ تەكرار ، چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيدى ، مەڭزىنى ـ مەڭزىگە ياقتى !

بۇ 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى ئىش ئىدى ، ئۇنىڭ تومۇرىدىكى ھارارەت ۋە قەلبىدىكى ئوتلۇق مېھرىبانلىق بوۋاقنى بېقىۋېلىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى . ئۇ ئاخىرى شۇنداق قارارغا كەلدى ، بىراق ، ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى شۇنداق جاپالىق ھەم ئالدىراش ئىدى ، قانداق قىلسا بولار ؟ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسىمۇ بولاتتى ، لېكىن ،ئۇنىڭ ئېرى ئابلەت مۇھەممەتمۇ ئائىلىدە ئاتا ھەم ئانا ، ئېتىزدا دېھقان ،ئۇنىڭغا

قاراشلىق نۇرغۇن ئىش بار :20 مو يەر ،قوتاندىكى چارۋا ـ مال ، تېخى تولۇق كېرەككە كەلمىگەن تۆت بالا ئۇنىڭ يۈكىنى ھەر كۈنى ئاۋۇتۇپ تۇراتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ پەزىلەتلىك ئاتا ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ ، خەيرىگۈلنىڭ خىزمىتىنى شەرتسىز قوللاپ كېلىۋاتاتتى ،مانا ئەمدى يەنە بىر بالا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش ئالدىدا تۇراتتى ، ئۇ بۇنىڭغىمۇ قارشىلىق قىلمايتتى . ئابلەت مۇھەممەت بالىنىڭ كىچىكلىكى ، خەيرىگۈلنىڭ كۈن بويى يېزا ، كەنت ئارىلاپ زىممىسىگە يۈكلىگەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن يۈرۈيدىغانلىقىنى ، بالىنى بېقىشنىڭ شۇ قەدەر قىيىنلىقىنى ئويلىغان بولسىمۇ ، بىر ئامال قىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى . بۇ ئىشلارنى بىلىدىغان يەنە باشقا كىشىلەرمۇ قاراپ تۇرمىدى ، ئۇلار ئارىسىدىن بالىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان قەلبى پاك ، مېھرىبان كىشىلەرمۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ، بوۋاقنى بېقىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى . بوۋاق ئاخىرى 3 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىدىكى ھەسەن غوجا بىلەن گۈلقىز ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا بېرىلدى .قىزغا نۇرىمانگۈل دەپ ئىسىم قويدى .

مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ زېمىنى كەڭ ، تۇپرىقى مۇنبەت ، مەھسۇلاتى مول ، تەبىئىي توغراق كۆلىمى چوڭ بولۇپ ، بۇ يەرگە ھەر يىلى ئىچكىرىدىن نۇرغۇن خەنزۇ ئىشلەمچىلەر كېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى ،ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، جەمئىيەت ئامانلىقى ،پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتلىرىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس تەسىرلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇلار ئولتۇراقلاشقاندا ، تولا چاغلاردا كەنتنىڭ سىرتىدىكى جايلار ۋە كەڭ كەتكەن توغراقلىقلاردا ماكانلاشقانلىقتىن ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى ، بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىسە ،

يېزىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن خەيرىگۈل ئىبراھىم ئالدى بىلەن ھەر يىلى ئۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت بىلىم ۋە قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى، چۈشەندۈردى، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىملىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ئەلا ئىشلىدى، ئۇلار بىلەن باردى - كەلدىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دوستلۇق - ھەمكارلىقىنى، ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى دائىملاشتۇردى. بۇنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرى بولدى، نۇرغۇن ئىشلەمچىلەر پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى ھەم يېزىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلىرىگە ئاڭلىق بويسۇنىدىغان ياخشى كەيپىياتنى ياراتتى. لېكىن، يەنە بىر قىسىم ئىشلەمچىلەر باشقا جايلاردا ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەش جەريانىدا، مەخپىي بوشىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى، بەزىلەر مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ، بالىلىرىنى تاشلىۋېتىشتەك قىلمىش بىلەن شۇغۇللاندى.

خەيرىگۈل ئىبراھىم مۇشۇ خىزمەت داۋامىدا يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە ئىككى نەپەر خەنزۇ قىز بوۋاقنى تاشلىۋېتىلگەن جايدىن تېپىۋالدى: 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ھاۋا ئىنتايىن ئۇچۇق بولۇپ، قۇياشنىڭ ئوتتەك ھارارىتى زېمىننى قىزدۇرۇۋەتكەن، يالاڭ ئاياق دەسسىگەن ئادەمنىڭ پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇياق - بۇياققا يول يۈرۈشكە ئالدىرىتاتتى. خەيرىگۈل ئىبراھىم بىرنەچچە خىزمەتدىشى بىلەن يېزا مەركىزىدىن 20 كىلومېتىر يىراق جايدىكى تەڭ دەپ نامى بار 3 - كەنتكە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئىجراسىنى سۈرۈشتە قىلىپ بارغانىدى . ئۇلار كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا، يول بويىدىكى بىر

تاشلاندۇق گەمە ئۆيدىن بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ دەرھال ھارۋىدىن چۈشۈپ ، يىغا ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە يۈگۈرۈپ باردى ، بۇ يەردىكى بىر ئەسكى زاكىغا يۆگەپ تاشلاپ قويۇلغان بوۋاقنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى تىلدى .ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ خەنزۇ قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ ، بىرھازا تۇرۇپ قالدى . كېيىن ئۇ بالىنى يېقىن جايدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ،پەرۋىش قىلىپ يىغىسىنى توختاتتى .

. .

خەيرىگۈل ئىبراھىم دەرھال مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن كېڭىشىپ ،بالىنى شۇ كەنتنىڭ 4 ـ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مامۇت قادىر بىلەن نىساخان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا بەردى . بالا بېقىۋېلىش تەشنالىقىدا يۈرگەن بۇ ئەر ـ خوتۇن يۈرتقا چاي بېرىپ ، قىزغا ئارزۇگۈل دەپ ئىسىم قويۇپ ، قەدىرلەپ باقتى ؛ خەيرىگۈل ئىبراھىم يېزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ ، 20 ـ كەنتكە باردى . بۇ كەنت يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 48 ـ تۇەن مەيدانى بىلەن چېگرىداش بولۇپ ، بىر قىسىم ئاققۇن نوپۇس بۇ يەرنىڭ مۇرەككەپ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغاندى . خەيرىگۈل ئىبراھىم بۇ يەردە 10 نەچچە ئائىلىدىكى ئاققۇن نوپۇس بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر سىياسەت ، ئەمر ـ پەرمانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ، ئۇلار ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى توغرا يول بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ ، ئىدىيىدە بىرلىككە كەلدى . ئۇ قايتىپ كېتىش يولىدا مەھەللە چېتىدىكى تېرەكلىك ئارىسىدا بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى ، ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغدى ، كىم يەنە

بۇ تەتۈر پېشانىنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغاندۇ ـ ھە؟! ئۇ تېرەكلىك ئارىسىغا بېرىپ، يەنە بىر خەنزۇ قىز بوۋاقنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆردى، قىز بىر ئەسكى ئەدىيالغا يۆگەپ تاشلاپ قويۇلغانىدى... .خەيرىگۇل ئىبراھىم بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، بالىنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى. ئۇ بالىنى شۇ كەنتتىكى دېھقان غوپۇر قادىر بىلەن بۇخەلىچەم يۇنۇسنىڭ بېقىۋېلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بىرقانچە قېتىم ئېغىر ئاياق بولۇپ، بويىدىن ئاجراپ بالا يۈزى كۆرمىگەن بۇ ئەر ـ خوتۇنلار قىزغا تۇرسۇنگۇل دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۇنىڭ مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىش ئوتىدا كۆيدى ـ پىشتى!

خەيرىگۇلگە مىڭلارچە تەشەككۇر ياغدى .خەيرىگۇل ئىبراھىم قاچان شۇ مەھەللىلەرگە بارسا، يانچۇقىغا سېلىۋالغان تاتلىق ـ تۈرمە، پېچىنە ـ پېرەنىكلەر بىلەن ئۇ قىزلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئوقۇش ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. خەيرىگۇل بۇ بالىلارنى ئەركىلىتىپ «گۆھەر، تۇتى، بۆجېنىم»دەپ ئۆزى قويۇۋالغان چىرايلىق ئەركىلەتمە ئىسىملىرى بىلەن ئاتايدۇ، بالىلارمۇ ئۇنى كۆرگەن ھامان «تاتلىق ئانام، تاتلىق ئانام كەپتۇ!»دەپ چۇقان سېلىپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشىدۇ.

## تەھدىت ئالدىدىكى سۈكۈت

كىمدۇر بىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرىپ ،خەيرىگۇلگە باشقىلارنىڭ تەھدىت سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، يېزا رەھبەرلىرى قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىشتى ھەمدە دەرھال مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى .ئىش مۇنداق بولغانىدى :يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ

بىر نەپەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى، ئۇ خوتۇنى ۋە بالىلىرىنىڭ يېزا نوپۇسى بولۇشتەك ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، خۇپپىيانە ھالدا تۆتىنچى پەرزەنتنى كۆرگەنىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خەيرىگۈل ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تەپسىلىي ئەھۋالنى ئىگىلىدى ۋە بۇ قىلمىشىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، ئاندىن 200 يۈەن جەرىمانە قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ 1991 ـ يىلىدىكى ئىش بولۇپ، ئۇ بالىنى ھەم خۇپپىيانە قورساق كۆتۈرگەن، ھەم تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل يوشۇرۇپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى.

بۇ يىللاردا يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان چۈشەنچە تولىمۇ يېتەرسىز، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى قاتمال، بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچىلەرگە بولغان قاراش ئىنتايىن ناچار، خىزمەت بېسىمى ئېغىر ئىدى. «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيىدىن، كىشەنلەردىن تېخى تولۇق ئازاد بولمىغان، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئاساسى دەپ قاراش تېخى يوقالمىغان بولغانلىقتىن، خەيرىگۈل دائىم دېگۈدەك باشقىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى، تەھدىت سېلىشى، تىل ـ ئاھانەت قىلىشى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن ۋە ئېغىر ئالماس بولۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بىلەنمۇ كەسكىن مۇنازىرە قىلدى، ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچى يىغلىدى ۋە خەيرىگۈلگە تەھدىت سېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىمەن! دەپ پىچاق كۆتۈرۈپ چىقىپ زەخمىلەندۈرمەكچى بولدى. خەيرىگۈل: «مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى!» دېدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى قوغدىدى ۋە يېزىلىق پارتكومغا مەلۇم قىلدى. يېزا دەرھال ساقچىخانىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. كېيىن

ئۇ بۇ ئىشنى تاشلىۋەتمىدى ، بەلكى يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى . ئۇ بۇ ئىشنى بىر يىل سۈيلەپ ، جەرىمانىنى ئاخىرى ئەمەلىيلەشتۈردى ، بۇ جەرياندا يېزا ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ ، خىزمەت ئىشلىشى ئۇچۇن پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ قوللىدى ،بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىغا تەربىيە ئىشلىدى ، پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى ، ئوقۇتقۇچى جەرىمانىنى تۆلىگەندىن باشقا ، ئۇنىڭ كەسپىي دەرىجىسىمۇ تۆۋەنلىتىلدى .

80 - يىللاردا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا مۇشۇ خىزمەتكە كىرىشكەن خەيرىگۈل بۇ خىل ئىشلارغا كۆپ قېتىم يولۇقتى ، گەرچە 200 يۈەن ئانچە كۆپ پۇل بولمىسىمۇ ،ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇن ، پەرمان ، سىياسەتلىرىنىڭ ئوبرازى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ئۇچۇن كۈچلۈك ئەقىدە ، ساداقەتمەن پوزىتسىيە بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى ، تەر ئاققۇزدى . ئەينى يىللاردا كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى تېيىز ، پوزىتسىيىسى بەكمۇ قوپال ئىدى . كېيىنكى يىللاردا دۆلەتنىڭ بۇ ھەقتىكى قانۇن - نىزاملىرى مۇكەممەللىشىپ ، چەكلەش ، ئالدىنى ئېلىش ، تەربىيىلەش تەدبىرلىرى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولدى ، زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئازاد بولدى ، بۇ ، مەسىلىنىڭ تۈپتىن ھەل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيتتى .

2004 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ،خەيرىگۈل ئىبراھىم سېرىقبۇيا بازىرىغا يۆتكىلىپ باردى ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇپ ، ھەر يىلى ناھىيە تەرىپىدىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ كېلىپلا بايقىدەك ئىشتىن بىرسىگە يولۇقتى . بازارنىڭ 3 - ئاھالە

كومىتېتىدا ئۇلتۇرۇشلۇق ×× ئەر ـ خوتۇن تۆتىنچى پەرزەنتىنى كۆرمەكچى بولغانىدى، خەيرىگۇل بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھامان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە قورساقتىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش ھەققىدە تەربىيە ئىشلىدى. بىراق ئۇلار باھانە كۆرسىتىپ، تەھدىت سېلىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. خەيرىگۇلنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ بارغانسېرى قاتتىق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەر ئۆيىدىن پالتا كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنى چانىماقچى بولدى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئارىغا چۈشتى ۋە بازارلىق پارتكومغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ساقچىخانىنىڭ ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈردى، بۇنداق ئىشقا تالاي قېتىم ئۇچراپ يۈرىكى پىشىپ كەتكەن خەيرىگۇل جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھۇجۇملىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ھامىلىنى تېزلا بىر تەرەپ قىلدى ۋە كېيىنكى بىر مەزگىللىك كۆتۈنۈشلىرىدە پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەتلىرىدىن ھەقسىز بەھرىمەن قىلىپ، سەممىيىتى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئىپادىلىدى. بۇ يىل 7 ـ ئايدا، بۇ.بازارنىڭ 18 ـ كەنت تەۋەسىدە ئۇلتۇرۇشلۇق بىر ياش دېھقان پەرزەنتلىك بولۇش شتاتىغا ئىلتىماس قىلدى، خەيرىگۇل بۇنىڭغا قارىتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەرتىپ بويىچە ئىش قىلدى، تەكشۈرۈشتە بەزىلەر ئۇنىڭغا : «بۇ بالىنىڭ باشقا جايدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغاندا تۇغۇلغان پەرزەنتى بار» دېگەن ئىنكاسنى مەلۇم قىلدى. ئەسلىدە ئاساسىي قاتلامنىڭ رەسمىيەتلىرى تولۇق ئۆتۈلۈپ بولغانىدى، خەيرىگۇل بۇنىڭغا سەل قارىماي شتات بېرىش رەسمىيەتلىرىنى توختىتىپ قويدى ۋە نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، بۇ گەپلەرنىڭ پىتنە ـ پاسات ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى .بۇ بىرقانچە ئىش يېقىنقى خىزمەت ئورنىدا ئۇنىڭ خىزمەتتىكى جان كۆيەرلىكى، ئىش بېجىرىشتىكى

ئەستايىدىللىقىنى نامايان قىلدى.

## ئۆزاق يولدىكى ئىزلار

خەيرىگۈل ئىبراھىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا پۈتتۈرۈپ، 1976 - يىلى ئاقساقمارال يېزىسىدىكى دېھقان ئابلەت مۆھەممەتكە ياتلىق بولدى. 1997 - يىلى پارتىيىگە كىردى. توي قىلغاندىن كېيىنكى 28 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ئۇلار بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، جاپالىق ئىشلەپ، بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىش يولىدا ئورتاق تەر تۆكتى. ئۇلارنىڭ ھازىر تۆت پەرزەنتىدىن ئۈچى ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئائىلىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. ئەينى يىللاردا بۇ يەردە ساۋاتلىق بارلار كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ خەيرىگۈل ئىبراھىمغا ئوخشاش كۆپرەك ئوقۇغان ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى قەيسەر، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى، قېيناتا - قېينانىسى سەممىي كىشىلەر بولغانلىقتىن، خەيرىگۈلنى ئىنتايىن قەدىرلىدى، ئۇ قەدىرلەنگەنگە يارىشا ئىش قىلىدىغان ياش، جۇشقۇن، يارامىلىق يېزا ئايالى ئىدى، ئۇ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، ئائىلىنى كۆيۈنۈپ باشقۇراتتى، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشى، ئىززەتلىشىگە ئېرىشىپ كۆزگە كۆرۈندى. 1976 - يىلى كەنت رەھبەرلىرى ئۇنى كەنتنىڭ يالاڭ ئاياق دوختۇرلۇق كۇرسىغا كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي تەربىيىلىنىپ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تېخنىكا بىلىملىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئۆگەندى. كەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ سەييارە داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئامىمنىڭ ۋە تەشكىلنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا ئۇ بېرىلىپ ئۆگىنىش، تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق، كەسپىي

ساپاسىنى ئۆستۈردى ۋە يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا تاكى 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا يۆتكەلگەنگە قەدەر سېستىرالىق ، دورىگەرلىك ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى . جاپالىق خىزمەت ئۇ پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن باشلاندى ، ئۇ ھەممە ئىشنى يېڭىدىن قىلىشى ، كىشىلەرگە بىلدۈرۈشى ، ئۆگىتىشى كېرەك ئىدى . يېزىنىڭ كەنت ، مەھەللىلەرگە تۇتىشىدىغان يوللىرى توپىلىق ،قاتناش قۇلايسىز ، ئاھالە تارقاق ، شارائىت ناچار ئىدى . ئۇ مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئاقساقمارال يېزىسىدىكى 22 كەنت ، 20 نەچچە ئىدارە ـ ئورگاندىكى 20 نەچچە مىڭ نوپۇسنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزى يالغۇز ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ئۇ شۇ چاغدىكى پارتىيىنىڭ ، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسەتلىرىنى ۋە نىشانلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈردى .

ئەينى يىللاردا ئۇ ئىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەشۋىق قىلىشقا قاراتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈن بويى كەنت ، مەھەللىلەرگە بېرىپ ، ئاساسىي قاتلام ئاممىسى بىلەن سىرداشتى ، ئۇلارغا سىياسەتنى چۈشەندۈردى . بەزىدە ئۇ قاتناش قۇلايسىزلىقى تۈپەيلىدىن بارغان جايلاردا قونۇپ قالدى . يېزا ئۇنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرىنى سەپلەپ ، قايسى ۋاقىتتا لازىم بولسا ، قايسى كەنتكە بارسا ، شۇ كەنت ئىگە بولۇپ ئاپىرىپ قويۇپ ، تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەدەت بەردى ؛ ئۇ كەنت ، مەھەللىلەردىكى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇلارنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى .

90 ـ يىللاردىن كېيىن ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ

نۇقتىسى تىزگىنلەش، ئالدىنى ئېلىشقا بۇرالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەت بېسىمى ئېغىرلاپ كەتتى، بۇ خىزمەتتە زامانىۋى ئۇسۇلدىكى تېخنىكىلىق مۇلازىمەت ۋە يۇقىرى سەۋىيىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلەپ قىلىنىدىغان ھالەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت تايانچلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەر ۋاقىت كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ بىر قىسىم كەسپىي تايانچلارنى شەرەپ بىلەن قايتۇرۇپ، ئىككىنچى سەپكە چېكىندۈرۈش، ياش، قابىللارنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاقساقارال يېزىسىدىن بېرىپ ئوقۇپ، بەش خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 60 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى تەربىيىلەپ، ئۇلاردىن لاياقەتلىك بولغان 22 نەپىرىنى كەنتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قوشۇنىغا سەپلەپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى.

خەيرىنگۈل ئىبراھىمنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىكى شۇكى، ئۇ يېڭى، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلدى. ئۇ 1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن تۇغۇت يولىنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنى يولغا قويغاندا، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، بۇ ئىشنى قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولدى، بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ يېزىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار تۇغۇت يولىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈنۈملۈك تۇغۇت چەكلەش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ يېزىدىكى 500 دىن ئارتۇق ئايال بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللاندى؛ يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىمۇ مالىيەدە قىيىنچىلىقنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ

تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 1995 ـ يىلى B تىپلىق ھامىلە تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ،ناھىيە بويىچە تۇنجى بولۇپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن سەپلەپ بەردى . خەيرىنگۇل ئاياللارنىڭ يۈكىنى ،ئىقتىسادىي چىقىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، بۇ ئاپپاراتنى ھارۋا ياكى ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت بىلەن كەنت، مەھەللىلەرگە ئاپىرىپ، ئاياللارنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن بىرى، دېھقانلارنىڭ يول كىراسى ئازايدى، ۋاقتى زايە بولمىدى . يەنە بىرى، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئېشىپ، يوچۇق چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاقساقمارال يېزىسىدىكى ئاياللارنىڭ ھەر يىلى مۇشۇ ئىشقا كېتىدىغان چىقىمىدىن 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تېجەپ بەردى؛ ئۇ يەنە كەڭ ئاياللارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىپ ،بىر ياكى ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش بويىچە شەرەپلىك ئائىلىلەر سانىنى كۆپەيتىپ، يېزىنىڭ نوپۇس سانىنىڭ مۇقىم تۆۋەن نىسبەتتە بولۇشىغا ئاساس سالدى . شۇڭا بۇ يېزا نوپۇسنى تىزگىنلەش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ناھىيە تەرىپىدىن ئۇدا ئون يىل قىزىل بايراقدار ئورۇن بولدى

## غۇبارسىز قەلب

خەيرىنگۇل ئىبراھىم ئېرى ئابلەت مۇھەممەتنىڭ چاقچاق ئارىلاش پۇل سۈيلەشلىرىنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئاشۇنداق چاقچاقلار تۈپەيلىدىن مۇنداق بىر قىزىق ئىشمۇ يۈز بەرگەن : شۇ قېتىم خەيرىنگۇل ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان بىر قوچاق مۇكاپاتنامىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ : «مانا بۇ

مەندىكى پۇل ، مانا بۇ مېنىڭ ئەجرىمنىڭ مېۋىسى ! »دېگەنىدى . سىرتقىبۇيا بازىرىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ بۇنداق ئىشنى بىرقانچە قېتىم قىلدى . ئۇنى نام چىقىرىش ئۇچۇن شۇنداق قىلدى دېگەنلەرمۇ بولدى ، بەزىلەر بىز قىلالايلى دېسەك ئۇچرىمايدۇ ، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەيرىگۇلگىلا ئۇچرامدۇ ؟دەپمۇ باقتى ، بىراق ، ئۇنىڭ كارى بولمىدى . بىلىش كېرەككى ، كونىلاردا «ئۆدەك يېگەندە ، غازنىڭ پېيىدە بول !» دەيدىغان گەپ بار . خۇددى شۇنىڭدەك ، ئۇ ھەمىشە شۇ ئىشنىڭ غېمىدە ، شۇ ئىشنىڭ پېيىدە يۇرۇيدىغان ، كەسپكە چىن ئەقىدە قىلغان ،شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە قەيسەر ، ساداقەتمەن ئايال كوممۇنىست .

2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ، بازارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بازار بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ، خەيرىگۇل ئىبراھىم 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 11 ـ كەنت كومىتېتىغا بىر گۇرۇپپا ئادەمنى باشلاپ باردى .ئۇ 3 ـ مەھەللىدىكى تاجىخان سادىرنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، 50 ياشلىق بۇ تۇل ئايالنىڭ نوپۇسىدىكى ساندىن ئىككى ئادەم ئارتۇق چىقتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ ئېنىقلاش ، تەكشۈرۈشنى باشلىدى . ئەسلىدە بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى 20 ياشلىق ئابلىكىم ، يەنە بىرى 13 ياشلىق ئابدۇغېنى بولۇپ ، ئۇلار بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن يېتىم قېلىپ ،ھامىسى تاجىخان مۇمايىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغانىدى .ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە باشقا ھېچقانداق مال ـ مۈلكى بولمىغانلىقتىن ، ھەر قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالغانىدى . خەيرىگۇل ئۇلارغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتتى ، ھېسداشلىق قىلدى . ئۇ قايتىپ بېرىپ ،بىر قاتار رەسمىيەتلەرنى ئۆزى قول سېلىپ بېجىرىپ ، نوپۇس

رەسمىيەتلەرنى تولۇقلاپ بەردى . بۇ جەرياندا ئۇ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ۋە تارماقلارغا تەكرار چۈشەنچە بەردى ، خالىس خىزمەت قىلدى . ئۇ شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي ، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ، كېيىنكى تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ، ئۆيلۈك يەر ئورنى ھەل قىلدى . ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچ نەرسە بولمىغانلىقتىن ، خەيرىگۈل جەمئىيەتكە مۇراجىئەت قىلىپ ، مەبلەغ توپلاشنى تەشەببۇس قىلدى ، ئۆزى باش بولۇپ پۇل ئىئانە قىلدى ھەمدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سېپىدىكى كەسپىي خادىملارنى پۇل ئىئانە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى . 2005 - يىلىغا بارغاندا ئۇلارغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ قويدى . ئابدۇغېنى ئابلىمىتنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ،خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇنى ناھىيىلىك يېتىم - يېسىرلار مەكتىپىگە تونۇشتۇردى . ئۇ شۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ شۇ يەردە ھەقسىز ئوقۇپ ، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولدى . بۇ ئىشقا كەڭ دېھقانلار ، ئابلىكىم بىلەن ئابدۇغېنى پەرىشتە ئانىغا ئېرىشتى ، يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدا دېگەندەك بەختىنى تاپتى ! دەپ ماختاشتى .

بازار ئىچى 4 - ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر جۈپ تىلى ئاجىز ئەر - خوتۇن مېيىپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدى ، ئۇلار بۇ يىل يەنە قايتا پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسى بىلەن بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا ئىلتىماس قىلىپ كىردى . خەيرىگۈل ئىبراھىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، بۇ ئەر - خوتۇنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە قايتا پەرزەنتلىك بولۇشتا يىراقنى كۆزلەش لازىملىقىنى ، قايتا پەرزەنتلىك بولسا ، كەلگۈسىدە ئۈچ بالىنى بېقىشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، تۇغۇت

يولىنى چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ چاغدا ، بۇ ئىككى تىلى ئاجىز كىشى بالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى باھانە قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى ، خەيرىگۈل ئۇلارغا قايتا ـ قايتا چۈشەنچە بەردى ، ئۇلارنىڭ مۇقىم كىرىمىنىڭ يوقلۇقى ، بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن كېتىدىغان راسخوت قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر ھېسابات قىلىپ ، يەنە بىر پەرزەنتلىك بولسا ، ئائىلە يۈكىنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلىشىدىغانلىقىنى پاكىت ـ ئاساسلار بىلەن دەلىللەپ بەردى .ئۇلار بۇنداق چۈشەندۇرۇشنى ئاڭلاپ ماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا قوشۇلدى . بىراق ئۇلارنىڭ داۋالىنىش ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەيتتى . خەيرىگۈل ئىبراھىم بەلگىلىمە بويىچە ئۇنىڭغا 1100 يۈەن ھۆكۈمەت ياردەم پۇلىنى ھەل قىلىپ ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى ، لېكىن ، بۇ پۇل ئۈچ كۈندىلا تۈگەپ كەتتى ، بۇ چاغدا خەيرىگۈل ئىبراھىم جىيا تىڭيىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . جىيا تىڭيى دوختۇرخانا رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئايالنىڭ داۋاملىق داۋالىنىشىنى تاپىلىدى . ئايال 12 كۈن داۋالىنىپ ، ئوپېراتسىيىدىن تولۇق ساقىيىپ چىقىپ كەتتى . خەيرىگۈل ئىبراھىم 120 يۈەنلىك يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ ئۈچ قېتىم يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى . خەيرىگۈل ئىبراھىم بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي ، خەلق ئىشلار تارماقلىرىغا بۇ ئايالنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ بېرىپ ،ئۇلارنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلە قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ياردەم بەردى . ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ماسلىشىپ ، بۇ خىزمەتنى قوللىغان ۋە باشقا جايلارغا بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان توققۇز ئايالنىڭ 5300 يۈەن داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىپ ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ماسلاشقانلارنى قوللاپ ، باشقىلارنى

ئىلھاملاندۇردى .

راست ، ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن قانچىلىك شەخسىيەتسىز تەر تۆكۈپ ، خالىس ئىش قىلغانلىقىنى نۇرغۇن ئادەم بىلىدۇ ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەرىپىمۇ ئاز ئەمەس ، ھېلىقى ئۈچ نەپەر تېپىۋالغان بالىغا ھېيت - بايراملاردا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىپ ، ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى ؛تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر 47 دېھقان ئائىلىگە 5760يۈەن بېرىپ ، خالىس ياردەم قىلدى ؛ باشقىلار تەرىپىدىن تالاي قېتىم سوۋغا قىلىنغان ماددىي نەرسىلەرنى دەل ۋاقتىدا قايتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىنى رەت قىلدى . ئۇنىڭ خىزمەتكە ، كەسىپكە بولغان غۇبارسىز قەلبى ، ساداقەتمەن ئەقىدىسى يەردە قالمىدى .

سېرىقبۇيا بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ بۇ بازاردىكى بىر قىسىم مېيىپ ، ئاجىز كىشىلەرنىڭ تۇغۇت چەكلەشتە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ ، ئۇلارغىمۇ خالىس ياردەم قىلىپ ، غەمدىن خالاس قىلدى . ئۇ يەنە بۇ بازاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى ، ئىلگىرى يەكۈنلىگەن ئىلغار تەجرىبىلەرنى يولغا قويۇپ ، يېڭىلىق يارىتىش ، تۆھپە قوشۇش ، نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن جان پىدا قىلدى . ئۇ 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئائىلىسىگە بارماي ، كۈچىنىپ ئىشلەپ چارچىغانلىقتىن ، ئۆت ياللۇغى ھەر مىنۇت قوزغاپ ئازاب سېلىپ تۇردى . مانا ئۇ ھازىر چاچلىرى ئاقىرىپ ، بەللىرى پۈكلىنىپ ، ھاياتنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان سوۋغىلىرىغا شېرىك بولدى . بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ پارتىيە ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى ،ئۆزىنىڭ ئۆلمەس

ئەقىدە، تالماس روھىنى پۇتكۇل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقى، نوپۇس ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەقدىم قىلدى. شۇڭا ئۇ 20 نەچچە يىل مابەينىدە يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە 40 نەچچە قېتىم ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، تۆھپە قوشقۇچى ئىلغارى بولدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى.











خەيرىگۈل ئىبراھىم-
نىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىدىن
كۆرۈنۈشلەر






# «ئوت» ئىچىدىكى

# ھايات



## ھايات سىيماسى

تۇرمۇشنى بىر ۋاراق ئاق قەغەز دېسەك ، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشىشى ۋە تىركىشىشى جەريانىدا ئاقتۇرغان ئىسسىق قېنىمىز ، مېھنەت تەرىمىز ۋە كۆز يېشىمىزنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھاياتىمىزنى قېرىنداش قەلەمگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ . قېرىنداش قەلەم ئاپئاق قەغەزگە ئىنچىكە بەدىنى بىلەن بىز باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلەرنى تىزىدىغان مۇھىم قورال . باشقا قەلەملەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ ، سىياھ قەلەم ۋە موي قەلەملەرنى پەقەت سىياھ بولسىلا ئۇزۇن مەزگىل تەكرار ئىشلەتكىلى بولىدۇ . قېرىنداش قەلەم خەت يازسىڭىز ئۇپرايدۇ ، خورايدۇ ، بۇ دەل بىزنىڭ بىر كۈن ، بىر كۈندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ، مەڭگۇ قايتىپ كەلمەيدىغان ھاياتىمىزنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ ؟ سىز قېرىنداش قەلەم بىلەن بىرەر ھەرپ ، ھەتتا بىرەر جۈملىنى خاتا يېزىپ قويسىڭىز ، ئۇنى ئۆچۈرگۈچ بىلەن ئۆچۈرۈۋېتەلەيسىز . ئەمما بىھۇدە كەتكەن ۋاقىت ، ھاياتنى ئاددىي رەۋىشتە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ . دېمەك ، خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇش قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس ، خاتالىقنى تونۇشقا ، ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلماسلىق ، ئۆزگەرتىشنى خالىماسلىق ئەڭ قورقۇنچلۇق . ھاياتلىق بەجايىكى قېرىنداش قەلەم : ئۇ بىزگە كەلگۈسىدىكى خۇشاللىق ، ئۈمىدكە تولغان ھايات كارتىنىمىزنى سىزىپ ، ئىلھام بېرەلەيدۇ ، ئادەم بولۇش يولىنى ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزىدەك ئېگىلمەس تۈپتۈز تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ .

قىبلىنەما (6)

## ئىزدىنىش

ئۇ ئەزەلدىنلا تىرىشچان، بىلىم ئېلىشقا خۇشتار ياش ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تەقدىرى تەتۈر كەلدىمۇ ياكى پېشانىسىگە پۇتۇلگىنى شۇمۇ، 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دۆلەت بىر تۇتاش ئالغان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالدى. بۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇردى، شۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش تېپىپ بەرگۇدەك، ھەتتا يېزىدىكى بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغۇدەك ئىمتىيازىمۇ بار ئىدى، چۈنكى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى مىجىت ئەبەيدۇللا ئەشمە يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئانىسى نىسەپخان ئابرۇيلۇق پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كىمگىلا دېسە، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ بېرىشكە تەييار ئىدى، بىراق ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلمىدى، ئۇرۇنۇپمۇ باقمىدى.

كامىلجان بىر مەزگىللىك ئىچ پۇشۇقىدىن كېيىن، ئۆزىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى ئۆزى تۈگىتىش قارارىغا كەلدى، ئۇ: «ئۇرۇمچىگە بېرىپ تىجارەت قىلايمىكىن!» دەپ ئويلىغىنىدا كۆڭلى پاللىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەملىرى ئاۋۇپ كەتتى، ئۇلار ئوغلىنىڭ ئىقتىداردىن، تىجارەت قىلىپ تۇرمۇشنى قامداپ كېتىشىدىن غەم قىلمىسىمۇ، يەنىلا ئەنسىرىمەي تۇرالمىدى. بىر مەزگىللىك تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن، ئۇ ئۇرۇمچىگە يول ئالدى. تونۇش ـ بىلىش، يۇرتداشلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تاغىسى ئۇنىڭغا

تىجارەتنىڭ پېشىنى تۇتقۇزدى . قىلىپ باقمىغان بۇ ئىشقا ئۇ دەسلەپ كۆنۈپ كېتەلمىدى ، كېيىن بارا - بارا كىرىشىپ كەتتى . ئەمما ئۇنىڭ تاپقان پۇلى كۆپ بولمىدى . ئۇ ، بۇ يەردىمۇ يەنىلا بىلىمگە ، پەم - پاراسەتكە تايىنىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى .ئۇ تەرەققىي قىلغان زامانىۋى شەھەرنىڭ پۇقراسى بولۇش ۋە رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ، مەيلى تىجارەتتە بولسۇن ، مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن ، ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى . ئۇ ئالدى بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتتى . ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ، كېچە سائەت 12 گىچە كەچلىك بازار ، كوچا - كويلاردا يايما ئېچىپ ، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچە ئۆگەندى . ئۇ بۇ ئىشنى بىر يىل داۋاملاشتۇردى . بىر قورۇدا ئولتۇرغان خەنزۇ قوشنىلىرى ۋە بىللە تىجارەت قىلغان تونۇشلىرى تىل ئۆگىنىشتە ئۇنىڭغا ئۇستاز بولدى . بىرەر جۈملە خەنزۇچە بىلمەيدىغان كامىلجاننىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىدى ، ئۇ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ، ئوقۇيالايدىغان ، يازالايدىغان ، ھەتتا يۇمۇرلارنى سۆزلىيەلەيدىغان بولدى . بۇ ئۇنىڭ تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشى ،ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى ۋە بىرنەچچە 10 مىڭ يۈەن پۇل تاپتى . مۇشۇ جەرياندا ئۇ باشقا پەنلەرنىمۇ ئۆگىنىش ، ئۆزلەشتۈرۈشنى تاشلاپ قويمىدى . ئۇ ھامان ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىمەن ، ياراملىق ئادەم بولۇپ ، جەمئىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشىمەن ، دەپ ئويلايتتى .1989 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىپى ، ئۆزىنىڭ يۇرتقا بولغان سېغىنىشى تۈپەيلىدىن ئەشمە يېزىسىغا قايتىپ كەلدى ، بۇ يەردە ئۇ يەنە بىكار تۇرماي ،تۇرلۇك ماتېرىياللارنى توپلاپ ،كۆپ

تەرەپلىمە بىلىم تولۇقلىدى . 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى ، ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كادىر تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قاتناشتى ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، ئۆز يېزىسىدىكى يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى . ئۇ كوپېراتىپنىڭ باش كاسسىرلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ، ئۇ بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولمىغانلىقتىن ، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى . ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن يۈك بەك ئېغىر ئىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن ،كەسپىي خىزمەت ۋەزىپىسى بولغان نەق پۇل كىرىم قىلىش ، چىقىم قىلىش ئىشلىرىنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، پېشقەدەم بانكىرلار ۋە تەجرىبىلىك خىزمەتداشلىرىدىن ، بانكا ، پۇل مۇئامىلە كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۆگىنىش ، تەتقىقلاش ، تەجرىبە توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇ تولىمۇ ئەستايىدىل ، مەسئۇلىيەتچان ئىدى . ئۇ كەسپىي ساپا ، بىلىم قۇرۇلمىسى ، كەسپىي نەتىجىسىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى ، شۇڭا 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايغا قەدەر ئارقا ـ ئارقىدىن شەرەپ قۇچتى .

تەشكىل ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، يېزىلىق شۆبە كوپېراتىپنىڭ بوغالتىرى ، باش كوپېراتىپ بوغالتىرى ، بوغالتىرىيە تەپتىشى قىلىپ بېكىتتى ، ئۇ بۇ جەرياندا بىرەر قېتىممۇ سەۋەنلىك سادىر قىلماي ئىشلىگەنلىكتىن ، 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارتىيىگە كىردى . ئۇ نەدە بولسۇن ، پاراسەت ۋە كەسپكە بولغان ساداقىتىنى نامايان قىلىپ ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئۈلگە بولۇپ ،ئىگىلىك تىكلەش ، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا بىر قاتار نەمۇنىلىك تەجرىبىلەرنى يارىتىپ بەردى . تەشكىل ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى ، كەسپكە

پىشقانلىقى ، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويىدى : ئۇ ، 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ، يوپۇرغا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى قارىمىقىدىكى سابىق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپ بۆلۈمىنىڭ تەپتىشى ، 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەكشەنبە بازار يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى ، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يوپۇرغا ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، كوپىراتىپنىڭ مۇدىرى ، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يوپۇرغا ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ، ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ باش مۇدىرى ، بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ باش مۇدىرى بولدى .مانا مۇشۇ جەريانلاردا كامىلجان مىجەت بارلىق ئەقىل ـ پاراستى ۋە ۋاقتىنى بىلىم ئېلىشقا ، ھەربىر تۇردىكى خىزمەتنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى ، ئۇ ئاساسي قاتلامدا مالىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىش بىلەن بولسا ، ئەمەل تۇتقاندىن كېيىن ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ، ئىگىلىك تىكلەش بىلىملىرىنى ئىگىلىدى . ئۇ يەنە ، 1992 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ، 2001 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ئىشتىن سىرت ئوقۇپ ،ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملىدى . ئۇنىڭ مۇشۇ جەريانلاردىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ھەممىسى ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆگىنىش ،تەتقىق قىلىش ، تەتبىقلاش ، ئەستايىدىل ، جانلىق ئىشلەش ،مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ،كەسپكە مەسئۇل بولۇش ئىدىيىسى بىلەن نۇرلاندى .

# جاپانىڭ تېگى راھەت

كامىلجان مىجىت يەكشەنبە بازار يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىغا مۇدىر بولۇپ بارغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ يەردىكى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتىشىگە گۇمان بىلەن قارىدى، 1966 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۇغۇلغان بۇ يىگىت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەجرىبىسى كەمچىل «گۆدەك بالا» ئىدى. ئەمما، گەپ ئۇنىڭ «گۆدەك بالا»لىقىدا ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكى 10 نەچچە ئادەمنىڭ بەزىلىرى بىر ئورۇندا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن، بەزىلىرى قېرىپ قالغان، تەرتىپ ـ تۈزۈم بىر خىل، ئۆزگىرىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، خىزمەت ئۇسۇلى قاتماللىشىپ كەتكەنىدى. كامىلجان مىجىت بىر مەزگىل ئۇ ئىشنى، بۇ ئىشنى قىلىپ باقتى، ئۇ يەردىكى خىزمەتداشلىرى، بولۇپمۇ پېشقەدەملەرگە يول قويىدى، پىكرىنى ئېلىپ باقتى ھەم ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت يۆنىلىشى ھەققىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتى، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن، ھەرىكىتىدىن قوللاش ئالامىتى ئەمەس، بەلكى نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ خىزمەت قىلىشىغا بوي بەرمەي، كارى بولماي، مەنسىتمەي يۈرۈۋەردى. ئۇلار، بۇ يەرنىڭ شارائىتى شۇ، ئىش يۈرۈشۈۋاتقاندىن كېيىن ئارتۇق كۈچەشنىڭ ھاجىتى يوق، مەسىلە چىقمىغانلىقىنىڭ ئۆزى خىزمەتنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايتتى. بۇنىسى راست، يەۋالمىسا، ئارتۇق ئىگىلىۋالمىسا، خىيانەت قىلمىسا، قائىدە ـ تۈزۈمگە بويسۇنسا تازا ياخشى بولغىنى، بىراق ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ قائىدە ـ تۈزۈم بىلەن كارى بولماسلىق مەسىلىسى ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇئامىلدارلارنىڭ ھەممىسى

ئۆزلىرىگە ھاجەتمەن ، ئۇلار بولسا ، ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى ، قايسى چاغدا كەسىپ بېجىرسە بولىۋېرىدۇ ، مۇئامىلىدارلار ئۇلارغا بويسۇنىدۇ ، قەرز ئالىدىغانلار ۋاقتىدا قەرز ئالالمىسىمۇ ، ئامانەت قويغانلار ئامانەت پۇلىنى دېگەن ۋاقتىدا ئالالمىسىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ، بۇ يەردىكى خىزمەتچىلەر مۇئامىلىدارلارنى ئەنە شۇنداق ئۆزىگە «ئۆگىتىۋالغان» ئىدى . بۇنداق قاتاللىق ئۇلارنى تولىمۇ تەكەببۇر ، مەمەدان قىلىپ قويغانىدى . كامىلجان ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلاندى ، بۇ يەردە ھېچقانداق يەردە يوق خىزمەت پوزىتسىيىسى مەۋجۇت ئىدى ··· ھازىر قانداق دەۋر ؟ ئۇچۇر ، رىقابەت شۇنداق كەسكىن بولىۋاتقان شارائىت ئاستىدا ، ئۇلار داۋاملىق مۇشۇ پەدىدە ماڭسا ، ئاخىرقى ھېسابتا خاراب بولماي قالمايدۇ . ئۆزىنى ئۆزى باقىدىغان ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى مۇشۇنداق بىر ئورۇنغا نىسبەتەن ئاشۇ بىر قاتار قاتاللىقنى كەسكىن ، تېز سۈرئەتتە تۈزەتمىسە بولمايتتى . كامىلجان مىجىت مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرقانچىنى تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىنچىكىلىك بىلەن قېزىپ ، تۈزىتىشنىڭ يوللىرى ، چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى ، ئىزدەندى . ئۇ كوپىراتىپ نىزامنامىسىگە ئاساسەن ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزدى ۋە ئۇنى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بويىچە يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدىيىۋى تەييارلىقنى پۇختا ئىشلىدى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇناسىۋەتلىك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۆگىنىشكە ، ئىدىيىۋى - سىياسىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى . بىرقانچە ئايلىق تەربىيە - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا كېلىش ، ئىشتىن چۈشۈش ، كەسىپ بېجىرىش ۋاقتىنى

كاپالەتكە ئىگە قىلدى . ئىنچىل «كونا سەنەم» گە دەسسەپ ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلغان ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەن ، كەسپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئىككى نەپەر كەسپىي خادىمنى يۇقىرىغا يوللاپ ، ئۇلارنىڭ خىزمەت مۇھىتىنى ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى بىرىپ ئالماشتۇردى . ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بىر ئورۇندا ئىشلەشنى چەكلەش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ، بۇ جايدىكى ئۇزاق يىل بىللە ئىشلىگەن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى باشقا جايغا يۆتكىدى . بۇ بىر قاتار خىزمەت جەريانىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىنى قايتا - قايتا ئاغرىتىپ ، سۆلھى - سالا قىلىپ ، ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى قوغداپ قېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . بەزىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ئورگانلاردىكى يۆلەنچۈكلىرىمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىگە توسالغۇ پەيدا قىلدى ،لېكىن ئۇ خىزمەتنىڭ كېلەچەكتىكى چىقىش نۇقتىسىنى نەزەردە تۇتۇپ ، مادارا قىلماي ، سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بەردى . ئۇ توختاپ قالمىدى ،ئىرادىسىدىن يانمىدى . بەلكى پاكىت ،ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مادارا قىلىشنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرگە رەددىيە بەردى ؛ خادىملارغا قارىتا ۋەزىيەت تەربىيىسى ، تەرەققىيات ، رىقابەت كۆزقارىشى تەربىيىسى بەردى .

كامىلجان مىجىت شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خىزمەت ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ، يېڭى كەيپىيات يارىتىش ،ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق ، دېھقانلار ، يېزا ،يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۇچۇن»خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى . 50 - يىللاردا ، دېھقانلار ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن پاي قوشۇپ قۇرغان ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يەنىلا دېھقانلارغا تايىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشاتتى . شۇڭا ، كامىلجان مىجىت ئۆز ئورنىنى دېھقانلارنىڭ خاس بانكىسى بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلىش

ئۇچۇن ، كەسپىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرۇشنى چىڭ تۇتتى ، ئىش ئورنىدا ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى ، مۇكاپات ـ جازا ئېنىق بولغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى ؛كوپېراتىپنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەشتە ، ئىش ئۇنۇمى ،سۈپىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ، ئەمەلىي ئىش قىلىش بىلەن بىر چاغدا ، تەشۋىقاتنى كۆپ تەرەپلىمە ئېلىپ باردى ؛ ئامانەت پۇل ۋە ئامانەت پۇل مىقدارىنى ، تۈرىنى ئېنىقلاپ ،ۋاقتى ـ قەرەلى توشقان پۇللارنى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ مەلۇم قىلىپ ، قايتۇرۇۋالسا ئۆسۈم ۋە دىرىنى تولۇق بەردى ، ئامانەت قويسا قايتىدىن ئامانەتكە قوبۇل قىلدى . بۇنىڭ بىلەن بانكا بىلەن مۇئامىلىدارلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى ، مۇئامىلىدارلارنىڭ باھاسىمۇ يۇقىرى بولدى .

1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى سىناق قىلىش باشلانغاندا ، بۇ كوپېراتىپ ناھىيە بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللاندى ، بۇ سىناق ئادەتتىكى سىناق بولماستىن ، كاملجان مىجىتنىمۇ سىنايدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى . شۇڭا ئۇ ھەربىر قەدەم ـ باسقۇچنى بۇ يېڭى خىزمەتنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ،باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈردى ، ئۇ بۇ ئىشتا يەنە بىر قېتىم نەتىجە قازاندى . شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ، ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسى ھەر قايسى يېزا ـ بازارلارنىڭ كوپېراتىپ مەسئۇللىرى ۋە دېھقان ۋەكىللىرىدىن 120 كىشىنى قاتناشتۇرۇپ ، بۇ يېزا كوپېراتىپىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ ، كوپېراتىپ نىزامنامىسىگە ئاساسەن ، ئىجرائىيە ھەيئىتى ۋە تەپتىش ھەيئىتىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . قۇرۇلتاي

كاملجان مىجىتنى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا قايتىدىن سايلىدى . بۇ ئىشتىن كېيىن ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلتاي ئېچىپ ، كاملجان مىجىتنىڭ تەجرىبىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى . ھەمكارلىق تۈزۈمى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى — پاي قوشۇشنى تېزلىتىش ، ئامانەت قالدۇقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنى ئاشۇرۇش ئىدى . بۇنىڭغا ئاساسەن ، كاملجان مىجىت شۇ چاغدىكى دېھقانلار بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەت ۋە ئىناۋىتىنى چىقىش قىلىپ ، پاي توپلاشنى تەشەببۇس قىلدى . يېزا تەۋەسىدىكى 13 مەمۇرىي كەنت ، 89 مەھەللە ، گۇرۇپپىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ، قايىل قىلىش ، تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ، 142 مىڭ يۈەن پاي پۇلى يىغىپ ، مەبلەغ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتتى ؛ ئىلگىرى تارقىتىلىپ ، ئەسلىگە كەلمەي سوپەتسىز قەرز پۇل بولۇپ قالغان 336 مىڭ يۈەن پۇلنى تورلۇك ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، 1998 ـ يىل ئاخىرىغا قەدەر يىغىپ ، 219 مىڭ يۈەننى ئەسلىگە كەلتۈردى ؛ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1996 ـ يىلى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولغان بولسا ، 1998 ـ يىلى 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە ، تارقىتىلغان قەرز پۇل 1996 ـ يىلدىكى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن 1998 ـ يىلى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە ، قەرز پۇلنىڭ يىغىۋېلىنىش ، ئۆسۈم يىغىۋېلىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى . بۇنىڭ بىلەن كىرىم زىياننى قاپلىيالماسلىق ،پايدا يارىتالماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ ، 1998 ـ يىلى 12 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى ،شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ، ئالدىنقى يىللاردا كاۋاك بولۇپ قالغان 252 مىڭ يۈەن زىياننى تەدرىجىي تەلتۆكۈس تۈگەتتى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىنات ـ پاراۋانلىق ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ، پارىخورلۇق ، خىيانەت

قىلىش ، بىخەتەرلىككە دەخلى قىلىش قىلمىشلىرى يۈز بەرمەي ، ناھىيە ، ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى بايراقدار ئورۇنغا ئايلىنىپ مۇكاپاتلاندى .

1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ،ئەينى چاغدىكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگىنى بولغان جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى كامىلجان مىجىتنىڭ خىزمەتتىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىگە ئاساسەن ، ئۇنى پەيزاۋات ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ يۆتكىدى . ئۇنىڭ جاپالىق كۈنلىرى مانا شۇ چاغدا باشلاندى ، بۇ يەرنىڭ خىزمەتلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ شارائىتى ناچار ، نامرات بۇ ناھىيىدە ئالدىنقى يىللاردا تارقىتىلىپ ، بېسىلىپ قالغان نۇرغۇن كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپەتسىز قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئۇنى ھەر يىلى دىرى ۋە ئۆسۈمىنى قوشۇپ ، قايتا قەرز «بېرىش»تەك پاسسىپ ئۇسۇل بىلەن كۆمۈپ قويغانلىقىنى ، خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چاپان ئاستىغا ئېلىنىپ ، قەرز بېرىش يولى بىلەن خىيانەت قىلغان پۇلنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بايقىدى . ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىدى ، ئۇ بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم پىيادە قالدى ، نەچچە قېتىم ياتىدىغان جاي تاپالماي تالادا قالدى ، نەچچە قېتىم ئاچ ـ ئۇسسۇز قالدى . . . كەسپكە ۋە بانكىنىڭ مەنپەئىتىگە بارلىقىنى ئاتىغان بۇ ياشنىڭ ئىرادىسىنى بۇنداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ بوشىتالمىدى . ئۇ بوغالتىرىيە ، تەپتىشلىك ، كاسسىرلىق ، نەق پۇل نازارەتچىلىكىگە مەسئۇل بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ، كوللېكتىپ ھېسابىدىكى نەچچە ئون مىليون چوڭ

سومملىق قەرز پۇلنى ئىگىدارلىقى ئېنىق بولغان شەخسلەرگە پارچىلاپ ، ئاز سومملىق قەرز شەكلىگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ، ئۇزۇن يىللىق قاتماللىقنى تۈگەتتى . ئۆزى مەسئۇل بولغان تېرىم ، شاپتۇل ، قىزىلبويى ، مىشا ، جامباز ، يېڭى مەھەللە يېزىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى پائال يېتەكلەپ ، بۇ يېزىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى نۇرغۇن يوچۇقنى ئەتتى ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ ، پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنى ئازايتتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇقىرىدا تەشكىلنى ،تۆۋەندە كەڭ خەلق ئاممىسىنى رازى قىلدى . ئۇنىڭ خىزمەتتىكى بۇ نەتىجىلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى .

## تەقدىر تەدبىرگە باغلىق

كامىلجان مىجىت يوپۇرغا ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ بارغاندا ، كىشىلەر ئۇنى دەل ئوت ئۇستىگە چۈشتى ، ئۇ بۇ ئوتنىڭ ئىچىدىن قانداق چىقار ؟ دەپ ھېسداشلىق قىلغان ۋە تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەنىدى . بۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىدى . دەل شۇ چاغدا يوپۇرغا ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىر قىسىم مەسىلىلەر پەيدا بولغان بولۇپ ، خىرىس ۋە داۋالغۇش ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ۋەھشى دۈشمەن»گە ئايلانغانىدى . ئاز بىر قىسىم خىزمەتچىلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور مىقداردىكى نەق پۇلنى ئېلىپ قېچىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ ، بانكىنىڭ ئىناۋىتى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتكەن ، پايدىسى چىقىمىنى قامدىيالماي ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولماي ، ئۇلارنىڭ

بېرىلىپ ئىشلەش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتكەن ، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي زىيىنى 1 مىليون 484 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى .بۇ كامىلجان مىجىتنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپلا قالماستىن ،يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭمۇ بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى . 97 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ، توققۇز يېزا (بازار ) ، تۆت مەيداندا 11 ئاساسىي قاتلام ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى بار بۇ ئورۇننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى كامىلجان مىجىتنىڭ پاراسىتىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ھەم ئەنسىرىدى ، ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن يىراققا كۆز تىكتى ، تەمكىنلىك بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، بوشاشماي ئىشلەش ئىرادىسىگە كەلدى ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئۆز كەسپىگە ماھىر ، پاراسەت بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بارالايدىغان ياش ئىدى . ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئىشەنگەن يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا ئورۇنلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە تاياندى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللىشى ، ياردەم بېرىشى ، يول كۆرسىتىشىنى قولغا كەلتۈردى ، ئۇ بۇ ئارقىلىق ،ئۆزى يولغا قويىدىغان ئىسلاھات ئىشلىرى ئۈچۈن يول ئاچتى . ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان توپلىغان مول خىزمەت تەجرىبىسى بۇ يەردە تازا ئەسقاتتى ، ئۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ،تەتقىق قىلىش ، ئانالىز قىلىش ، ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىق ، پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئامىللارنى قېزىش ئارقىلىق ، تۈزۈلمە قالاق ، باشقۇرۇش يېتەرسىز ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن ، مەبلەغ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز ھەم جانسىز بولۇشتەك ئەھۋاللارنى تۈزىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى . بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە خىزمەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يايدۇردى :

بىرىنچى ، ئالدى بىلەن كادىرلار تۈزۈلمىسى ۋە بىلىم

قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتتى . ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىدا نۆۋەتتە ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە تۈزۈلمىنىڭ جانلىق بولماسلىقى ، خادىملارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى بولۇپ ، بۇ ھال تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ كېلىۋاتاتتى ، بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب :نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاساسىي قاتلامدىن قوبۇل قىلىنغان ، ئوقۇش تارىخى تۆۋەن ،مۇنتىزىم تەربىيىلەنمىگەن بولۇپ ، ئۇلار ئۆز كەسپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسىمۇ ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق ئىدى . شۇڭا كامىلجان مىجىت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى بىلەن كادىرلار ساپاسىنى تېز سۈرئەتتە ياخشىلاشقا تۇتۇش قىلدى . سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ ، كەسپىي ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى . ئىلگىرىكى ئىشلەشنىلا بىلىپ ، تەربىيىلىنىش يېتەرلىك بولماسلىق ، سانغا ئەھمىيەت بېرىپ ، سۈپەتكە سەل قاراش ، چىقىم كۆپ كېتىدۇ دەپ ، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتەك بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، 2001 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىم قىلىپ ، ھەر يىلى تۆت ـ بەش خادىمنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ ۋە تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بانكا كەسپىي بىلىمى ، كومپيۇتېر تېخنىكىسى ، بانكا ئۈچۈر تېخنىكىسى بويىچە 12 نەپەر خادىمنى تەربىيىلىدى ، بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ھەر كۈنى ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ۋە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ، بىر سائەت قوش تىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ؛بۇنىڭ بىلەن كەسپىي خادىملارنىڭ بانكا كەسپىنى قوش تىلدا بېجىرىش ، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ؛ ھەرقايسى كوپىراتىپلارنىڭ كرېدىت خادىملىرىنى ھەر يىلى

ئىككى نۆۋەت تەربىيىلەپ،قەرز تارقىتىش،يىغىش ۋە بانكا كەسپىنى بېجىرىش بويىچە بىلىم تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ بۇ بىر قاتار ئىشلار بۇ كوپېراتىپنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسىنى سەر خىللاشتۇرۇپ،ئىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈردى.

ئىككىنچى، كاملجان مىجىت كوپېراتىپنىڭ خېيىمخەتىرىنى تۈگىتىشنى پايدا كۆرسەتكۈچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى دەپ قارىدى. ئۇ بىرقانچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ خىزمىتىدە قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا - قايتا تونۇپ يەتتى، بۇ ئىش تولۇق ئىشقا ئاشسا، كوپېراتىپمۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ زىيان تارتمايتتى، ئەڭ مۇھىمى كەسپىي خادىملار ئاسانلا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىپ، ئۆمۈرلۈك مەنپەئىتى قوغداپ قېلىناتتى. شۇڭا ئۇ يوپۇرغا ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن، تۈزۈمدىكى بىر قاتار يوچۇقلارنى ئېتىش، كەسپنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، زور بەدەل تۆلىدى. ھەرقايسى كوپېراتىپلاردىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان قائىدە - تۈزۈملەرنى، بەلگىلىمىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاپ ۋە تەكشۈرۈپ، ناھىيە بويىچە ماس كېلىدىغان ۋە بىرلىك قىلىنىدىغان قائىدە - تۈزۈم تۈزۈپ يولغا قويۇشنى پائال قانات يايدۇردى ۋە كەڭ ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، قانۇن - نىزاملارغا تەتبىقلاش، كەسپكە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەرقايسى تۈر - نۇقتىلارنى ئاساس قىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بۇ خىل تۈزۈمدىن 50 نەچچىنى تۈزۈپ يولغا قويدى ۋە ئۇنى توپلام قىلىپ تارقىتىپ،كەسپىي خادىملارنىڭ رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوغداش -

بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئوقتىلىق تۇتۇپ ، خەزىنە باشقۇرۇش ، نەق پۇل نازارەت قىلىش تەرتىپلىرىنى ئىنچىكە ئىشلەپ ، 24 سائەت دىجورنىلىق قىلىشنى مۇنتىزىملاشتۇردى . كامىلجان مىجىت كۆپ ھاللاردا پۇرسەت ئىچىدىن پۇرسەت چىقىرىپ ، ھەرقايىسى كوپىراتىپلارغا قەرەللىك ، تۇيۇقسىز بېرىپ ، بىخەتەرلىك قوغداشنى تەكشۈرۈپ ، مەسىلە كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە تۇرلۇك يوچۇقلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېتىپ ماڭدى . 11 ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپ ۋە باش كوپىراتىپنىڭ ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈردى ۋە بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى پۈتون قۇرۇلمىلىق ، پولات ۋادەكلىك قىلىپ ياسىدى ، 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ ، قوغداش - بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلىدى ۋە تولۇقلاپ ، مۇداپىئە ، ئالدىنى ئېلىش قورال - سايمانلىرىنى سەرخىللاشتۇردى . بۇنىڭ بىلەن ، بىخەتەرلىك خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش كاپالەتكە ئىگە بولدى . كەسپىي خادىملار ئارىسىدا «ئەمەلدارلىق»قىلمىسىمۇ ، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ، ئۆزىنى ئۆزى تۈزىتىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلدى .

ئۈچىنچى ، كامىلجان مىجىتنىڭ يەنە بىر ئىشى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بولدى . ئۇ بانكىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا بىر قىسىم كادىرلارنىڭ قاتماللىقى ۋە چېچىلاڭغۇلۇقىنى سەزدى ، بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئۇلاردا ئىدىيىۋى تەييارلىق بىلەن كونكرېت ھەرىكەت بولۇشى ،سەرخىللاشقان ، جەڭگىۋار قوشۇن بولۇشى كېرەك ئىدى . كامىلجان مىجىت ئالدى بىلەن كادىرلار خىزمىتىدە قوشۇننى ياشلاشتۇرۇشقا ، كەسىپ - تۈرلەرگە ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى . تەپسىلىي ئېنىقلاش ، سىناپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ياشىنىپ قالغان ، خىزمەت ئىقتىدارى

تۆۋەن بىر قىسىم كادىرلارنى پىنسىيىگە چىقىرىپ، ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ھەر ئايدا بىر قېتىم، باش كوپېراتىپتا ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى، سىناپ تەكشۈرۈشتە ئۇدا ئىككى تۆۋەت لايەقەتسىز بولسا، ئەمگەك توختىمىنى بىكار قىلىشنى يولغا قويدى؛ بۇ جەرياندا، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمىگەن، كەسپىي ئىستىل - ئەخلاقى ناچار، تەكرار تەنقىد قىلىسمۇ تۈزەتمىگەن، سىياسىي - ئىدىيىۋى كۆزقارىشى، بىلىم - سەۋىيىسى تۆۋەن بەش نەپەر خادىمنىڭ ئەمگەك توختىمىنى بىكار قىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئالتە نەپەر بۆلۈم ۋە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، سىناپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئىشقا قويدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ۋە ئىش ئورنىغا قويۇش، تەڭشەشتە ئۇزاق مەزگىل بىر ئورۇندا ئىشلەش ئارقىلىق گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كامىلجان مىجىت ھەممە ئىشچى - خىزمەتچىنى مۇناسىپ ئالماشتۇرۇش، يۆتكەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەم كىرەلەيدىغان، ھەم چىقالايدىغان خىزمەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كەسپىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى، كەسىپ ئىستىلى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ئادىل، جانلىق، توغرا ئىش بېجىرىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش قىزغىنلىقى قوزغالدى.

كامىلجان مىجىت يۇقىرىقى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، كەسپىي خىزمەتتە مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى:

بىرىنچى ، يېزا (بازار )لىق كوپېراتىپلارنىڭ قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش ئىسلاھاتى ئارقىلىق ، كادىر ئىشلىتىش ، پاراۋانلىق ، ئىش ھەققى تەقسىماتىدا يېڭىچە سەھىپە ئاچتى . ئىلگىرى يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل بولۇش ، كونا قائىدە ۋە قالاق باشقۇرۇش ئەندىزىسىدىن تولۇق قۇتۇلالماسلىق ، دەۋرگە ، ئىسلاھاتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتەك ھالەت ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجىدە باشقۇرۇش ، بىر دەرىجە تىجارەت قىلىشتەك قانۇنىي شەكلىنى بەرپا قىلىشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنىدى . ئەمەلىيەتتىمۇ ، يېزا - بازارلىق كوپېراتىپلارنىڭ كۆلىمى كىچىك ، كاپىتال سوممىسى ئاز ، خېيىمخەتىرى ئېغىر ھەم خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز ، ئىقتىسادىي زىيىنى كۆپ ئىدى . شۇڭا ئاساسىي قاتلام يېزا - بازارلىق كوپېراتىپلاردا قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىنى بىكار قىلىپ ،ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك قانۇنىي ئىگە قىلىپ بىرلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى ، يەنى «قانۇنىي ئىگىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ھوقۇق بېرىپ تىجارەت قىلىش ، دەرىجىگە بۆلۈپ ھېسابات قىلىش ،مۇستەقىل سىناش ۋە تەكشۈرۈش»تىن ئىبارەت تۈزۈلمىنى يولغا قويۇش تەققەززاسى بارلىققا كېلىپ قالغانىدى .كامىلجان مىجىت ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلار ۋە رەھبەرىي ئورگانلارنىڭ كادىر ئىشلىتىش ، ئەمگەك ئىش ھەققى تەقسىماتى ، پاراۋانلىق تەمىناتى توغرىسىدىكى ئىسلاھات چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى بولۇپ سىناق قىلىش ، يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ،سىناق قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ ،مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ۋە كەسپىي باشقۇرغۇچى تارماقلارغا يوللاپ ،

ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارىمىقىدا 11 كىشىلىك، ھەمكارلىق بىرلەشمىسى قارىمىقىدا 17 كىشىلىك سىناق نۇقتا خىزمىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ،ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار چوڭ يىغىن ئېچىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى. توققۇز يېزا - بازارلىق ۋە بىر تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدا ئەزالارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كوپېراتىپ ئىجرائىيە ھەيئىتى، نازارەت ھەيئىتى ۋە كوپېراتىپ نىزامنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شۇ كوپېراتىپلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بىكار قىلدى ۋە مۇپەتتىش قىلىش، مۇلۇكنى خاتىرىلەش، ئىگىدارلىق، ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئايرىش ۋە بېكىتىشنى پۇختا ئىشلىدى؛ 2002 - يىلى 12 - ئايدىن 2003 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە فۇنكسىيىنى، ئىستاژنى، خادىمنى بېكىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بېكىتىش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىمتىھان ئېلىش، سىناپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، لاياقەتلىك بولغان خادىملارنى رىقابەتلەشتۈرۈپ ئىش ئورنىغا چىقاردى ھەمدە ئەمگەك توختامنامىسى تۈزۈپ، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق تەڭشەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنى بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەممە ئورتاق ئەقىل - چارە ئويلاش ئىشقا ئاشتى؛ مۇكاپات - جازا تۈزۈمى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلىشىپ، داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىشتەك قالاق ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. مۇلازىمەت سۈپىتى ئالاھىدە ياخشىلىنىپ، قەرز - پۇل ئېلىش - يىغىش تەس بولۇش، رەسمىيەت كۆپ بولۇش، ئىستىل دۇرۇس بولماسلىقتەك قاتمال

هالەت تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى . دېھقان ـ چارۋىچىلارغا يېقىن بولۇش ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئىشقا ئاشتى .

ئىككىنچى ، ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشنى قەرز پۇل تارقىتىش ، دېھقانچىلىققا مەدەت بېرىشنىڭ ئاساسى قىلدى . 2003 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كامىلجان مىجىتنىڭ ئەتراپلىق پىلانلىشى ، بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئورگاندىكى خادىملار ئاساسىي قاتلامغا چۈشتى ،ئۇلار دائىرىلەر بويىچە يېتەكلەش ، نازارەت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ، كۆندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلەپ ، قەرز بېرىش مەنبەلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېنىقلاپ ، تور تۇرغۇزۇپ ، قەرز بېرىش ئوبيېكتى ، مىقدارى ، ۋاقىت ـ قەرەلى ۋە ئىناۋەت دەرىجىسىنى بېكىتتى . ئۇلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئاۋۋال مەبلەغ توپلاشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە ، ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 459 ئائىلىگە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش كارتىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەمدە ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ ، قەرز پۇلنى بىۋاسىتە ئۆز قولىغا تارقىتىپ ، ئۇلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ دەل ، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، مەدەتكارلىق رولىنى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلدى .

ئۈچىنچى ، ئېھتىياجىغا قاراپ قەرز پۇل تارقىتىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى . يىللاردىن بۇيان قەرز پۇلنى كوللېكتىپ تارقىتىش ، كوللېكتىپنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىق شەخسلەرگە تارقىتىش ، ئەتىيازدا تارقىتىپ كۈزدە يىغىۋېلىش يولىغا قويۇلغانلىقتىن ، ئاۋارىچىلىك كۆپ بولغاندىن باشقا ، كوللېكتىپ ئېلىپ تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئۆسۈمى سەمرىپ كېتىپ ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتەتتى ، بۇنىڭ بىلەن قەرز پۇلنىڭ يىغىلىشى ئاستا ، ئۆسۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى تۆۋەن ، ئوبوروتى ئاستا ،

قەرز ئالغۇچىلارنىڭ قەرز پۇلنى قايتۇرۇش قىزغىنلىقى سۇس ئىدى ، بۇ مەبلەغ كەمچىللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن ، خالىغان چاغدا قەرز پۇل تارقىتىش ـ يىغىش ، مەبلەغ تولۇقلاشقا تەسىر يەتكۈزەتتى . 2003 ـ يىلىدىن بۇيان ، كامىلجان مىجىت دەۋرگە ماسلىشىپ ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ،ناھىيە ۋە ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ، تەكشەش ئەھۋالىغا ئاساسەن ، كوللېكتىپ قەرز پۇل بېرىشنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دېھقان ـ چارۋىچىلار قاچان ، قايسى چاغدا قەرز پۇلغا ئېھتىياجلىق بولسا ، شۇ چاغدا بېرىش ، كۆلەم ، دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، يەرلىكنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ، ئېتىبار بېرىش مەبلىغىنى تارقىتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ بېسىلىپ قېلىش ، خېيىمخەتەرگە يولۇقۇش ھالىتىنى تۈپتىن ياخشىلىدى . كوللېكتىپ قەرز پۇلنىڭ سەمرىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پاسسىپ قۇرۇلمىنى تەدرىجىي چىقىرىپ تاشلاپ ، قەرزنى كىم ئالسا شۇ قايتۇرۇش ،ئۆسۈمنى قاتتىق چەكلەش ئارقىلىق ،قەرز ئالغۇچىلارنىڭ قەرز پۇل ۋە ئۆسۈمنى ئۆزلۈكىدىن قىزغىنلىق بىلەن قايتۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا ئاشۇردى .

ئۈچىنچى ، سۈپەتسىز قەرز پۇللارنى يىغىش قەدىمىنى تېزلەتتى . 1999 ـ يىلىدىن بۇيان بۇ بىرلەشمە تارقاتقان قەرز پۇلدىن زور بىر قىسمى سۈپەتسىز ،خېيىمخەتىرى ئېغىر قەرز پۇل بولۇپ شەكىللىنىپ بېسىلىپ قالغانىدى .ئۇلار بۇ يىل يولغا قويغان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا كەڭ دېھقانلارغا قەرز پۇلنى بىۋاستە بېرىش ، ئۆسۈمنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىش ، دېھقانلار قايسى ۋاقىتتا قەرز پۇلغا ئېھتىياجلىق بولسا شۇ چاغدا بېرىش ، قەرز پۇلنى كىم ۋاقىتىدا ، تولۇق قايتۇرسا ، ئالدى بىلەن شۇ كىشىگە قەرز پۇل بېرىش ، پەسىل خاراكتېرلىك قەرز

پۇل بېرىش ۋە يىغىش چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىشنى تەدرىجىي ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىرلەشمە دېھقان ـ چارۋىچىلارغا پۇل مۇئامىلە تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى، ئۇلار ئارىسىدا ئىناۋەتلىك مۇئامىلىدار بولۇش، پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرى، قەرز مەبلىغىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مۇئامىلىدارلارنىڭ قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن قەرز قايتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. بۇ بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلار دېھقان ـ چارۋىچىلارنى قايىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرىكى يىللاردا قايتۇرمىغان قەرز پۇللارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇردى.

بەشىنچى، كامىلجان مىجىت ناھىيە تەۋەسىدىكى توققۇز يېزا (بازار)، تۆت مەيدان، 30 مىڭ 400 دىن ئارتۇق ئائىلە، 100 دىن ئارتۇق ئىدارە ـ ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، مەكتەپ قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ پۇل ئامانەت، بانكىلار ئارا راسچوت كەسپىي ۋە كرېدىت قەزر ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدەك، كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى پاي قوشۇپ مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق قۇرۇلغان ئالاھىدە خىلدىكى پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى. ئالاقىنى ئىزچىل راۋانلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت، پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش بىر گەۋدە قىلىنغان ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بەرپا قىلدى. ئامانەت ـ

قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ دېھقانلار، يېزا، يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش» يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە پائال مەدەتكار بولدى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنى تۇر قىلىپ تۇتتى، بۇ چاغدا كامىلجان مىجىت پۇرسەتنى تۇتۇپ، قوتان سېلىش، چارۋا - مال، كۆچەت سېتىۋېلىشقا كېتەرلىك مەبلەغنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، قايسى ۋاقىتتا لازىم بولسا، شۇ چاغدا قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى ۋە مۇشۇ كەسىپ، تۇر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارنى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى. بۇلتۇردىن بۇيان ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئۈچۈن بەرگەن قەرز پۇلى 14 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، باغ، ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق، بورداقچىلىققا تارقاتقان قەرز پۇلى 6 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي قەرز پۇل ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 28 پىرسەنت ۋە 14 پىرسەنتنى ئىگىلىدى؛ يېشىل مەرۋايىت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، يېڭى ئەسىر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، بۇ ئورۇنلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىش ئورنىغا چىقىشىغا ئەمەلىي ياردەم بەرگەندىن باشقا، بەش خىل ئائىلە، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن ئىش ئورنىدىن قالغان ۋە نامرات ئائىلە، ئېغىر قىيىنچىلىقى بار ئائىلە پەرزەنتلىرىدىن بولۇپ 15 كىشىنىڭ قايتا ئىش ئورنىغا چىقىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. ئىش ئورنىدىن قالغان گۈلباھار قاتارلىقلارغا 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن يېشىل

چىراغ ياقتى ؛ناھىيە تەۋەسىدىكى 235 نەپەر دىنىي زاتنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن باي بولۇش پائالىيىتى داۋامىدا ، ئۇلارغا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ ، ئۇلارنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشى ، ھالال ئەمگىكى بىلەن باي بولۇشىغا ئىلھام بەردى . بۇ ئىشنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ ، بىر تۈركۈم نامرات دىنىي زاتلار ئالدىن باي بولدى ، 20 نەچچە دىنىي زات ھاللانغان دىنىي زاتلار قاتارىغا ئۆتتى .

## ئەمەلدارنىڭ غېمى ۋە كۆيۈمى

پۇل تۇتساڭ چىن ،خالىس نىيەت بىرلە تۇت ،
شۇندىلا ياغىدۇ ساڭا نۇسرەت - قۇت .
ئەل - ۋەتەن قارغايدۇ قىلساڭ خىيانەت ،
تېگىدۇ ھەتتاكى بەختىڭگە ئاپەت ! . . .

كامىلجان مىجىتنىڭ يۈرىكىدىن دائىم ئۇقچۇپ تۇرىدىغان بۇ مىسرالار قايسىدۇر بىر ژۇرنالدىن ئۇنىڭ خاتىرىسىگە كۆچۈرۈلگەن ، ئاندىن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ خىزمەتچىلىرى ئارىسىغا تارقالغان ، ھەتتا ئۇ بىر قىسىم يېزا - بازارلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشخانا تاملىرىغا چاپلانغانىدى . ئۇنىڭ قانداق سېھرىي كۈچى بار ؟ ئۇنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ خىزمەتلىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتىشى ناتايىن ، ئەمما بۇ شېئىر نۇرغۇن كىشىلەرگە ياققان ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى ، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى دەل ئۇنىڭ كىشىلەرنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغانلىقىدا . كامىلجان مىجىت بۇ شېئىرنى شۇنچە يىللاردىن بۇيان يادلىدى ، ئۇقۇدى ،

ئۇنى خۇددى بىر قىبلىنەمىدەك يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاپ ، ئۆزىنى تاۋلاشىنىڭ ، بانكا كەسپىي خىزمىتىدە نەتىجە قازىنىشىنىڭ ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى چىن ئەخلاق ،ۋىجدانى تۇيغۇ بىلەن راۋانلاشتۇرۇشىنىڭ يېتەكچىسى قىلدى . ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ سورىسىڭىز ، پەقەت «مەن كەسپىي خىزمەتتە ئاشۇ بويىچە ماڭدىم »دەپلا جاۋاب بېرىدۇ .

راستىنى ئېيتقاندا ،بانكا كەسپىي خىزمىتىدە ئادەم ئوت بىلەن سۇنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ . بىردە ئۇنداق ، بىردە بۇنداق ئىشنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ياكى قىلمىغاندىمۇ دائىم شۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ يۈرۈيدىغان گەپ . ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ، ئۇنى رازى قىلىش ياكى قايىل قىلىش كېرەك ، رەنجىتسەڭ ، بەزىدە سەن تۇگىشىسەن ، بەزىدە ئۆزۈڭمۇ رەنجىپ قالىسەن . لېكىن كامىلجان بۇنداق ئىشلاردا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشى ، قوللانغاندىمۇ راست ، ھەقىقىي ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشى كېرەك . ئۇنىڭ ئەڭ ئاسان ھەل قىلىش ئۇسۇلى — تۈزگەن قائىدە ـ تۈزۈم ، بەلگىلىمە ۋە پۇل مۇئامىلە قانۇن ـ نىزاملىرى ئىدى . . .لېكىن ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەردى بار ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى شۇنچىلىق كۈچلۈك ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى ئادەمدە بىر خىل ھېسداشلىق قوزغايدۇ ،ئۇنداق ئىشلارنى قاراپ تۇرۇپ قىلمىسا بولامدۇ ؟ئۇ بۇنداق ئىشلاردا ھەقىقەتنى ، راستچىللىقنى بولسىلا قاراپ تۇرماي ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ . بەزىدە ئۇ ئاشۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن بېسىم ـ دەردلىرى ، قىيىنچىلىقلىرى بارلىقىنى دەپ ئولتۇرمايدۇ ، دەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ! راستىنى دېگەندە ، ئەمەلدار بولماق تەس ، ئەمەلدارلىق قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس . چۈنكى ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر ـ ئەزىم قىلىش ۋە ئۇتۇق قازىنىش ،شۇنىڭغا مۇناسىپ ساپا ھازىرلاش كېرەك ، بۇ ئاسان

ئىشمۇ؟ ئەمەلدارلىق قىلىش ئۈچۈن ،شۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر ـ دىت ، پاراسەت بولۇشى ، سەگەك كاللا ۋە تىنىم تاپماي ئىشلەش روھى بولۇشى ، يۇقىرىنىڭمۇ ، تۆۋەننىڭمۇ كۆتكەن يېرىدىن چىقىشنى بىلىشى كېرەك ، بۇ ئىككىسىنى بىردەك ئېلىپ بېرىشنى بىلمىسەڭ ، سەن ئۇ چاغدا قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالىسەن ، يۇقىرى ئۈچۈن نەتىجە قازىنالماي لەيلەپ قالىسەن ؛ تۆۋەن ئۈچۈن سەن ھەيكەل بولۇپ قالىسەن ـ دە ، كېلەچەكتە دوستلىرىڭمۇ سېنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ . قايسى بىرسىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسەڭ ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ ،ئەمما كاملجان مىجىتتەك بىر خىل ئۆلچەملىك نىشان بەلگىلىۋالغان كىشىلەرگە زامانىنىڭ ھەممە تەرىپى يورۇق ۋە كەڭ . ئۇ ھەممىگە ئوخشاش ، ھەممىگە مۇناسىپ ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ ئۆزىدە بار نەرسىلەرگە قانائەت قىلدى ، ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەرگە شۈكۈر قىلدى . شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ ئېلتىپات ـ سوۋغىلىرىغا كۆز قىرىنى سالمىدى .

2004 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ، مەلۇم كارخانىنىڭ خادىمى 200 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىش ئۈچۈن كىرگەندە ، بانكىنىڭ باشقا كەسپىي خادىملىرىنى ئىزدىمەي بىۋاسىتە كاملجاننى ئىزدىدى . كاملجان شىركەتنىڭ رەسمىيەتلىرىدىن بىر قىسمىلىرىنىڭ قەرز بېجىرىشكە مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ، تولۇقلاشنى ئۇتتۇرىغا قويغاندا ، بۇ خادىم كاملجاننىڭ ئۆيىگە 1500 يۈەنلىك ماددىي نەرسىلەرنى ئەكىرىپ قويدى ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كاملجان ئۇ نەرسىلەرنى تەپتىش خادىمى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردى ، ھېلىقى خادىم بۇ ئىشتىن قاتتىق ئىزا تارتىپ ، كاملجاندىن ئەپۇ سورىدى . ئۇلار رەسمىيەتلىرىنى تولۇق قىلغاندىن كېيىن ، بانكىنىڭ كەسپىي خادىملىرى ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەبلىغىنى ھەل قىلىپ بەردى ، ئۇلار قاتتىق

تەسىرلەندى؛ مەلۇم يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدا ئىشلەيدىغان بىر نەپەر كەسپىي خادىم 2001 ـ يىلى ئىش ئورنىدىكى جاپادىن قۇتۇلۇش، قۇلاي خىزمەتكە ئالمىشىش ئۈچۈن ئىلتىماس يېزىپ كامىلجان مىجىتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئىلتىماسنى كونۋېرت بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى، كامىلجان كونۋېرتنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 2000 يۈەن پۇلنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى ۋە ھېلىقى كىشىنى چاقىرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى،ئۇ كىشى قاتتىق خىجىل بولۇپ،ئىش ئورنىدا مۇقىم ئىشلەپ،بۇ سەۋەنلىكىنى يۇيۇدىغانلىقىنى ئېيتتى. 2003 ـ يىلى ئەتىيازدا، مەلۇم بىر خىزمەتچى قەرز ئالغۇچىنىڭ 900 يۈەنلىك ماددىي بۇيۇمنى قەرز بېرىش جەريانىدا قوبۇل قىلىپ، كەسپىي ئىستىلغا ۋە بانكىنىڭ ئوبراز ـ ئىناۋىتىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزدى، بۇ ئىشنى بىلگەن كامىلجان مىجىت ئۇنى چاقىرىپ كېلىشتىن ئاۋۋال قەرز ئالغۇچىنى چاقىرىپ، ئۆز يېنىدىن 900 يۈەن تۆلەپ ئۇنى رازى قىلدى. كامىلجان مىجىت «بۇ كىچىك ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، تەسىرى ئىنتايىن يامان، بانكىنىڭ ئىناۋىتى چۈشىدۇ،900 يۈەنلىك ماددىي بۇيۇمنى قوبۇل قىلغان ئادەم بانكىمىزنىڭ خادىمى،ئۇنىڭغا مەن جاۋابكار بولۇشۇم كېرەك» دېدى.

مۇشۇنداق ئىشلارنى تەكرار يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى،كامىلجان مىجىتنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى مانا مۇشۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ بالدۇرلا مۇشۇ خىل ئىشلارغا چەك قويدى ۋە «توخۇنى بوغۇزلاپ قان قىلىپ، مايمۇننى ئۈجۈقتۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىستىل قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، قەرزدارلارنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى قاتتىق چەكلىدى. بىرنەچچە كىشىگە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە چارە كۆرۈشنى تەتبىقلاپ، كەسپىي خادىملارنىڭ

سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇردى . كاملجان مجىت يوپۇرغا ناھىيلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش داۋامىدا ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ، پاكلىق قۇرۇلۇشى ، ئۇنىۋېرسال تۈزەش ، پىلانلىق تۇغۇت ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ،قوغداش بىخەتەرلىكى ، قوش ھىمايە قىلىش ، ياخشى ئىش ، ياخشى پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى .

2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى مارالبېشى ، يوپۇرغا ، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە يۈز بەرگەن قاتتىق يەر تەۋرەشتە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىئانە قىلىشقا تەشكىللەش ، بىرلەشمە مەبلەغ ئاجرىتىش ئارقىلىق ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى خەلققە 12 مىڭ يۈەن پۇل ، 175 قۇر كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلدى . 16مىليون 750 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى بىخەتەر تارقاتتى . ئۇلار نەدە ئاپەت يۈز بەرسە ، شۇ يەرگە خالىس ياردەم قىلىش ،نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈشنى ئۇزۇپ قويمىدى . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى كېسەل بولۇپ ، داۋالىنىشقا پۇلى يېتىشمىگەندە ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلىپ ياردەم بەردى ، بۇ خىل ياردەمنىڭ سوممىسى 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى . يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەدبىرلەرنى جانلىق ئەمەلىيلەشتۇرگەنلىكتىن ، 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ ، ھەرقايسى تۈرلەردە يۈكسىلىش ـ تەرەققىيات بارلىققا كەلدى . بۇ يىل 6 ـ ئايغا قەدەر ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنىڭ مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 4 مىليون 711 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 1 مىليون 108 مىڭ يۈەن ؛ مۇقىم مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسى 1 مىليون 288 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 405 مىڭ يۈەن ؛ پاي ئومۇمي سوممىسى 2 مىليون 815 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 1 مىليون 225 مىڭ يۈەن

ئاشتى ؛ ئامانەت پۇل قالدۇقى 112مىليون 82 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 41 مىليون 852 مىڭ يۈەن ئاشتى ؛ تارقىتىلغان ئومۇمىي قەرز پۇل مىقدارى 78 مىليون 964 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 25 مىليون 384 مىڭ يۈەن ئاشتى ؛ سۈپەتسىز قەرز پۇل 2001 ـ يىلىدىكى 15 مىليون 540 مىڭ يۈەندىن 8 مىليون 128 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلىدى ، بۇنىڭ بىلەن بۇلتۇردىن بۇيان 2001 ـ يىلىدىكى 1 مىليون 484 مىڭ يۈەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ ، 102 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى . تاپشۇرغان باج 608 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 442 مىڭ يۈەن ئاشتى . كامىلجان مىجىتنىڭ پاراستىدىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى رازى ، ئۇنىڭمۇ ھاردۇقى چىقتى ، لېكىن ، ئۇ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىشتىن توختىمىدى . نۆۋەتتە ، ئۇ 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ، كومپيۇتېر ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ ، كەسپلەرنى تورلاشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ . شۇڭا يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمىسى «ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن» ، «كەسىپ ئىستىلىنى ياخشىلاشتىكى ئىلغار ئورۇن» ، «يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» قاتارلىقناملار بىلەن 20 نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاندى . كامىلجان مىجىت 15 يىلدىن بۇيان ، ناھىيە ، ۋىلايەت ،ئاپتونوم رايون بويىچە 18 قېتىم «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» ، «پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى نەمۇنىلىك ياش» ، «خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتىكى ئىلغار شەخس» ، «يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس »بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ شەرەپ قازاندى .






كامىلجان مىجىتنىڭ
خىزمەت پائالىيىتىدىن
كۆرۈنۈشلەر















# ئالىملارنىڭ سىركىسى



## ئېرىشىش يولى

دۇنيادا مۇتلەق مەغلۇبىيەت مەۋجۇت ئەمەس ، مەغلۇبىيەت پەقەت بىزنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز ، ئۇسۇلىمىزغا باغلىق بولىدۇ ، دەل مۇشۇ خۇسۇسىيىتىمىز بىزنىڭ تالانتىمىزنى كۆمۈپ قويىدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولى بەكمۇ كۆپ . بىز ھەقىقىي تۇردە بوشاشماي ئىزدەنسەك ، غەلىبە بىزگە ھامان يار بولىدۇ . بىز يەنە ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەت ئالدىدىمۇ قەدىمىمىزنى ھەرگىز توختاتماسلىقىمىز كېرەك . مەغلۇبىيەت كۆپ ھاللاردا دەل سۈيى ئۆركەشلەپ تۇرغان ، ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان دەريادىكى قولۋاققا ئوخشايدۇ . بىز پەقەت ئاشۇ قولۋاق بىلەن دەريادىن ئۆتسەكلا ، مۇۋەپپەقىيەت كۈتۈۋالىدۇ .

كىشىلىك ھاياتتا ، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ . ئەمما بۇنىڭغا قارىتا ھەر كىمنىڭ تونۇشى ، كۆز قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ . كىم نېمىگە ئېرىشىدۇ ، نېمىدىن قۇرۇق قالىدۇ ؟ بۇ بىزنىڭ خىيالىمىزدا دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سوئال . بىراق بۇنىڭغا مۇپەسسەل جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ، جەمئىيەت ئەھۋالىغا قاراپ ، ئۆزىنىڭ مېڭىش يولىنى ، ھاياتلىق تارازىسىنى تەڭشەپ تۇرۇشى ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم دەپ ۋايسىماسلىقى كېرەك ، ئەمما ئېرىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى ، مەھرۇم قالىدىغانلىرىنى بىمالال تاشلىۋېتىشى كېرەك . چۈنكى ، ھەممىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ، ھەممىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەنمىز ، ئۇ چاغدا ، باشقىلار بىزنى تاشلىۋېتىدۇ ، بۇ ھال بىزنىڭ ھەممىنى يوقىتىشىمىزنى ، ئۆزىمىزگە يۈز كېلەلمەسلىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

**قىبلىنەما (7)**

1

ياشلىق ئادەمگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە خۇددى چاقماقتەك يالت ـ يۇلت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەڭ قىسقا دەقىقە! بىراق ئۇ ھاياتنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئالتۇن پەسلى. ئادەم پەقەت ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا مۇشۇ دەقىقىنىڭ قەدرىگە يەتكەندىلا، ئاندىن ھاياتلىق سىرلىرىنى يەشكىلى، ياشىغانغا لايىق نەمۇنىلەرنى قالدۇرغىلى بولىدۇ. ئادىلجان ئېلىيۇپ ياشلىق باھارىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ھاياتنىڭ گۈل پەسلىنى ئەجىر، تۆھپىسى بىلەن زىننەتلەپ، كىشىلەرگە ئۈلگە ـ ناملارنى تىكلەپ بېرىۋاتقان ياش سەركەردىلەرنىڭ بىرى.

2

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئادىلجان ئېلىيۇپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئورۇن — خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق بانكىسىدا تولىمۇ جۇشقۇن، قىزغىن ئىشلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كەسپكە بولغان ئىشتىياقى، خىزمەتكە بولغا سادىق قەلبى ھەمىشە ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئورۇندىكى تەرجىمانلىق، كاتىپلىق خىزمىتىدىن ئۆزىمۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ، دوستلىرىمۇ رازى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى، يەنە بىرەر

ئەمەل تۇتۇپ، ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى نامايان قىلىشنى ئويلىمىسىمۇ، نۇرغۇن تونۇشلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ بىرەر ئەمەل تۇتۇپ، ئىش تەۋرىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ھەم چوقۇم شۇنداق بولىدۇ دەپ قارايتتى.

كىم بىلسۇن، تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى پېشانىسى شۇنداقمۇ، باشقىلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى ھايات ئۇنىڭغا بەرمەي قويدى، كۈتمىگەن كېسەل ئۇنى قويىنىغا ئېلىپ ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان قەلبىنى بىر مەزگىل زېدە قىلدى. ئۇ نەچچە ئاي، ھەتتا بىر يىلدەك داۋالاندى، خىزمىتىدىن قالدى، قەلبى تېخىمۇ ئۆرتەندى، بىئاراملىق، تىت ـ تىتلىق ئۇنىڭ روھىنى بەكمۇ چۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ كېسەل بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، بارا ـ بارا ئۇنىڭ مادارىمۇ كېسىلدى، ئاخىرى كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش قارارىغا كەلدى. بانكا رەھبەرلىكىمۇ بۇنىڭغا توغرا قارىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقتى. مانا ئەمدى ئۇنى ھۇرۇنلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق چۇلغىۋالدى، ئىلگىرىكى جۇشقۇنلۇقى، قىزغىنلىقى بارا ـ بارا يوقالدى. بۇنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىسى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ تەرجىمانلىق قىلسىمۇ بولاتتى، ئۇ يەنە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولاتتى، بۇنىڭ قايسىبىرى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. ئۇ ئۆزىگە روھى تەسەللى بولىدىغان بىر ئىشنىڭ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇ قايسى ئىش، ئۇزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ كېيىنچە ھېس قىلدىكى، ئەمدى يەنە ئۆيدە ئولتۇرىۋەرسە، پېنسىيە پۇلىنى يەپ يېتىۋەرسە بولمايتتى. ئۇ قەشقەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا نەزەر سالدى، باشقا جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالدى، نەدە نېمە كەم، نەدە نېمە ئىش ئاقىدۇ؟ قايسى ئىشنىڭ ئېپى بار؟ ئەمما ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەزگۈسى ئېتىراپ قىلغان ئىشلارنى شۇ چاغدا خېلى

ئەتراپلىق بولدى ، دەپ قاراشقىمۇ بولمايتتى ، بىراق ، ئۇنىڭ قەلبىدە ، تەپەككۇرىدا يەنىلا نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئەمەستەك قىلاتتى ، كىملەردۇر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئۇ قول تىقىسىلا قىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتــى . ئويلايدىغان بولسا ، ئۇنىڭ خېلى ـ خېلى ئىشلار قولىدىن كېلەتتى . خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇ بىرنەچچە دوستى بىلەن بىرلىشىپ ، چېگرا سودىسى قىلىپ باققان ، تېخى كۆتمىگەن يەردىن قولى خېلى پۇل كۆرۈپ قالغان ، بۇنى ئۇتۇق دېگىلى بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا كۆزى بىر قېتىم ئېچىلىپ قالغانىدى . ئۇ كىمدىن پۇل ئالىمەن دېسە ئالالايتتى ، بانكىلارمۇ پۇل دېسە ياق دېمەيتتى ،مەبلەغ ئىشىدىن ئۇنىڭ غەم قىلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى . بىرەر ئىشنى قىلىش ھەققىدە قەتئىي قارارىغا كەلگەندە ،ئۇنىڭ نەزەرى سەيلە ـ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىغا چۈشتى ،بۇنىڭ ئىچىدىكى باغ ـ ۋاران سەيلە ـ ساياھەتچىلىك كەسپىگە بولغان قىزغىنلىق تۇيغۇسى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى . ئۇ ئەمدى نەزىرىنى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى باغلارغا ، يېقىن ئەتراپتىكى ئىستىقبالى بار جايلارغا تىكتى . مۇشۇنداق بىرەر جايدا ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە ئويلاندى ، بۇنداق باغ ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشى ، قەلبىنى چىرمىۋالغان كىسەللىك ئازابىنى يېڭىشلىتىشى مۇمكىن ئىدى .بۇگۈنكى كۈندە ئۇ بۇنىڭ توغرا تاللاش ئىكەنلىكىنــى سەزگەندە ، ئۆزىنىڭ دانالاردىن بولمىســـمۇ ، يـــراقنـــى كۆرەرلىكىنىڭ ، سەزگۈرلۈكىنىڭ ، ئەقىل ـ پاراستىنىـــڭ دەۋرگە ماس قەدەمدە ماڭغانلىقىنى بىلىپ يەتتــى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ ياشلىق جۇشقۇنلۇقى ئۇنى جىم تۇرغۇزمىدى . ئۇ سەيلە ـ ساياھەت بېغى ئېچىش قارارىغا كەلگەندە ،ئۇنىڭ خوتۇنى مۇنەۋۋەر ئۇنى بىرىنچى بولۇپ قوللىدى .

## 3

ئەينى چاغدا ئادىلجان ئېلىيوپنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىدى ، ئۇنى بەزىلەر ئىدارىنىڭ ئەركە بالىسى دەپمۇ قارىغانىدى ، بۇ گەپ ئۇنىڭغا تازا ماس كەلمىسىمۇ ،قىلىۋاتقان ئىشلىرى ، خىزمىتىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا ، بەك ئاشۇرىۋەتكەنلىك دەپ قاراشقىمۇ بولمايتتى .

1961 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئادىلجان ئېلىيوپ 1979 ـ يىلى كادىرلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، بانكا خىزمەتچىسى بولغاندا ، رەھبەرلىك ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىدەك ۋە خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق ئىشلىرىدا ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنى بانكىنىڭ تەرجىمانلىق خىزمىتىگە قويدى . چېچەن ، ئايىغى يېنىك ، ئاغزى يۇمشاق ، تىلى راۋان ، بىلىمخۇمار بۇ ياش ئۇزاق ئۆتمەي ، بانكا رەھبەرلىكى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولدى . ئۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىرقانچە ئورۇننىڭ تەلەپ قىلىپ ئىشلىتىشىگە نائىل بولدى . ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا كىرگەندىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا ، پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزىلىق تىجارەت پونكىتىدا كرېدىت خادىمى ، 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىچكى كاسسىرى ، تەرجىمان ، كاتىپلىق ،تەپتىشلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى . 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ ، پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئۈچ يىل ئوقۇپ ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى تاماملىدى . مەكتەپ ئۇنىڭ نەتىجىسىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالدى . ئالتە ئايدىن كېيىن ، ئۇ خەلق

بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق بانكىسىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، يېزا پۇل مۇئامىلە بۆلۈمىدە تەپتىشلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن، بانكىنىڭ تەرجىمانلىق، كاتىپلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. ئالتە يىللىق تەرجىمانلىق خىزمىتى جەريانىدا ئۇ بانكىنىڭ باشقا جايدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىلىرى، مېھمانلىرىغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ، بانكىنىڭ خىزمەتلىرى، قەشقەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە قەشقەرنىڭ سەيلە - ساياھەت، مەدەنىيەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى ئەۋج ئالدى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە، قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىكىمۇ ئاز - تولا تەرەققىي قىلدى، ئەمما ئۇ تولىمۇ ئارقىدا، يېپىق ھەم جانسىز ھالەتتە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئادىلجان ئېلىيۇپ خەلق بانكىسىغا كەلگەن كىشىلەرگە تەرجىمانلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا قەشقەرنى تونۇشتۇرۇش جەريانىدا كېلەچەكتە قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن ئىستەكلەرنى قوزغىدى. ئارزۇلارنى بىخلاندۇردى. 1998 - يىلى 8 - ئايدا، بانكا رەھبەرلىكى دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋىلايەتلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ بېغىغا سەيلىگە ئېلىپ باردى، باغ تولىمۇ چىرايلىق،مۇھىتى ساپ بولۇپ،ھەممەيلەننى قىزىقتۇردى. مۇنەۋۋەر ھەممىدىن بەك قىزىقتى ۋە ئادىلجانغا مۇشۇنداق باغدىن بىرنى بەرپا قىلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئادىلجان بۇ ئىشقا دەماللىققا بىر نەرسە دېمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ، بانكىدىن بوشىنىپ چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. كېيىن بۇ ئىشنىڭ رېئاللىق بولۇپ قېلىشىنى

ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ، بۇ ئىشنى قايتىدىن ئويلىنىپ قالدى ، بۇ ئىش ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغىمۇ ماس كېلەتتى . ئۇ شۇ چاغدىكى ئىشلارنى بىرمۇبىر تەتقىق قىلدى . قەشقەر قەدىمىي شەھەر بولسىمۇ ئېچىۋېتىش ، ساياھەتچىلىك يېتەرلىك ئەمەس ، ساياھەت ئورۇنلىرىمۇ كەمچىل ، ئەسلىھەلىرى تولىمۇ قالاق بولۇپ ، تەرەققىي قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا موھتاج ئىدى . قەشقەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسلىقى مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ،ئاپپاق خوجا مازىرى قاتارلىق «ئۈچ مازار» ،ھېيتگاھ جامە ئالدى بازىرى ، غەربىي جەنۇبىي ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرى قاتارلىق «ئىككى بازار»نى كۆرۈش بىلەن چەكلىنىپ قالاتتى . ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قەشقەرنى سىرلىق ماكان دەپ قارايتتى . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكىنى كۆرۈش ،ھۇزۇر ئېلىشتىن ئىبارەت زور ئۈمىد بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچى ـ مېھمانلار تىلەك ـ ئارزۇلىرىغا قانالماي كېتىپ قالاتتى . «قەشقەرگە كەلمىگەنلىك شىنجاڭغا كەلمىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ»دەيدىغان قاراش بولسىمۇ ، سەيلە ـ ساياھەت مەدەنىيىتىمىزنىڭ كەمچىللىكى ۋە قالاقلىقى ساياھەتچىلەرگە ئەكس تەسىر بېرىپ قوياتتى .

ئادىلجان ئېلىيۇپ ئىزدىنىۋاتقان ۋە ئويلىنىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ساياھەتچىلىك ئىگىلىكىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدا نۇرغۇن ئىلمىي قاراش ۋە بايان ، تەسەۋۋۇرلارنى كۆرگەن ۋە ئوقۇپ قەلبىدە بىر خىل ئىنتىلىش ھەم ئۇنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى تۇرغۇزغانىدى . قەشقەر ساياھەتچىلىكى چوقۇم

تەرەققىي قىلىدۇ ،ئېچىلىدۇ ، كەلگۈسىدە ئۇ قەشقەر ئىقتىسادىنىڭ ، قەشقەر خەلقىنىڭ كوزىر كەسپى بولۇپ قالىدۇ ، ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق دېگەن قاراش ئۇنىڭ خىيالىنى چۇلغىدى . 1999 ـ يىلى يىل بېشىدا ئادىلجان ئېلىيوپ قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى سۇزاق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، باغ ۋە مۇۋاپىق يەر كۆردى ، ئەمما بۇ جايلارنىڭ يەرلىرى ياخشى بولسىمۇ شەھەرگە بىرقەدەر يىراق بولغاچقا توختاپ قالدى . ئۇ بەشكېرەمدىكى ئانارلىق باغلار ۋە مورتوم ئەنجۈرلۈك بېغى قاتارلىق باغلارنى ئارىلاپ چىقتى . بۇ باغلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىلىپ بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ يەرلەردىنمۇ قايتىپ كەلدى . 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇ قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزا 5 ـ كەنت ئالمىلىق بېغىنىڭ ھۆددىگە بېرىلىدىغانلىق ھەققىدىكى ئېلانىنى ئاڭلاپ ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ،باغنى ھۆددىگە ئېلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى . كېيىنكى خېرىدار چاقىرىش ، تالاشتۇرۇش مەزگىلىدە ئادىلجاننىڭ لايىھىسى تولۇق ، تولىمۇ مۇۋاپىق ، جانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، باغنى ئادىلجان ھۆددىگە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى . مانا بۇ ئۇنىڭ مۇشكۈلىنى ، جاپاسىنى ئاشۇرغان ، ئۇنى ئارام ئالماي ئىشلەيدىغان قىلىپ قويغان يەنە بىر سىناق مەيدانى بولۇپ قالدى . ئۇ بۇنى ئەينى چاغدا شۇ قەدەر چوڭقۇر ئويلانمىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ پۇشايمان قىلمىدى ، ھەسرەت چەكمىدى !

## 4

ھەر يىلى 40 مىڭ يۈەن ئىجارە پۇلى ،باغ پەرۋىش پۇلى تاپشۇرىدىغان بۇ باغنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ ،ئالما ، ئۈزۈم تال ، ئۆرۈك ، بادام ، ئەنجۈر

قاتارلىق سەككىز خىل يەرلىك مېۋە بار ئىدى، كۆپ قىسمى ئالما دەرىخى بولغانلىقتىن «ئالمىزار» دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى مېۋىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قېرى، سورتى ياخشى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، مېۋە بېرىش مىقدارى يىلمۇيىل ئازىيىپ كەتكەنىدى. ئادىلجان ئېلىيوف بۇ باغقا ياخشى نام قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، باغنىڭ ئىسمىنى «قەشقەر ئالمىزار سەيلە - ساياھەت ئارامگاھى» دەپ قويدى. باغنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق قىلىش ئۈچۈن، باغنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، قايتا قۇرۇش، رەتلەش، كونا مېۋىلەرنى يېڭىلاش، مېۋە يوق يەرلەرگە مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز يېنىدىن 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش، ياشارتىشنى نۇقتىلىق تۇتتى. ئۇ بۇ ئىشنى قىلىش جەريانىدا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قاغىلىق، يېڭىسار، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسى، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى مېۋىزارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، بۇ يەرلەردىكى سورتى ئەلا، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى ئالما، مۇناقى ئۈزۈم، ئانار، سەمەت ئۆرۈكى، بېھى، يۈرەك ئالگىرات، جەمۇرە، ئەنجۈر قاتارلىق 28 خىل مېۋىلىك كۆچەتنى يېڭىدىن تىكتى ۋە بىر قىسىم كۆچەتلەرنى كۆز قويۇپ ئۇلاپ يېتىشتۈردى. ئۇ شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، باغ ئىچىنى ئونىۋېرسال لايىھىلەپ، يول، ئارامگاھلارنى بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان تۇتاشتۇرۇپ، باغ كۆرۈنۈشىنىڭ سىتېرېئولۇق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. كۆچەتلەرنى تېخنىكىلىق

باشقۇرۇش ، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ، ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ ، ياندۇرقى يىلى ئومۇميۈزلۈك مېۋىگە كىرگۈزدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ باغدا يازنىڭ ھەرقانداق بىر مەزگىلىدە مېھمانلار ئۆزلىرى خالىغان مېۋىلەردىن تېتىيالايدىغان ، ھۇزۇر سۇرەلەيدىغان ، مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ، ئارام ئالغاچ ، باغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن بەھرە ئالالايدىغان گۈزەل مۇھىت بارلىققا كەلدى . مانا بۇلار باغنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى مۇھىم ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيتتى .

1999 - يىلى 3 - ئايدىن كېيىن ، ئادىلجان ئېلىپ باغنىڭ سورت يېڭىلاش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ ، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ، ئاشخانا ،ئايرىمخانا ،مېھمان كۈتۈش سەھنىسى ، باغ يوللىرىنى ياساش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللاندى ، ئۇ يەنە ، تۈرلۈك ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى ، كۈتۈش ئورۇنلىرىنى زىننەتلىدى . توك ، ئىچىملىك سۇ يوللىرىنى ۋە پاسكىنا سۇ ، ھاجەتخانا سۇلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ، كۆپەيتىپ سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ يۈرۈشلەشكەن ، زامانىۋى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق قۇرۇلۇش قىلدى . 2000 - يىلى يەنە تىجارەتنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ باشقا جايلاردىكى سەيلىگاھلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئۆزگىچىلىكىدىن پايدىلىنىپ ، باغنىڭ بىزەش ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ، سۈپىتىنى كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى ھەمدە بانكىنىڭ قەرز مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ، 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ، ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ، 1200 كۋادرات مېتىر لاپاسلىق ئارامگاھ ، بىر يەرگە سۇلۇق ئاممىۋى ھاجەتخانا ، 1000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇزۇم تال ئەتراپىغا پەشتاقلىق قورغانچە تام ، 300 كوۋادرات مېتىر ياتاق ئۆي ،

800 كۋادرات مېتىر ئاشخانا ، ئىسكىلات ، ئىشخانا ، ئارتىستلار سەھنىسى ، 16ئورۇنغا دىلكەشلەر سۆھبەت سورۇنى ، سەككىز ئورۇنغا ئايرىمخانا قاتارلىقلارنى ياسىدى . بۇنىڭ بىلەن بۇ سەيلىگاھتا بىرلا ۋاقىتتا 1200 دىن 1500 گىچە مېھماننى بىمالال ئۇزىتالايدىغان ، رازى قىلىپ يولغا سالالايدىغان قولاي ، ئازادە ، ھاۋاسى ساپ ، مۇھىتى گۈزەل سورۇن بارلىققا كەلدى .

5

ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تاپقان پۇلى ، مال - دۇنياسى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ ، ئوبرازىنىڭ نۇرلىنىشىمۇ ناتايىن ، ئۇ پەقەت شۇ كىشىنىڭ ساپ - پاك قەلبى ، ئېسىل ئەخلاق - دىيانىتى ۋە كىشىلەرگە يەتكۈزگەن مېھربانلىقى بىلەن يارىتىلىدۇ .

2000 - يىلى 4 - ئاينىڭ مەلۇم شەنبە كۈنى ئىدى ، ئالمىزار سەيلىگاھىغا بەش نەپەر ياش قىز ، ئۈچ نەپەر ياش ئوغۇل كىرىپ كەلدى ، ئۇلار مېھمان بولغىلى ياكى سەيلە قىلغىلى كەلگەندەك قىلمايتتى ، ئۇلاردىكى تارتىنىش ، تەشۋىش ۋە ئىككىلىنىش كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى .

— بىز بۇ باغنىڭ خوجايىنى ئادىلجان ئاكىنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى مۇلازىمەتچى قىزنىڭ مۇلايىم تەكلىپ قىلىشىدىن كېيىن ، — ئۆزى بارمۇ ؟

— ئۆزىمۇ بار ،نېمە گەپ بولسا ماڭا دېسەڭلارمۇ بولىدۇ ، ئۆزىنى چاقىرىپ قويساممۇ بولىدۇ .

— بولسىغۇ ئۆزىمىز بىۋاستە كۆرۈشسەك ياخشى بولاتتى !

مۇلازىمەتچى قىز بىردەمدىلا ئادىلجان ئېلىيوپنى چاقىرىپ كەلدى .

— نېمە گېپىڭلار بار ئىدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سالام - سائەتتىن كېيىن ، — تارتىنماي دەڭلار . . .

ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ئۇلارنىڭ سولغۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇردى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى ، ئىقتىسادتىن قىيىنىلىپ ، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ، شۇڭا بۇ سەيلىگاھتا مۇلازىم بولۇپ ئىشلەپ ، قىيىنچىلىقنى بىر ئاز بولسىمۇ ھەل قىلىپ ،ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئادىلجان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى .كېيىن ئۇ :

— بۇ نىيىتىڭلار ياخشى ، ئەمما تازا مۇۋاپىق دېگىلى بولمايدۇ ، ئوقۇغۇچى ئوقۇشى كېرەك . بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، تۇرمۇشنى قامدايمەن دېيىش ئېغىزدا ئاسان بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس . مەن سىلەرنى بۇ ھالدا ئىشقا سالسام تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ ، مەندىن رەنجىمەي ، ئوقۇشىڭلارنى ياخشى ئوقۇڭلار ، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي !— دېدى تەسەللى بېرىپ .

شۇنىڭدىن كېيىن ئادىلجان باشقا ئىش بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەتتى . بىراق ، ھېلىقى باللار ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى . ئىككى سائەتتىن كېيىن ئادىلجان ئۇلارنىڭ يەنە كەتمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئۇ ئەمدىلا ئىشخانىسىغا كىرىۋىدى ، ھېلىقى باللارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كىرىپلا ، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ۋە دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى ، ئائىلىسىدىكى باشقا ئۈچ قېرىندىشىنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ، شۇڭا بۇ يەردە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپ ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ نالىسى باغرى

يۈمشاق ئادىلجاننى قاتتىق تەسىرلەندۈردى ، بۇنى بىلگەن مۇنەۋۋەرمۇ ناھايىتى بىئارام بولۇپ ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى توغرا تاپتى .

ــ ماقۇل ، مەن سىزنىڭ ئىشلىشىڭىزگە قوشۇلاي ، ئەمما ، مەكتەپنىڭ مۇشۇ يەردە ئىشلىسە بولىدۇ ، دەيدىغان ئىسپاتنى ئېلىپ كېلىڭ ! ــ دېدى ئادىلجان ۋە تاماق يېيىشى ئۈچۈن ئۇلارغا 50 يۈەن بەردى .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ، ھېلىقى قىز مەكتەپنىڭ تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن بالا بىر ئەمەس ، توققۇز ئىدى . ئادىلجاننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ قاتتى ، قارىسا ھەممىسىنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىدىن ناچار . قانداق قىلغۇلۇق ، ئاخىرى ئۇ بايىقى بالىلارنى دەم ئېلىش ، بايرام كۈنلىرى ئىشلەشكە ، ئەتىل كۈنلىرى تولۇق ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى . بۇ بالىلارغا ئوقۇش پۇلى ۋە بىر قىسىم پۇللارنى ئالدىن بېرىپ ، ئۇلارنى ئوقۇش ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلدى ؛ ئوقۇ - ئوقۇتۇشقا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ ، قائىدە - تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ ، ئادىلجاننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى . بۇ بالىلار ئارىسىدا بورتالادىن كەلگەن بىر قىز بولۇپ ، ئۇ شۇ يىلى يازلىق تەتىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆيگە كەتتى ، بىراق ، ئۇ قايتىپ كېلىدىغان چاغدا ، ئائىلىسىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ، ئوقۇش پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى راسلىيالماي قالدى ، ئۇ ئادىلجانغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى دېدى ، ئادىلجان ئۇنى دەرھال كېلىپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى ، بۇ ئىشنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەرمۇ ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى ،ئۇلار ئۇ قىزنىڭ ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن 1400 يۈەن بېرىپ ، ئوقۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى . ياندۇرقى يىلىمۇ بۇ قىزغا يەنە 1000 يۈەن ياردەم

قىلدى . شۇنىڭغا مۇناسىپ ، بۇ قىزمۇ ئالمىزاردا ئىشلىگەن كۈنلىرى ياخشى ئىشلەپلا قالماي ، مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇپ ، «ئۈچتە ياخشى» بولدى ھەم خەنزۇ ، ئىنگلىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ ، مەلۇم كەسپىي ئىقتىدار يېتىلدۈردى . ئادىلجان بۇ قىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى پاراستىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، بىرقانچە ساياھەت ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ ، ئۇنى ساياھەت يېتەكچىلىكىگە تونۇشتۇردى . قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ساياھەت شىركىتى ئۇنى تەرجىمانلىق ، ساياھەت يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى . قىز تەتىل ۋە دەم ئېلىش ، بايرام كۈنلىرىدە ساياھەتچىلەر بىلەن مەھمۇت قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئاپپاق خوجا مازىرى ، ھېيتگاھ جاماسى ، يەكەندىكى ئاماننىساخان مەقبەرىسى ، داۋاكۆل ، تاشقورغاندىكى مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرى ، ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى قاتارلىق مەشھۇر ساياھەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ ، تەرجىمانلىق ، چۈشەندۈرگۈچىلىك قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان ، ئائىلىسىگە پۇل ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى . ئۇ ئادىلجان ۋە مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى ھەمىشە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ ، كۆڭلىدىكى تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىپ كەلدى .

شۇنداق ، ئادىلجاننىڭ بۇنداق ئىشلىرى مۇشۇ بىر قېتىم بولغان ئەمەس . 2002 ـ يىلىدىن بۇيان ، ئۇ ۋىلايەتلىك يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپىدىكى بالىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇردى ، ئۇ يەردىكى 100 نەچچە ئۆسمۈر ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىنى ھەر يىلى «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالمىزارغا تەكلىپ قىلىپ ، زىياپەت بېرىپ ، ئۇلارنىڭ بايرامدىكى يېتىمسىراشلىرىنى خۇشاللىق ، بەختىيارلىققا چۆمۈلدۈردى . ھەر يىلى ئۇلار ئۈچۈن 5000

يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزدى؛ 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئۆتكەن ئىككى نەپەر يېتىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش راسخوتىنىڭ كەملىكىنى بىلگەن ئادىلجان ئۇلارغا 2000 يۈەن ياردەم قىلدى. ئادىلجان يەنە 2001 ـ يىلىدىن بۇيان، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىغان، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر، خوتەندىن كەلگەن بىر، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن ھەر يىلى 2000 يۈەن ياردەم قىلىپ كەلدى، ئۇ بۇ ئىشنى 2005 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشنى ۋەدە قىلدى؛ 2001 ـ يىلى ئۇنىڭ بېغى ئەتراپىغا پەيدا بولۇپ قالغان بىرقانچە خەنزۇ يولداش ئۆزلىرىنىڭ چىڭخەيدىن كېلىپ، قەشقەردە ئىشلەمچىلىك قىلغان بولسىمۇ، ئىشقا سالغان خوجايىنى ئۇلارنىڭ پۇلىنى بەرمەي ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئادىلجان بۇ چاغدا ئۇلارغا 1200 يۈەنلىك كۆمۈر، ئاشلىق، ئوتۇن قاتارلىقلارنى ياردەم قىلىپ، توققۇز نوپۇسنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى؛ ئۇ باغ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابلا بوۋايغىمۇ 500 يۈەنلىك ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى؛ 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، ئادىلجان دەرھال چوڭقۇرچاق يېزىسىغا 7000 يۈەنلىك ئۇن، نان، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلقتىن ھال سورىدى. يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدە ئۇ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان ئۈچ نەپەر بىمارغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 4000 يۈەن ياردەم قىلىپ داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلەپ قويدى. ئۇنىڭ يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىشى بار: 1982 ـ يىلىدىن بۇيان، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن پەيزاۋات ناھىيە جانباز يېزا

تۇگمەنبېشى كەنتىدىكى نامرات دېھقانلارغا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 يۈەندىن ياردەم قىلىپ كەلدى ، نەزەرباغ يېزىسىدىكى نامرات دېھقانلارغىمۇ 2000 - يىلدىن بۇيان ھەر يىلى 1000 يۈەندىن خالىس ياردەم قىلدى .

6

ئادىلجان ئېلىيۇپنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان ئىش مۇشۇ بىرقانچىلا ئەمەس . ئۇ مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭمۇ ئېسىدىن چىقمايدىغان يادنامىلارنى قالدۇرۇپ ، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى ، كەڭ قورساقلىقى ، سېخىيلىقى ۋە مەردلىكىنى نامايان قىلىپ كەلدى .

2000 - يىلىدىكى ساخاۋەتلىك سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، ئاۋستىرالىيىدىن قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن بىر مېھمان ئالمىزار سەيلىگاھىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ، بۇ يەرگە ئالايىتەن غىزالانغىلى باردى . شۇ كۈنى ئۇ مېھمان ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتماقچىدى ، ئۇنىڭ قەشقەردىكى تونۇشلىرى ئۇنى بوش قويۇۋەتمەي ھاراققا زورلاپ كەيپ قىلىپ قويىدى ، ئايروپىلان قوزغىلىشقا ئاز قالغاندا ، ئۇ ئالمان - تالمان يۈرۈپ كەتتى . كېيىن ئادىلجان ئۇلار ئولتۇرغان جايغا بېرىپ ، بۇ يەردە بىر دانە ئالىي دەرىجىلىك سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئادىلجان جىددىيلەشتى ۋە دەرھال كىرا ماشىنىسى تۇسۇپ ، ھېلىقى ئاپپاراتنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئايرودرومغا باردى . ھېلىقى مېھمان ئۇنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان ئاپپاراتىنى كۆرۈپ ئېسىنى يىغىپ ، ئادىلجانغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى ، كېيىن ئۇ ئادىلجان بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ ، ئاپپاراتنى

ئەستىلىك سوپىتىدە قويۇپ كەتمەكچى بولدى . ئادىلجان سەممىمىي رەت قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك دوستلۇق ۋە ئىشەنچ ئابىدە بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇردى ، ھەتتاكى ھېلىقى كىشى قەشقەرگە ماڭغان تونۇش ـ بىلىشلىرىنى ئالمىزاردا مېھمان بولۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىققا تەۋسىيە قىلدى ؛ 2003 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، تەيۋەندىن قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن بىرقانچە ساياھەتچى قەشقەردىكى دوستلىرى بىلەن ئالمىزارغا غىزالانغىلى باردى ، ئۇلار بۇ يەردە غىزالانغاندىن كېيىن ، باغنىڭ مېۋىلىرىدىن ئۆزلىرى ئۈزۈپ ھۇزۇرلاندى ۋە باغ ئىچىنى سەيلە قىلىپ ، بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى . بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ، ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇنلىرىغا قايتىپ بارماي ئۇزاپ كەتتى ، ئەمما ئۇلار 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئەڭ ئىلغار ، ئاپتوماتىك تېلېكامېرانى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئادىلجان ئېلىيۇپ ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىنى سۈرۈشتە قىلدى . ئۇ ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىلەرنى سەمەن مېھمانخانىسىغا ئېلىپ بارغاندا ، ئۇلار مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى بىلەن تېلېكامېرا يىتۇپ كېتىپتۇ ، سىلەر تۆلەپ بېرىشىڭلار كېرەك دەپ جېدەل قىلىۋاتاتتى . ئۇلار ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئادىلجانغا رەھمەت ئېيتتى ، مېھمانساراي كۈتكۈچىلىرىدىن ئەپۇ سورىدى .

بۇنداق ئىشلار مۇشۇ بىرقانچە قېتىملا بولغىنى يوق . بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، ئۇ يانفون ،چاقىرغۇ ، سومكا ، نەق پۇل قاتارلىقلارنى تالاي قېتىم تېپىۋېلىپ ، ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى . ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرى قولاقتىن قولاققا ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كىشىلەرنىڭ بۇ سەيلىگاھقا بولغان قىزىقىشى ۋە تەشەككۈرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى .

# 7

ھازىر ئالىمزارنىڭ داڭقى ھەممە يەرگە تارقالدى ، ئۇنىڭ نىمەتلىرىدىن دەرمان تاپقانلارمۇ ئاز ئەمەس . ئادىلجان ئېلىيۇپ مۇشۇنداق بىر چوڭ ئىگىلىكنى يارىتىش يولىدا نۇرغۇن جاپا چەكتى . ئۇ كۆن بويى چېپىپ يۈرۈش ، ئالدىراش ئىشلەش ، سەھەر قوپۇپ ، كەچ يېتىش بىلەن ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرىنى ياشناتتى . ئۇنىڭ بۇ خىل ئەستايىدىللىقىنى ، سەمىمىيتىنى نۇرغۇن ئادەم چىن دىلىدىن قوللىدى ، بۇ قوللىغانلار ئىچىدە ئۇنىڭ سادىق ھەمراھى مۇنەۋۋەر خانىممۇ بار ئىدى ، ئۇ مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ، بارلىقىنى ئادىلجانىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىشلىرى ۋە نەتىجە قازىنىشىنىڭ جەريانلىرىغا بېغىشلاپ ،ۋاپادارلىق كۆيىنى ياڭرىتىپ ، بىر ياقىدىن باش ،بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ، ھەمنەپەس بولدى ،بۇ خىل بىرلىك ئۇلارنىڭ ئۇتۇقىنى يىلمۇيىل ئاۋۇتۇپ ، ئىشلىرىنىڭ رونىاق تېپىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن مەنىۋى ئاساس سېلىپ بەردى .

مۇشۇ بىرقانچە يىلدا ئادىلجانىنىڭ ئىشلىرى بەك كۆپىيىپ كەتتى ، مۇنەۋۋەر ئايال بولۇشقا قارىماي ، ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى قىلىش ، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەش بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ ، ۋاقىت چىقىرىپ ، باغنىڭ مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىنىڭ ئەلا ، سۈپەتلىك بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى . مۇلازىملارنى باشقۇرۇش ، ئورۇنلاشتۇرۇش ، تەربىيىلەش ، تەشكىللەش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ، ئەقىدىسىنى نامايان قىلدى . ئەمەلىيەتتىمۇ مۇلازىمەت كەسپى تولىمۇ نازۇك كەسىپ بولۇپ ، ئالىمزاردەك چوڭ سەيلىگاھقا نىسبەتەن تولىمۇ ئەستايىدىل ،ئىنچىكە بولۇش زۆرۈر

ئىدى . ئادىلجان بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى ، بۇ يەرگە كەلگەن ھەربىر ئادەمنى رازى قىلىش ئۈچۈن ، مۇلازىمەتچى ـ كۈتكۈچىلەرنىڭ ساپاسىنى ، سۈپىتىنى ئىزچىل ئۆستۈردى ، ئۇلارنى ئىلمىي باشقۇرۇش ، جانلىق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ، باغنىڭ ھەر كۈنى مېھمان كۈتۈش قېتىم سانىنى 200 ئادەمدىن ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى . ھازىرغىچە ئىش كۈتۈپ تۇرغان 60 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارغا ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 يۈەندىن ئىش ھەققىي بەردى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر يىلى رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بارغان نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئۇزاتقاندىن باشقا ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مېھمان ، ساياھەتچىلەردىن ھەر يىلىغا 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۇزاتتى .شۇڭا ئۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ، ساياھەت كەسپىدىكى ئىلغار شەخس ، ئۇدا ئۈچ قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» ، «مۇنەۋۋەر يەككە تىجارەتچى» بولۇپ ، قەشقەر شەھىرى ، ۋىلايەت قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى .

## 8

ئالمىزارنىڭ داڭقىنى تاراتقىنى ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىلا ئەمەس ، يەنە ئۇنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . مۇبادا ، سىز ياز ئايلىرىنىڭ قايسىبىر كۈنى يېپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە ، ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان ئادىلجان ئېلىپ باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر ئالمىزار سەيلە ـ ساياھەت ئارامگاھىغا كىرسىڭىز ، دىمىقىڭىزغا بۇ باغدىكى ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى ئۇرۇلىدۇ ، كۆز

ئالدىمىزدا تۆت ئەتراپى ئۈجمە دەرەخلىرى ، تال باراڭلىرى ، تال باراڭلاردىن ئۈنچە - مەرۋايىتتەك ساڭگىلاپ تۇرغان سانجاق - سانجاق ئۈزۈملەر ۋە رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈل - گىياھلار ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىغا چىرايلىق قىلىپ ياسالغان ئارامگاھلار . . . نامايان بولىدۇ . سىز ئۇنىڭ قوينىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ، بۇ يەردە خىزمىتىمىزگە پەرۋانە بولۇپ ئىشلەۋاتقان ، يارىشىملىق ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيگەن قىز - يىگىتلەر ئالدىمىزدا ھازىر بولۇپ ،ئارامگاھلارغا تەكلىپ قىلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ باغنىڭ 100 نەچچە خىل ئۇيغۇرچە تائاملىرىنىڭ قايسىسىنى خالىسىڭىز ، شۇ تائام ھازىر بولىدۇ . ئۇلارنىڭ سۈپىتى شۇ قەدەر ياخشى ، تەمى شۇ قەدەر ئۆزگىچە ، تەننەرخى شۇ قەدەر مۇۋاپىق . بۇ تەرەپلەردە ئۇنى جەننەتكە ئوخشاتساقمۇ يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ ، بىر قېتىم كىرگەن ئادەمگە بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە يېقىپ قالىدۇ . سىز يەنە سىنچىلاپ قارىسىڭىز ، سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈجمە دەرەخلىرى ئارىسىغا جايلاشتۇرۇلغان بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە كۆزىڭىز چۈشىدۇ ، ئۇنىڭدىن بۇ باغنىڭ قانچىلىك ئەتىۋارلانغانلىقىنى ۋە نامىنىڭ بىكاردىنلا چىقىپ قالمىغانلىقىنى بىلىسىز ، ئاشۇ سۈرەتتىن باش شۇجى ، دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋ ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىقلارنىڭ بۇ باغنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىقىدەك ئەمەلىي كۆرۈنۈشنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ باغنى يەنە ئىسمايىل ئەمەت ، تۆمۈر داۋامەت ، ئابلەت ئابدۇرېشىت ، ئابدۇرېھىم ھامىت قاتارلىق دۆلەت ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ، شۇنىڭدەك ، ئېلىمىزنىڭ تۈركىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ، چەت ئەللەردىن كەلگەن نوپۇزلۇق ئەربابلار ۋە دۆلىتىمىزنىڭ

مىنىستىرلىق ـ كومىتېتلىرىدىن كەلگەن ، قېرىنداش ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نازارەت ـ ئىدارىلىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەر ۋە باشقا ساياھەتچى مېھمانلارنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ . مانا مۇشۇ كىشىلەر بۇ يەردىن قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ،قەشقەرنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتىنى كۆردى ،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ لەرزان ناخشا ـ مۇزىكىسىنى ، دۇنياغا مەشھۇر 12 مۇقام نەغمىلىرىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈردى ، ئېسىل تائام ، نازۇنېمەتلىرىدىن لەززەت ئالدى . قەشقەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان قايناق ھېسسىياتىنى ، قەدىمي مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇۋاتقان مەپتۇنكار مەنزىرىسىنى كۆڭۈل قاتلاملىرىغا مەڭگۈلۈك ئابىدە قىلىپ ئويۇۋالدى . مانا بۇ ئادىلجان ئېلىيۇپنىڭ تۆھپىسى ، مانا بۇ ئۇنىڭ ياشلىق پاراستىدىن قولغا كەلگەن شان ـ شەرىپى !











ئالمزاردىكى پائالىيەت-
لەردىن كۆرۈنۈشلەر









# كۆڭۈلچەك «پەرىشتە»



## پۇلىڭىز بولسا

ئۆمرىڭىزدە يىغقان پۇلىڭىزغا قارىغاندا، خەجلىگەن پۇلىڭىز ھەقىقىي ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق، بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىڭىز سىزگە تەئەللۇق ئەمەس، چۈنكى شۇ پۇلنى خەجلىمىسىڭىز، سىزنىڭ ئامانەت تالونىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئامانەت تالونى بىلەن پەرقى بولمايدۇ. پۇل يىغىش بىلەن پۇل خەجلەش مەقسەت ئەمەس، يىغقان پۇلىڭىزدا كىشىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ قىممىتى ئىپادىلەنگەندەك قىلىدۇ، پۇلنى خەجلىگەن ۋاقىتتا ياشاش مەقسىتىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئوبدان ئىپادىلىنىدۇ. سالامەتلىكىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئويلامسىز؟ ئۇنداقتا پۇلنى كۆندىلىك يېمەك - ئىچمەككە خەجلىسىڭىز، كىيىم - كېچەككە خەجلىگىنىڭىزگە قارىغاندا ئورۇنلۇق بولىدۇ.

چىرايلىق، سالاپەتلىك بولۇشنى خالامسىز؟

ئۇنداقتا پۇلنى تولۇپ - تاشقان جىسمانىي كۈچ ۋە خۇشال كەيپىياتنى ساقلاشقا خەجلىسىڭىز كىيىم - كېچەككە خەجلىگىنىڭىزگە قارىغاندا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا پۇلنى ئۆز ئابرۇيىڭىزنى كۆتۈرۈشكە خەجلىسىڭىز، كۆزنى چاقنىتىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىت، ھەشەمەتلىك ئۆي - ئىمارەت سېتىۋېلىشقا خەجلىگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

دۇنيادا پۇل تېجەشنى بىلىدىغانلار ھامان كۆپ، پۇل قولىمىزغا كەلگەندىلا پۇلغا ھېساب، بولمىسا ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئېغىزدىكى ۋەدە ياكى بىر پارچە توختام. ئوخشاش بولمىغان پۇلنىڭ ئالدىدا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر ئالدىدا، پۇل بىلەن پۇلمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ پۇلنى كەلسە - كەلمەس ئورۇنغا خەجلەپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، بىراق بۇنىڭغا ئارتۇقچە ئېچىنىش ھاجەتسىز، چۈنكى بەزىلەر پۇلغا ئېرىشىش ئارقىلىق خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، بەزىلەر قولىدىكى پۇل ۋە مېھىر - شەپقەت ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ، بەخت ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ.

# كۆڭۈل ئىزھارى

— ئابدۇشۇكۇر دوختۇر بېلىق كۆلى يېنىدىكى بىناغا دوختۇرخانا ئاچىدىغان بوپتۇ !

— قاچان ئاچىدىكەن ؟

— مۇشۇ يېقىندا ئىش باشلايدىغان ئوخشايدۇ .

— ئوبدان قىپتۇ .ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قالسا ، بېرىپ تەبرىكلەپ كېلەيلى !

— بۇ خەۋەرنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ ، ئۇ ئادەمگە يەنە بىر قېتىم ھەۋىسىم كەلدى ، نېمىشقا دېسىلە ، ئۇ سانسىز كىشىگە نىجاتلىق بېرىپ ، دەردىگە دەرمان ، كېسىلىگە شىپا بولۇپ ، تاپقان - تەرگەنلىرىنى ئەلدىن ئايىمىدى ! بۇ قېتىم دوختۇرخانا ئاچسا ، يەنە نۇرغۇن نامرات ، پۇلى يوق كىشىلەرگە مېھىر - شەپقەت قىلىدۇ ، شەخسەن مەن خۇش بولىدىغان ئىش مۇشۇ !

— راست دېدىلە ، ئابدۇشۇكۇر دوختۇرنىڭ قولى ئوچۇق ، كۆكس - قارنى بەك كەڭ ، نە - نەلەردىن كەلگەن بىمارنىڭ ئۈنى كۆڭۈلچەك ،باغرى يۇمشاق ،پەرىشتە سۈپەت ئادەم دەپ ماختىشى بىكار گەپ ئەمەس . . .

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل پاراڭلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە تارقىلىپ يۈرگەندە ، راستتىنلا «ئابدۇشۇكۇرنىڭ غەربچە داۋالاش ئورنى» دېگەن ۋىۋىسكا بايىقى بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە ئېغىز ئۆينىڭ ئۈستىگە ئېسىلدى . بىراق ئۇ بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ، بىمارلار ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭ قولىدا داۋالىنىپ ، ساقىيىپ

كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر ئالايىتەن كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇتۇق ۋە نۇسرەت تىلىدى ، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا بىر قىسىم كېسەللەرنى تونۇشتۇرۇپ داۋالاپ ساقايتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى .

ئاشۇ كىشىلەر ئىچىدە تازغۇن يېزا 9 - كەنتتىكى مەريەمگۇل روزىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپ ، ئابدۇشۇكۇر دوختۇرنىڭ يېڭىدىن خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئاچقانلىقىنى قۇتلۇقلىدى . ئابدۇشۇكۇر دوختۇر ئۇلاردىن هال - ئەھۋال سورىدى ۋە مەريەمگۇلنىڭ كېسىلىنىڭ قايتا قوزغالغان - قوزغالمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى . قىزچاقنىڭ ئانىسى كۆزىگە ياش ئالغان هالدا مۇنۇلارنى دېدى :

— جېنىم دوختۇر ، قىزىمنىڭ هازىر سالامەتلىكى شۇنداق ياخشى ، كېسەل قايتا قوزغالمىدى ، بۇ سىلىنىڭ بىزنى ھەمىشە ياد ئېتىپ ، كېسەلگە قارىتا كۆرسەتمە بېرىپ ، هالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىقلىرىنىڭ شاپائىتىدىن بولدى ، بولمىسا ، بىز بۇ كەمگىچە بالىدىن ئايرىلىپ قالاتتۇق ، ئايرىلمىغان تەقدىردىمۇ بالىنى داۋالىتىمىز دەپ ھېچ نەرسىمىز قالمىغان بولاتتى . سىلى خىزىردەك ئادەمكەنلا ، خۇدايىم سىلىنى بىزگە يەتكۈزۈپتىكەن ، بولمىسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدۇقكىنتاڭ ؟ قىلغان ياخشىلىقلىرى بىزدىن يانمىسا ، خۇدايىمدىن يانار ، بىز ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز ! خۇدايىم قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن . . .

بۇ شۇنداقلا ئوقۇلغان تەشەككۇر ئەمەس ئىدى . مەريەمگۇل ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى يۇقۇملىنىش سەۋەبىدىن پالەچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ، بۇ هال ھەم چىرايلىق ، ھەم ئوماق بو قىزغا ئامراق ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ يۈرەك باغرىنى تىلدى ، ئۇلار قىزنى تەرەپ - تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتۈپ داۋالاتتى ، بىراق داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى . بىرنەچچە يىلدىلا بۇ ئائىلىنىڭ ئەسلىدىنلا

ياخشى بولمىغان ئىقتىسادىي ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى . قىزنىڭ ئەھۋالى ئۇ ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بۇ بولۇۋاتقان شارائىتتا ، ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشتىن باشقىغا قۇربى يەتمەي جىم بولۇپ قېلىشتى . ئانا ھەر كۈنى بالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ ، ئۈنسىز ياش تۆكەتتى ، دادا بولسا ، ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ مۇڭلىناتتى . ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە دوختۇرخانىلارنىڭ ئەندىشىلىك دىئاگنوزلىرى ، «بالىڭىزنىڭ ساقىيىشىدىن ئەمدى ئۈمىد يوق !» دېگەن تەشۋىشلىرى كىرىۋالسا ، يۈرىكى تېخىمۇ پۇچۇلىناتتى .

كۈنلەر شۇنداق ئۈمىدسىز ، غەم ـ ئەندىشىلىك ئۆتىۋەردى . «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ ، ئۇلار قايسىبىر كۈنى ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىگە بېرىپ ، بالىغا مېيىپلىق كىنىشكىسى بېجىرىپ قويماقچى بولدى . تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ ، ئۇ يەردە ئويلىمىغان يەردىن ئابدۇشۈكۈر دوختۇرغا يولۇقۇپ قالدى . دوختۇر قىزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— قىزىڭىزنى مەن داۋالاپ ساقايتىمەن ، ئەگەر داۋالاپ ساقايتالمىسام ، كەتكەن بارلىق چىقىملىرىنى مەن تۆلەپ بېرىمەن .

— ۋاي جېنىم دوختۇر ، نېمانداق تاتلىق گەپ قىلىلا ؟ داۋالىتىشقا تۆلىگۈدەك ھازىرچە پۇلىمىزمۇ يوق ، راستىنلا داۋالاپ ساقايتالايدىغان بولسىلا ، قېنىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ پۇلنى بېرىمىز ،كۆز كەلسە ئېتىزدا پۇلغا يارىغۇدەك زىرائەتلىرىمىز بار . . .

— پۇلنىڭ كارايىتى چاغلىق ، ئالدى بىلەن مەن بالىنى كۆرەي .

ئابدۇشۈكۈر دوختۇر بالىنى يۆتكەش جەريانىدا قىيىلىنىپ كېتەمدۇ ، ئاۋارىچىلىك كۆپ بولىدۇ ، دەپ ئويلاپ ، ئۇلار بىلەن

بىللە قىزچاقنىڭ ئۆيىگە باردى . قىز ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالغان نۇرسىز چىراغتەك ،پۈتۈن بەدىنى پالەچ ھالدا ياتاتتى .

ــ بالىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەپتۇ ، تامىقىنى ياخشىلاش بەكمۇ مۇھىم ، كۈچلۈك ، ئىسسىق مىجەزگە تەۋە يېمەكلىكنى ئاز ـ ئازدىن ، پات ـ پات بېرىپ ، بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈپ ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك . قالغان دورىسىنى مەن قىلىمەن ، سىلەر قىلچىلىكمۇ ئەنسىرىمەڭلار ، بالا چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ ! ــ دېدى دوختۇر تەكشۈرۈشتىن كېيىن .

بۇ ئائىلىگە بىر ئۈمىد چىرىغى يېقىلغاندەك بولدى ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبى ۋىللىدە يورۇدى ، يۈرىكىدىكى ئازابلار بىردىنلا يوقالغاندەك يېنىكلەپ قالدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن يەنە بىر گۇمان غىل ـ پال ئۆتتى ، ئۇلار ، چوڭ دوختۇرخانا ، داڭلىق دوختۇرلار ساقايتالمىغان كېسەلنى ، بۇ دوختۇر قانداق ساقايتار ؟ دەپ ئويلىدى . ئۇ راستىنلا ساقايتالارمۇ ؟ . . . ئابدۇشۇكۇر دوختۇرنىڭ راستىنلا ساقايتىپ كېتىشكە ئىشەنچىسى بار ئىدى ، چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇ خىل كېسەلدىن بىرقانچە ئوننى ساقايتىپ ، تەجرىبە توپلاپ ، ئۆزىگە خاس بىر قاتار داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققانىدى . بۇ ، 1992 ـ يىلى ياز ئايلىرىدىكى ئىش ئىدى ، ئۇ بۇ قىزنى 90 كۈن جىددىي داۋالىدى . بۇ جەرياندا ئۇ بوش ۋاقىت تاپسىلا تازغۇن يېزىسىغا بېرىپ ، قىزنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ ، ئوزۇقلىنىش ۋە دورا ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرىنى ، تەرتىپلىرىنى بىرمۇبىر تەڭشەپ ، ساغلاملىقىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سالدى . روھىي جەھەتتە تەسەللى بېرىش بىلەن بىر چاغدا ، فىزىكىلىق داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ ، قىزنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى

ئوۋلاش، بانكا قويۇش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى. ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ بۇ ئىشنى ھەر كۈنى قىلىپ بېرىشكە كۆندۈردى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۇنى تالا - تۈزگە ئېلىپ چىقىپ ھاۋالاندۇردى ۋە ھەرىكەت قىلىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. ئارىدىن سەككىز ھەپتە ئۆتكەندە، قىزنىڭ رەڭگى - روخسارى بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، پۇت - قولىنى مىدىرلىتالايدىغان، يانغا ئۆرۈلەلەيدىغان ھالغا كەلدى. كۆپ خىل داۋالاش بىلەن مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىش، يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن بېقىش قىزنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىدى، قىز ئاخىرى ئۆزى ئولتۇرۇپ - قوپالايدىغان بولدى . . . ئابدۇشۈكۈر دوختۇر داۋالاش، پەرۋىش قىلىشنى توختىتىپ قويماي، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى. قىز بىر يىلدىلا سەللىمازا ساقىيىپ، مەكتەپ قوينىغا قايتىپ باردى. قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەن مەريەمگۈل كىشىلىك ھاياتنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى قايتا سۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئابدۇشۈكۈر دوختۇرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىش - ئىزلىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭ داڭقىنى تاراتتى.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ يېڭىدىن دوختۇرخانا ئاچقانلىقىنى مەريەمگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆرگەنلا ئادەمگە تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىمارلىرىغا سالامەتلىك تىلىدى.

كىشىلىك ھاياتتا تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ، ھايات قاينىملىرى ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ قوينىغا تاشلاپ، گاھ لەيلىتىپ، گاھ چۆكتۈرۈپ تاۋلايدۇ ياكى خاراب قىلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر ئىمىنمۇ مانا مۇشۇنداق ئەگرى - توقايلىق ئىچىدىكى مۇشكۈلاتلارنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆتكەن ھاياتى ھەققىدە سۆز بولغاندا ياكى ئويلىنىپ قالغاندا، شۇ چاغدىكى ئۆزى ئويلىمىغان ئازاب ۋە ئۆزى خىيال

قىلىپ باقمىغان شادلىقلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ . ھازىر ئويلىسا ، شۇ ياشتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ خىل كەچۇرمىشلەرنى باشتىن كەچۇرگەن . بىراق ، ھەممىسىنىڭ سەزگۈزەشتىسى ئابدۇشۇكۇر ئىمىنىنىڭ سەزگۈزەشتىسىدەك شۇ قەدەر كۆپ قىرلىق بولغان ئەمەس . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھايات كالېندارىنى ۋاراقلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ ، ئەلۋەتتە .

1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزا 9 - كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئابدۇشۇكۇر ئىمىن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىدى . 1963 - يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، قەشقەر تېببىي مەكتەپنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر كەسپىدە ئۈچ يىل ئوقۇدى . ئۇ 1966 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى . ئۇنىڭ كەسپچانلىقى كۈچلۈك ، خىزمەت قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغانلىقتىن ، تېزلا كۆزگە كۆرۈندى ۋە كەسپداشلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى . تەشكىلمۇ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بىر يىلدىن كېيىن ئۇنى ئۆز يېزىسىدىكى يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا دوختۇرخانا باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى . ئۇ بۇ يەردە ھەم رەھبەر ، ھەم مەسئۇل دوختۇر ئىدى . ئۇنىڭ يۈكى ئىنتايىن ئېغىر ، كېسەل كۆپ ، شارائىت ناچار ، دورا ۋە داۋالاش ئەسلىھەلىرى كەمچىل ئىدى . ئۇ بۇ يەردە كۆرۈلىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارىتا دورا ئارقىلىق داۋالاش بىلەن يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاشنى بىرلەشتۇرۇپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇردى .

ئەمما كۈتمىگەن يەردىن ئۇنىڭ پېشانىسى تەتۈر كېلىپ ، كىملەرنىڭدۇر ھەسەتخورلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن ، «خىيانەتچى ئەمەلدار» بولۇپ تارتىپ چىقىرىلدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەتۈر شاملى ئۇنىڭ ئەجىر - تۆھپىلىرىنى يوققا

چىقىرىپ، قولىغا كويزا - كىشەن سېلىپ، شىپالىق قولىنى ئەلگە نەپ يەتكۈزەلمەيدىغان ئىمجان قولغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. 1976 - يىلى 4 - ئايدا ئۇ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى قالغاچلىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش - ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئاپىرىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى يوقالغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ بارلىقى ئەمدى كەلمەسكە كەتكەندەك قىلاتتى، بىراق ئۇ كېيىن ئويلاپ يەتتىكى، ئۇنىڭ ئۇزاق يىل داۋامىدا توپلىغان بىلىمى، دوختۇرلۇق ھەققىدىكى تەجرىبە - ئۇتۇقلىرى يوقالمىغانىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ يەنە بىر خىل چىقىش يولى ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالدىغا قارىدى، شۇنداق بىر ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپىنى كۆرۈش كېرەك. بەزىلەرگە تەتۈر ئىش ئامەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ دەل بىز ھېس قىلمىغان تەرەپ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئابدۇشۇكۇر ئىمىنىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشى تەتۈر قىسمەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئىستېدات ۋە دوختۇرلۇق سالاھىيەت ئۇنى يەنە بىر قېتىم چوڭ ئۇتۇققا سازاۋەر قىلدى. ئۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ قىزغىن كەيپىيات، سەمىمىي ئېتىقاد بىلەن ئۇ يەردىكى نۇرغۇن بىمارنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولدى. ئابدۇشۇكۇر دوختۇر شۇ چاغدىكى داۋالاش ئىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

— ھەر كۈنى سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم، خىيالىمدا مەن تۈرمىدە يېتىشقا تېگىشلىك ئادەم ئەمەس ئىدىم، مەن زايە كەتتىم، ماڭا ئۇۋال بولدى، دەپ ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتۈنەتتىم. ئىچ پۇشۇقى ۋە ئىچكى ئازاب مېنى ھەمىشە قىيناپ، ياشلىق باھارىمنى خورىتىپ كېتىۋاتاتتى، راست ئەمەسمۇ؟ مەن ئەينى چاغدا باشلىق بولساممۇ، ئىزچىل ھالدا داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان، مالىيە كىرىم - چىقىم ھۆججەتلىرىنى تەستىقلاش قولۇمدىكى ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ

قانۇنىيىتىنى بەك چوڭقۇر چۈشەنمەيتتىم ھەم بۇ ئىشلارنى مالىيە خادىملىرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، دەپ قاراپ بەك چات كىرىۋالمايتتىم. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ئىشنىڭ مېنى خاراب قىلىشىنى كىم بىلسۇن دەيسىز؟ قارا نىيەت مالىيە خادىملىرى نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن پاكىتلارنى قالايمىقان قىلىپ، بەتنام چاپلاپ، مېنى نابۇت قىلدى... شۇڭا مەن دائىم پارتىيىگە، قانۇننىڭ ھەققانىيىتىگە ئىشىنىپ، ھامان بىر كۈنى ئاقلىنىپ چىقىپ كېتىمەن دەيتتىم. بۇنداق چاغدىكى ھەسرەتلىرىمنى پەقەت مېنىڭ تۈرمە دوختۇرخانىسىدىكى خىزمىتىملا يوق قىلاتتى، مەن شۇ يەردىكى دوختۇرلۇق ھاياتىم بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇش، ھەممىنى يىراققا تاشلاپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدىم!...

تۈرمە رەھبەرلىكى ئۇنىڭ دوختۇرلۇقتىكى ئارتۇقچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى تۈرمە دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىقتەك قىلاتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يەردە مۇشۇنداق دوختۇر كەمچىل ئىدى. ئابدۇشۇكۇر ئىمىن ئۆز كەسپىگە سادىق بولدى، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئاكتىپ بويسۇندى، خىزمەت داۋامىدا ئاغرىققا سەۋەب، ئۆلۈمگە ئامال قىلىش روھى بىلەن مەيلى تۈرمىدىكى جازا ئۆتەۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى باشقا خادىملار بولسۇن، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆيۈنۈپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. ئۇ ئالتە يىل داۋامىدا 5000 ئادەم قېتىم ئېغىر ـ يېنىك كېسەلنى كۆرۈپ داۋالىدى، پەرۋىش قىلىپ ساقايتتى، تاسادىپىي كۆرۈلگەن زەخمە ئېغىرىنى تىكىش، سوقۇر ئۈچەي قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا ئوپېراتسىيەلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە ئىشلەپ، 150 دىن ئارتۇق كىشىنى ئاغرىق، ئۆلۈم ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بىرەر قېتىممۇ سەۋەنلىك سادىر قىلمىدى، دوختۇرلۇق

ئىشلىرى ئۆكسۈپ قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەسپىنى بېجىرىشى چەكلىك دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكتىن ،چوڭ نەتىجىلەرنى، يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىش ،تەرەققىي قىلىش يوللىرى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئۇ كەسپىنى چىن دىلىدىن سۆيۈش، كەسپنى قەدىرلەش روھى بىلەن، داۋالاش ھەققىدىكى يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەشتىن توختاپ قالمىدى. ئۇ تۇرمىدە كۆپ تەرەپلىمە تەرىپلەش، مۇكاپاتلاشقا ئېرىشتى ۋە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ تونۇلدى.

1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئابدۇشۈكۈر ئىمىنىنىڭ دېلوسى قايتا تەكشۈرۈش، سوت قىلىش ئارقىلىق، يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىلدى ۋە گۇناھسىز دەپ ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلدى. بەتنام، تۆھمەتلەر بىكار قىلىنىپ ،ئۇنىڭ دوختۇرلۇقى ئەسلىگە كەلدى، ناھەق جازالانغان مەزگىل ئىچىدە توختىتىپ قويۇلغان ئىش ھەققى تولۇقلاپ بېرىلدى. ئۇ قايتىدىن ئىشقا چۈشۈپ، تازغۇن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەل دوختۇرلۇقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئۇچىنچى قايتىدىن ئاق خالات كىيىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى تاپتى.

## ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىش

ئۇ تۇرمىدىن چىققاندا نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىلىنىپ كەتكەنىدى، دورا ،داۋالاش سايمانلىرى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا كۆپەيگەن ۋە تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇ كونا دەسمايىگىلا تايانسا، كېلەچەكتە شاللىنىپ قالاتتى. بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن ئابدۇشۈكۈر ئىمىن بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. تەشكىلنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر تىببىي مەكتەپتە ئېچىلغان مەخسۇس ئىچكى

كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىش ـ ئۆگىنىش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇردى . بۇ يەردە ئۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ، تەتقىقاتچى ، مۇتەخەسسىسلەردىن غۇپۇر ئىمىن قاتارلىقلاردىن قېتىرقىنىپ بىلىم ئالدى ۋە يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۇردى . بۇ ئارقىلىق ئۇ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ ، كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى . تازغۇن يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۆگەنگەن بىلىمىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىدى ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان توپلىغان داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ ،داۋالاشتا قوللىنىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ يەرلىكنىڭ كېسەل داۋالاش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ، ياساش ئاسان ، تەننەرخى ئەرزان ، ئۈنۈمى يۇقىرى بىر قاتار داۋالاش ئۇسۇلى ، يەرلىك دورا قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا تۇتۇش قىلدى . بولۇپمۇ ، ئۇ غەرب تېبابىتى بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەم ئۇنى بىرلەشتۇرۇپ ، بىر قىسىم دورىلارنى تەتقىق قىلدى ۋە داۋالاش جەريانىدا قوللىنىپ ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى نامرات ، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى ، چۈنكى ، ئۇ ياسىغان دورىلارنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى ، باھاسى ئەرزان ، كۆپ خىل تەكشۇرۇش ۋە كۆپ تەرەپلىمە مۇلازىمەت تەلەپ قىلمايدىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ ،كۆتۇرۇش كۈچى ئاجىز كىشىلەرگە تولىمۇ باب كېلەتتى . لېكىن ، ئۇ ياسىغان دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى دورا ئۇسۇملۇكلىرىدىن تەييارلىناتتى ، بۇ دورىلارنىڭ ئاساسلىقى كۆپ ئۇچرايدىغان ئاق كېسەل (بەرەس ) ، كالا تەمرەتكىسى ، قىچىشقاق ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك تۇرلۇك جىگەر كېسەللىكى ، بۆرەك ، ئۆت ياللۇغى ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا

ئالاھىدە ئۇنۇمى بار ئىدى . شۇڭا ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىمۇ دەم ئالماي ، يىراق - يېقىندىن كەلگەن كېسەللەرنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ۋە كېسەللەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ داۋالاشنى داۋاملاشتۇردى . بولۇپمۇ ئۇ مېيىپ ، پالەچ بىر قىسىم بىمارلارنى زېرىكمەي داۋالاش ، كۆزىتىش ۋە پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ساقايتىپ ، يۇقىرى ئابرۇي قازاندى .

10 يىل ئەنە ئاشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى ، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە بىر قىسىم رەھبەرلەر ئۇنىڭ داۋالاش خىزمىتىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئۆزگىچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنى 1992 - يىلى 3 - ئايدا ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىغا دوختۇرخانا باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى . ئەينى چاغدا ، يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ دوختۇرخانىدا داۋالاش تەلتۆكۈس يولغا قويۇلمىغانىدى . ئۇ ناھىيە ئاجرىتىپ بەرگەن 250 مىڭ يۈەنگە دوختۇرخانىنىڭ پۈتۈن ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىپ ، قۇراشتۇرۇپ ئۈچ ئايدىلا ھەممە ئىشلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۇردى . ئۇ داۋالاشنى باشلىغاندىن كېيىنلا يىراق - يېقىندىن بىمارلار كەينى - كەينىدىن داۋالىنىشقا كەلدى ، ئۇ بۇ يەردىمۇ ھەر خىل كېسەللەرنى ئەستايىدىل داۋالاپ ، ساقىيىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا دوختۇرخانىنىڭ كىرىمىنى يىلمۇيىل ئاشۇردى ، دوختۇر - سېسترالارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى ، دوختۇرخانىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سالدى ؛ بۇ يەردە ئىشلىگەن بىرقانچە يىلدا ئۇ ھەر يىلى ناھىيە ،ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى ، 100 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ لەۋھە ،تەشەككۈرنامە يېزىپ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى .

1999 - يىلى 8 - ئايدا ئۇ شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە

چىقتى، بىراق، دوختۇرلۇق كەسپىنى تاشلاپ قويمىدى، ئۇ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى تەلمۈرۈشلىرى ئالدىدا دەم ئېلىش، ئويۇن - تاماشىنى تاشلاپ قويۇپ، ئاق خالاتنى يەنە كەيدى. ئۇ ئائىلىسىدە بىر مەزگىل داۋالاش بىلەن شۇغۇللاندى، 2000 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئۇ ناھىيە بازىرى ئىچىگە خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئېچىپ، داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. 2003 - يىلى ئۇ دوختۇرخانىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشىغا قەدەم قويۇپ، يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ بېلىق كۆلى دېگەن يېرىدىكى سودا بازىرى ئىچىدىكى بىنادىن ئۈچ ئېغىز ئۆينى 50 يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، «ئابدۇشۈكۈر دوختۇرنىڭ غەربچە داۋالاش ئورنى»نى قۇرۇپ، كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرى ۋە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى، توپلىغان تەجرىبىلىرى بار. ئۇ بۈگۈنكىدەك ھالغا كېلىش ئۈچۈن تالاي يوللارنى باسقان، بىز ئۇنىڭ ئاشۇ قەدەم ئىزلىرىغا نەزەر سېلىپ باقساقلا، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىمىز.

## دورا يېسەڭ توغرا يە!

ئابدۇشۈكۈر ئىمىنىنىڭ داۋالاشتىكى بىر ئالدىنقى شەرتى كىشىلەرگە قارىتا ئالدى بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن چوقۇم ساقىيىمەن دەيدىغان روھىي ساغلاملىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش، بۇنىڭدىن قالسا، ھەرقانداق كېسەلنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ئاندىن داۋالاشقا تۇتۇش قىلىش ئىدى. 39 يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئۇ بۇ مۇھىم نۇقتىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى، شۇڭا ئۇ داۋالىغان ھەر قانداق بىر كېسەلدە تېخنىكىلىق سەۋەنلىك كۆرۈلمىدى.

ئابدۇشۇكۇر ئىمىنىنىڭ تىلى ئاجىز باللارنى داۋالاپ ساقايتىش جەھەتتىكى تەجرىبىسىمۇ ئۆزگىچە . ئۇ بەش ياشتىن تۆۋەن ، تىلى ئاجىز ، تىلى كېچىكىپ چىققان ، كېكەچ باللارنى داۋالاشتا كىچىك دائىرىدە ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى ، بۇ ئۇسۇل ئاددىي ، ئەسلىگە كېلىشى تېز بولسىمۇ ، لېكىن سەللا دىققەت قىلمىسا ، تېخنىكىلىق سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ ، بالا گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۆمۈرلۈك گەپ قىلالماس بولۇپ قالاتتى . ئۇ كۆپ يىللىق تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئىجاد قىلغان ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ تىلىنى ئوپېراتسىيە قىلغان باللارنىڭ ھەممىسى گەپ قىلالايدىغان ، راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى . ئۇ مۇشۇنداق بالىدىن ھازىرغىچە 1660 نى داۋالاپ ساقايتتى ، ساقىيىش نۇنۇمى 100 پىرسەنتكە يەتتى .

1986 - يىلى 11 - ئايدا ئابدۇشۇكۇر ئىمىنىنىڭ بېقىنى ئاغرىپ ئارام بەرمىدى ، ئۇ بىر مەزگىل دورا يېگەن بولسىمۇ ، پايدىسى بولمىدى ، ئۇ چوڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ بۆرىكىدە تاش بارلىقىنى بىلدى . دوختۇرلار بۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ ، تاشنى دورا ئارقىلىق چۈشۈرۈش ئۇستىدە ئىزدەندى ۋە تەتقىق قىلدى . ئۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بىر قىسىم قەدىمىي رېتسېپلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ، چامغۇر ئۇرۇقى ، تۇرۇپ ئۇرۇقىنى ئاساس قىلغان يەتتە خىل ئۆسۈملۈك - ئوتياشلارنىڭ ئۇرۇقىنى بىرلەشتۈرۈپ دورا ياسىدى ۋە بۇ دورىنى ئۆزى سىناق قىلىشنى باشلىدى . بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ بۆرىكىدىكى تاش تەلتۆكۈس چۈشۈپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۆرىكىگە تاش چۈشكەن بىمارلارنى ھۆددە ئېلىپ ، بۇ خىل تاشنى چۈشۈرۈشنى يولغا قويدى ۋە بىرقانچە يىلدىلا 2000 بىمارنى داۋالاپ ، بۆرەك ،ئۆتىدىكى تاشنى چۈشۈرۈۋەتتى ؛ ئۇ يەنە ھەر خىل تېرە كېسىلى ، ئۆپكە

تۇبېركۇلىيوز ، دەم سىقىلىش ، ئۆت يالللۇغى ، ئاشقازان ، پالەچ ، قىزىل ئۆڭگەچ ، مەزى بېزى ياللۇغى ، گېمورروي ، ئاياللار ۋە بالىلار كېسەللىكى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مەخپىي رېتسېپى بىلەن داۋالاپ ساقايتتى . ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ قولىدا ئىلگىرى - ئاخىر 50 مىڭ ئادەم قېتىم كىشى داۋالاندى ۋە تەكشۈرتۈپ ، توغرا دورا ئىستېمال قىلىش ، ئۇنۇملۈك داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى .

## يىراقتىن كەلگەن تەكلىپ

ئابدۇشۈكۈر ئىمىنىنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى داڭقى يالغۇز قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 11 ناھىيە - شەھەرگە تارقىلىپلا قالماستىن ، ئاقسۇ ، خوتەن ، ئاتۇش قاتارلىق قوشنا ۋىلايەت ، ئوبلاستلارغىمۇ تارقالدى . بۇ يەردىكى بىمارلار ئابدۇشۈكۈر دوختۇرنى ئارقا - ئارقىدىن ئىزدەپ كەلدى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مېيىپ بولۇپ يېتىپ قالغان ، دەم سىقىلىش كېسەللىكى ، بۆرەك ، ئۆت كېسەللىكلىرىنى ساقايتىشتىكى داڭقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، يولنى يېراق دېمەي كېلىپ كېسىلىنى كۆرسەتتى ۋە داۋالاندى ، بەزى كېسەللەر ئۇنى ئۆز يۇرتلىرى ۋە ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى .

2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ، ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەھىيە خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى قۇربان تۇرسۇن ئابدۇشۈكۈر ئىمىنىنى ئۆز ناھىيىسىگە كېلىپ ،بۇ يەردىكى بىمارلارنى داۋالاپ قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ تەكلىپكە ئاساسەن ، بۇ ناھىيىگە بېرىپ ، تۆت ئاي تۇرۇپ كېسەل داۋالىدى ، بۇ جەرياندا ئۇ شايار ، كۇچار قاتارلىق ئالتە ناھىيە ، 10 نەچچە يېزا (بازار )غا بېرىپ ، ئۆپكە تۇبېركۇلىيوز ، دەم سىقىلىش ، مەزى بېزى ، گېمورروي ،

بۆرەك ، ئۆت ، پالەچ ۋە باللارنىڭ تىلى كېچىكىپ چىقىش كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان 650 بىمارنى داۋالاپ ساقايتتى . 2002 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ داۋالاش ، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى مول نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ، «مەشھۇر شەخسلەر »قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى . ئۇنىڭ مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن ، ئاپتونوم رايون ئۇنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستان ، تاجىكىستان ، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە ، ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى . بۇ يەردىكى يېرىم ئايلىق پائالىيەت ئۇنىڭ ئىشلەش ، مېھىر ـ مۇھەببەت تەقدىم قىلىش روھىنى يەنە بىر قېتىم جەۋلان قىلدى .

## شىپالىق قولنىڭ شاپائىتى

نۇرغۇن كىشىلەر دوختۇرلارنى باغرى قاتتىق ، رەھىمسىز دەپ قارايدۇ ، ئەمما ئۇلاردىكى مېھىرلىك قەلبنى ، بىمارلارغا بولغان يوشۇرۇن كۆيۈنۈشنى دەماللىققا ھېس قىلالمايدۇ .

ئابدۇشۇكۇر ئىمىن دوختۇرلۇق كەسپىي ھاياتىدا ئۆزىنىڭ شىپالىق قولى بىلەن سانسىز بىمارغا ساغلاملىق ئاتا قىلغان بولسا ، سېخىيلىقى بىلەن قېيىنچىلىق ئىچىدە قالغان سانسىز نامراتلارغا ئىللىقلىق ئاتا قىلدى . ئۇ ئۆز ھاياتىدا پۇل ، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتماي ، مەردلىك بىلەن كەڭ قورساقلىقنى دوست تۇتۇپ ، ھازىرغا قەدەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينالغان بىمار ، نامرات ، يېتىم ـ يېسىر ، ئاجىز ، مېيىپ ، قارىغۇچىسى يوق نەچچە مىڭ ئادەمگە ياردەم قىلدى . ئۇ يۇرتى يېڭىئېرىق يېزا 9 ـ كەنتتىكى نامرات ، قىيىنچىلىقى ئېغىر 50 كىشىگە ئۇدا 10 يىل ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ يۈەندىن

ئۆسۈمسىز پۇل قەرز بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مەدەت بەردى ؛ 15 مىڭ يۈەن پۇلنى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر كىشىلەرگە ئىئانە قىلدى ؛ دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ، 5000 دىن ئارتۇق بىمارنىڭ 20 نەچچە مىڭ يۈەنلىك كېسەل كۆرسىتىش ، تېخنىكا ،مۇلازىمەت ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى . 4000 دىن ئارتۇق بىمارنىڭ 22 مىڭ يۈەنلىك دورا پۇلىنى ۋە يول كىراسى پۇلىنى ئۆز يېنىدىن خالىس تۆلەپ قويدى ؛ ئىگە ـ چاقىسى يوق ، نامرات ، مېيىپنىڭ ۋە باشقا يۇرتتىن كېلىپ داۋالانغان 550 بىمارنىڭ 39 مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىش ، دورا ـ ماتېرىيال راسخوتىنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ تۆلەپ قويدى ؛ يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپىنىڭ 10 نەچچە ئوقۇغۇچىسىنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتى .

## خاتىمە

1985 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغان ئابدۇشۇكۇر ئىمىن ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلىش ، بارلىقىنى ئاتاپ ئىشلەشتەك ئەقىدىسى ، ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن ئاۋامنىڭ ساغلاملىقى ، تىنچ ـ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن قان ـ تەر تۆكتى . شۇڭا ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ نۇرلىنىپ ، ئۇنىڭ ھاياتلىق ئابىدىسىنى گۈل ـ نەقىشلەرگە ئورىماي قالمايدۇ . ئىشىنىمىزكى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە ئۇ تېخىمۇ يارقىن ئىزلارنى قالدۇرىدۇ .



ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
داۋالاش ئۈستىدە









# كېلەچىكىمىز «ئالتۇن دەۋر»دىن

# باشلىنىدۇ !



# قەلبىنىڭ خۇش ھىدى — بەخت

باشقىلارغا تەقدىم قىلىشتىن نەپكە ئېرىشكىلى، باشقىلارنى سۆيۈشتىن سۆيگۈگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، مانا بۇ ئەڭ سۆيۈملۈك بەخت! ھەممە ئادەم بەختكە ئىنتىلىدۇ. ئەمما ھەربىر ئادەمنىڭ بەخت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، تونۇشى ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بەخت ھەممىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇ بىر خىل تۇيغۇ، كۆڭۈلنىڭ خۇشاللىقى، قانائەتتىن ھاسىل بولغان تەسىراتنىڭ يىغىندىسى.

ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن، ياخشى غىزالانغان كىشىلەرنىڭ بەختلىك بولۇشى ناتايىن؛ جەندە - كۇلا كىيىپ، دۇغ سۇ بىلەن زاغرا يېگەن كىشىنىڭ بەختسىز بولۇشى ناتايىن. ئەدناسى ئېسىل مېھمانسارايدا يېتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم بىلەن مېھمانسارايىنىڭ سىرتىدىكى تام تۈۋىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئەما تىلەمچىنىڭ بەختىنى ھېس قىلىش ھوقۇقى باراۋەر بولىدۇ. چۈنكى بەخت ماددىي نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، شۇڭا قانداقتۇر ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

سىز ھەر ۋاقىت بەختكە ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز، شۇ يولغا ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ، ئۆزىڭىزدە بەخت ھېس - تۇيغۇسىنى يارىتىشىڭىز بولىدۇ. بەخت بىلەن مۇھەببەت قوشكېزەك؛ بەختكە ئېرىشىشتە مۇھەببەتتىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ؛ مۇھەببەت بولسا بەختكە بولغان تونۇش ۋە ئىزدىنىشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ھاياتلىقنىڭ تۇرمۇشقا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى، تۇغقاندارچىلىق مۇھەببىتى، دوستلۇق، سۆيگۈ، قېرىنداشلىق مۇھەببىتى، يەنە دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مۇھەببەتلەر قوشۇلۇپ ئۈزۈلمەس ھاياتلىق ئېقىنىنى ھاسىل قىلىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق ئېقىنى شۇ ئادەمنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئۇل تېشى ئۈستىدە ئاقىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر خىل سىنىڭ بىلەن مەن، مېنىڭ بىلەن سەندىن ئىبارەت بىر - بىرنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىدىغان مۇناسىۋەت ھاياتىمىزغا مەنە ئاتا قىلىپ، ھاياتلىق ئېقىنىمىزنى تېخىمۇ ئۆركەشلىتىدۇ. مۇھەببەتلا بىزگە ئىلتىپات قىلىش بىلەن ئېرىشىشنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، باشقا بىر ھاياتلىق ئېقىنىدا ئاقىمىز، بەختنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ، قەلبىنىڭ خۇش ھىدىغا چۆمۈلىمىز. پەقەت مۇھەببەتلا بىزنىڭ قەلب گۈللۈكىمىزدىكى گۈللەرنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇپ، خۇش ھىدىنى يىراق - يىراقلارغا تارىتىدۇ.

# 1

كىشىلىك تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ ، ھايات يولى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ . ئاشۇ سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەدە ؟ بۇ سوئالغا نۇرغۇن ئادەم يېتەرلىك جاۋاب تاپالمايدۇ ۋە ئاشۇ مۇرەككەپ ، ئەگرى ـ توقايلىقنىڭ ئۆتكەللىرىدىن ئۆتەلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ .

تۇرسۇنجان ياسىن ۋە ئۇنىڭ «ئالتۇن دەۋر»ى ساپ تەر ئەجرى ۋە ھاياتلىق يولىدا بەرپا قىلغان تەجربە ـ ئۇتۇقلىرى بىلەن كىشىلەرگە نىشان ۋە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ تېڭىرقاش ئىچىدە قالغان كىشىلىك تۇرمۇشىنى نۇرلاندۇردى . مۇرەككەپ ، ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدىكى بىھۇدە ئۇرۇنۇشلىرىنى ئازايتتى ، ئۇلارنى تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ ئىقبال يولىغا يېتەكلىدى . مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەلۇم ساھەسىدىكى سىرلىرىنى ، سىرلىق چۈمپەردىلىرىنى ئېچىپ بەرگەن مەنىۋى كۈچ ھەم ماددىي كۈچنىڭ مۇھىم مەنبەسى ! ئۇنداقتا ، ئۇ قانداق بارلىققا كەلگەن ؟

سىز قەيەردىن ، قايسى ۋاقىت بولۇشتىن قەتئىينەزەر 13899102735 نومۇرلۇق يانفونغا ياكى 2582735 ـ 0998 نومۇرلۇق تېلېفونغا تېلېفون قىلسىڭىز : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، بۇ قەشقەر ‹ئالتۇن دەۋر › ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزى ، بىزنىڭ مۇلازىمىتىمىز ، كەسپىي تەربىيىمىزدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالامسىز ؟ بىز ھەر ۋاقىت خىزمىتىڭىزگە تەييار !» دېگەن ئۇچۇرنى ئاڭلايسىز ،بۇ تۇنجى مۇلازىمەت سىزنى

ئىلھاملاندۇرماي قالمايدۇ . مۇبادا ، سىز ھەقىقىي ئىزدەنگۈچى بولسىڭىز ، دادىللىق بىلەن يەنە بىر قەدەمنى باسىسىز .

2

2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرى ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرى تومۇز ئاپتىپىنىڭ تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن بولۇپ ، ئادەمنىڭ دىمى سىقىلاتتى . خىزمەتدىشى بىلەن دۆڭكۆرۈك تەرەپكە كېتىۋاتقان تۇرسۇنجان ياسىن بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ، ئەمدىلا تاماق بۇيرۇتىۋىدى ، تونۇش بىر يىگىت كىرىپ :

— مۇئەللىم ،قاچان كەلدىلە؟ سالامەت كەلدىلىمۇ؟ — دېگىنىچە قىزغىن ھال - ئەھۋال سورىدى . تۇرسۇنجان ئۇنى دەرھال تونۇيالماي قالدى ، كېيىن بۇ يىگىتنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۆزى ئاچقان تىككۈچىلىك كۇرسىدا ئوقۇپ ئىش ئورنى تاپقان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى . ھېلىقى يىگىت تەرەپ - تەرەپكە چاقىرغۇ قىلىپ ، تۇرسۇنجان ياسىن ئىلگىرى ھەرقايسى كەسپلەردە ئوقۇتۇپ تەربىيىلىگەن بىرقانچە ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ كەلدى . تۇرسۇنجان ئۇلارنىڭ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىرمۇبىر سۈرۈشتە قىلدى . ئۇلار تۇرسۇنجان ئاچقان كۇرسلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئىلگىرى - ئاخىر ئۈرۈمچىگە كەلگەن ، بەزىلىرى تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچقان ، بەزىلىرى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ، سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان ، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئىش - ئوقىتى ياخشى ، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئىكەن . ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ئاشپۇزۇلدىن چىقتى . ھېلىقى ياشلار تۇرسۇنجانغا ھەمراھ بولۇپ ، ئىش - كۈشلىرىنى ، سودا - سېتىقلىرىنى قىلىشىپ بەردى .ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، ھېلىقى ياشلار

تۇرسۇنجاننى ھەر كۇنى نۆۋەتلىشىپ مېھمان قىلىپ، ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. تۇرسۇنجان ئۇچۇن بۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار بولدى، ئۇرۇمچىدىن مېڭىش ئالدىدا ئۇ قاتتىق ھاياجانلاندى. ئەجىر مەڭگۇ يەردە قالمايدۇ، ئەجىر قىلغاننى ئەل تونۇيدۇ. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتى ۋە بۇ يولدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرگە بىلىم بېرىپ، كەسىپ ئەھلى قىلىپ چىقىش نىيىتىگە كەلدى. ھەربىر ئوقۇغۇچىغا، ھەربىر كەسىپكە تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇش، كىشىلىك ھايات مۇساپىسىنى نۇرلاندۇرۇش ئۇنىڭ مۇستەھكەم نىشانى بولۇپ قالدى.

3

1986 ـ يىلى قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ تىككۇچىلىك كەسپىنى پۈتتۈرگەن تۇرسۇنجان ياسىن 1988 ـ يىلىغىچە تىككۇچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى ۋە قەشقەر شەھەرلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش مەركىزىدە تىككۇچىلىك كۇرسىغا دەرس ئۆتتى. 2000 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىنى باھالاپ بېكىتكۇچى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، بۇ ساھەدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئەينى چاغدا، كىشىلەرنىڭ تىككۇچىلىك كەسپىگە بولغان ئېھتىياجى كۇچلۇك، تەربىيىلىنىدىغانلار كۆپ، كەسپىي دەرس ئۆتىدىغانلار ئاز بولۇپ ،ھەر كۇنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە دەرس ئۆتۇشكە توغرا كېلەتتى. بۇ خىل كۇرسنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۇرۇلەتتى، تېز ئۆگىنىش ،ئاز چىقىم كېتىشتەك

ئۆزگىچىلىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ، چۈنكى بۇ خىل كۇرس قەشقەر شەھىرىدە ئەينى يىللاردا بىر نەپەر تىككۈچى شاگىرتنى بەش ـ ئالتە يىلدا قولدىن چىقىرىشتەك قالاق ئەنئەنىۋى ئادەتكە خاتىمە بەردى . شۇڭا ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇ كۇرستىن كۈتىدىغان ئۈمىدى زور ئىدى ، بۇنداق ئەھۋالدا ، تۇرسۇنجان بېرىلىپ ئۆگىنىپ ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ ، نەزەرىيە ئاساسى ۋە دەرس ئۆتۈش مېتودىنى يۇقىرى كۆتۈردى . ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلەرنى پىچىش ، تىكىش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى . تۇرسۇنجان بۇ جەرياندا ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى بوش ئۆتكۈزمەي ، قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق تىككۈچىلەر ، ئۇستىلار ، پېشقەدەم لايىھىلىگۈچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ تەلىم ئالدى ؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپى ، پىسخىكىسىغا ئاساسەن ، كۆپ مەشىق قىلدۇرۇش ، كۆپ تەكرار قىلدۇرۇش ، سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى . ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ 1521 نەپەر كۇرسانتنى تەربىيىلەپ ، مۇكەممەل ،ئەتراپلىق كەسپىي قابىلىيەتكە ئىگە قىلدى . ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا يىلتىز تارتىپ ، تىككۈچىلىك كەسپىي ساھەسىگە ئورۇق بولۇپ چېچىلىپ ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىش ئورنى ۋە چىقىش يولى تېپىشى ئۈچۈن ھەيدەكچى بولدى .

تۇرسۇنجان ياسىن ئۆز كەسپىنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن ، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ ، 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىگە كىرىپ ، رەسىم كەسپىدە ئىككى يىل ئوقۇدى . 1991 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سوغۇرتا باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدىكى كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ ئورۇننىڭ تەربىيىلەش دائىرىسى ، تۈرى كۆپەيدى . تىككۈچىلىكتىن باشقا ،

ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سىرچىلىق، شۇنىڭدەك كېيىنكى يىللاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش قاتارلىق جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق كەسىپ تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلدى. بۇ چاغدا، رەھبەرلىك تۇرسۇنجاننى قايسى كەسىپكە دەرس بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرسا، ئۇ شۇ دەرسنى بەردى؛ ھەرقانچە ئالدىراش، دەرس قىيىن بولسىمۇ، زارلانماي، ئىزدىنىپ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىدى. ئۇ كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، دەم ئېلىش، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدىمۇ دەرس ماتېرىيالى تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دەرسلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ، ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بېكىتكەن ئۆلچەمگە يەتكۈزدى. ئۇ بۇ جەرياندا سىرچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى ھەققىدە بىر دەرسلىك كىتاب تۈزۈپ، ئوقۇتۇشتا قوللىنىپ، بۇ ساھەدە دەرسلىك كىتاب بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. قىسقىسى، ئۇ قايسى ئىش، قايسى كەسىپنى ئىشلەشكە توغرا كەلسە، شۇنىڭغا ماسلاشتى ھەمدە رەھبەرلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، نەتىجە ۋە ئۇتۇق قازاندى.

4

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىدا كۆپ تەرەپلىمە ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تۇرسۇنجان ياسىن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئويلاندى، ئۆز خىزمىتى، كەسپى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى، جەمئىيەت قاتلىمىنى ئەستايىدىل كۆزەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن،

بولۇپمۇ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، بۇ كەسىپ ئۇستىلىرىنىڭ مەڭگۈ ئىش ئورنىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېزلىشىۋاتقان تۇرمۇش رىتىمى شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ تەييار تاماق تۈرلىرى ۋە مۇلازىمىتىگە يۈزلىنىدىغانلىقىنى، ئاشپەزلىك كەسپىنىڭ چىقىش يولىنىڭ تولىمۇ كەڭ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

1998 - يىلى ئۇ بۇ ھەقتە بىر قىسىم يۈزەكى تەسەۋۋۇرلارنى تۈزۈپ، رەھبەرلىككە ئاشپەزلىك كۇرسى ئېچىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپ دەرھال قوللاشقا ئېرىشتى. باشقارما رەھبەرلىكى شۇ يىلىلا تۇرسۇنجان ياسىننى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ، باشقارما خىزمەت بىناسىنىڭ ئاستىدىكى «سەمەن رېستورانى»نى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ئاشپەزلىك كورسى ئېچىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، داڭلىق رېستورانلارنى، ئاشپەزلىك كۇرسى ئاچقان تەربىيىلەش مەركەزلىرىنى تەكشۈردى، ئۆگەندى. ئاشپەزلىك كۇرسى ئۈچۈن زۆرۈر دەرسلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ دەرس تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىدى. ئۇ يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قورۇما تەييارلاش، قورۇش ھۈنەر - سەنئىتىگە ئائىت بىر يۈرۈش قوللانما ھازىرلىدى.

ئەينى چاغدا، تۇرسۇنجان ياسىن ئاشپەزلىك كۇرسى ئاچقاندا، كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بولغانىدى: بەزىلەر ئاقمايدۇ دېسە، بەزىلەر بۇ كەسىپنى روناق تاپقۇزۇش ئاسان ئەمەس، دېدى. لېكىن ئۇ «بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، قەتئىي ئىرادە بىلەن بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ كويىدا بولدى، رەھبەرلىكمۇ ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىپ قوللىدى.

1998 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ ئاچقان تۇنجى قارارلىق

ئاشپەزلىك كۇرسى ئوقۇش باشلىدى، كۇرسقا قاتناشقان 42 نەپەر كۇرسانتنىڭ ھەممىسى 90 كۈندىلا لاياقەتلىك ئاشپەز، قورۇما قورۇغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى كۇرس ئېچىش ـ تەربىيىلەش جەريانىدا، ئىزچىل يېڭىلىق يارىتىش، ياخشىلاش، ئىجاد قىلىشنى توختىتىپ قويماي، ئۇنىۋېرسال قورۇما تۈرلىرىنى 280 خىلغا يەتكۈزۈپ، قورۇش ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنى بىرمۇبىر ئۆگەتتى. كۇرسانتلارمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى.

5

تۇرسۇنجان ياسىن غۇرۇرلۇق، جاسارەتلىك ياشلارنىڭ بىرى، ئۇ ئاشپەزلىك كۇرسىنى مۇستەقىل ئېچىش جەريانىدا ياشلىق باھارىنى ھەقىقەتەن بىكارغا ئۆتكۈزمىدى. ئەڭ مۇھىمى نۇرغۇن كىشىنى ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلاندۇردى. ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ كونا دەرۋازىسى ئۇدۇلىغا سېلىنغان ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سوغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى ئاستىدىكى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ سىنىپلىرىدا لىققىدە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان، ئوقۇۋاتقان، ئەمەلىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى، زامانغا لايىق مەشىق ئەسلىھەلىرىنى، ھەر كۈنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىق ھەققىدىكى ئېلان تاختىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئورنىدا تەربىيىلەش مەركىزى ۋە تۇرسۇنجان ياسىنغا ھەرقايسى جايلار بەرگەن تەقدىرنامە ۋە شەخسلەر تەقدىم قىلغان تەشەككۈرنامىلەر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئەينى يىللاردا بۇنىڭدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، ھەقىقەتەن ئۇ بۇنداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا توسقۇنلۇق ۋە خىرىسلاردىن خالىي بولالمىدى. بەزىلەر ئۇنى كۆرەلمەي قالدى، بەزىلەر ئۇنى دوراپ، ئاشپەزلىك كۇرسى ئېچىپمۇ باقتى، تۇرسۇنجان ياسىننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، بەلكى تىرىشىپ ئىشلەپ، تەربىيىلەش سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈردى. سان قوغلاشماي سۈپەتنى ئالدىنقى قويدى. تەربىيىلەنگۈچىلەرگە نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە چىققان ھامان ئىش تاپالايدىغان، ئىگىلىك تىكلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ يىللاردىن بۇيان توپلىغان مول تەجرىبىسى، تەربىيىلەش، يېتەكلەش قابىلىيىتى ئالدىدا، ئۇنىڭغا خىرىس قىلغان كىشىلەرنىڭ تېزىكى توگىلىدى...

ئاشپەزلىك كەسپى ئىزچىل يېڭىلىنىپ بارىدىغان، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان كەسىپ بولغاچقا، تۇرسۇنجان ياسىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشىقىنى تەكرار ئىشلەپ، يېڭى قورۇما، تاماق تۈرلىرىنى ئۆگىنىشنى تېزلەتتى. پۇختا، تېز ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. 2000 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە ئۇ سىنىپ، ياتاق، مەشىق ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاشقا 80 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ سېلىپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى زامانغا لايىق بېزىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ تەربىيىلەش دائىرىسى قەشقەردىن پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدى، ئۇ ئاچقان ئاشپەزلىك كۇرسىنىڭ داڭقى پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا تارقالدى، ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايىدا، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرسۇنجان ياسىن يېتىشتۈرگەن ئاشپەزلەر يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇستىلاردىن بولۇپ قالدى.

تۇرسۇنجان ياسىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمگەك ۋە

ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىش ئورنىدىن قالغان، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كەسپىي خادىملارنى كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ، 2001 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ھەرقايسى كەسىپ تۈرلىرى بويىچە تەربىيىلەپ بەردى. 2000 - يىلى ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ياشلار ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى بويىچە كەچلىك، شەنبە - يەكشەنبىلىك، تەتىللىك كۇرسلارنى ئېچىپ، بۇ جەھەتتىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

— مەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان قىلغان ئىشلىرىمنى يېتەرلىك بولدى دەپ قارىمايمەن، — دەيدۇ تۇرسۇنجان ياسىن تەكىتلەپ، — ئادەم بىر ئىشتا بىر قېتىم غەلىبە قىلسا، ئەقىل بىر بالداق ئۆسىدۇ. ئادەم ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولسا، كۆزلىگەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ،ئەل ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، باشقىلارنى خۇش قىلغىلى ،ئۆزىنىمۇ بەختلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ئاساسىز يەكۈن ئەمەس، بۇ ھەقتىكى ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ يېقىنلىق يارىتىش، توختىماي ئالغا بېسىش يولىدىكى نەتىجىلىرىدىن تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 6

— «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ خوجايىنى تۇرسۇنجان تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قەشقەر مۇنبەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا پۈتۈن تۆگە گۆشىدە كاۋاپ پىشۇرۇپ ئاپىرىپتۇ!

— ھۇي ،راستىمۇ!؟

— راست !

— ئۇنداقتا ،قالتىس ئىش قىپتۇ جۇمۇ ؟

بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قەشقەر شەھىرىگە تارالدى . كىشىلەر بۇنى قالتىس بىر مۆجىزە بوپتۇ ، دېيىشتى ، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس ، كارامەت تەرەپلىرى بار ئىدى . بۇ خەۋەر تارقىلىشتىن ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شى داگاڭ يىغىن ئەھلىگە جاكارلاپ مۇنداق دېدى :

— قەشقەرنىڭ قوينى كەڭ ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى كەڭ قورساق ، مېھماندوست ،سىلەرنى مول نازۇ - نېمەتلىرى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ . . . مەن ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىغا تۆگە ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلىپ ، ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەشتەك ئەنئەنىسى بويىچە ، تۆگىنىڭ گۆشىدە پۇتۇن پېتى پىشۇرغان تونۇر كاۋىپىدىن سىلەرنى تېتىپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىمەن ! . . .

قوشنا ئەللەردىن ۋە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە - شەھەرلەردىن كەلگەن شەھەر باشلىقلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، شى داگاڭنىڭ باشلىشى بىلەن تۇرلۇك يەرلىك مەھسۇلاتلار قويۇلغان كۆرگەزمە زالىغا ماڭدى . كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان ، ئوتقاشتەك يوپۇق بىلەن يېپىپ قويۇلغان پۇتۇن تۆگە گۆشىدە پىشۇرۇلغان كاۋاپنىڭ يوپۇقىنى ئاچقاندا ، بىردىنلا چاۋاك سادالىرى ياڭرىدى . خۇددى تىرىك تۆگىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغاندەك قىلىپ پىشۇرۇلغان كاۋاپ ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى . ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن كاۋاپنى ئۆزلىرى كېسىپ ئېلىپ تېتىپ ، تەمىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ، پىشۇرۇشتىكى ئارتۇقچىلىقى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى ، تۇرسۇنجان ياسىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى .

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ئۇيغۇر كاۋىپى دۇنياغا

داڭلىق . بۇ ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقىدۇر، ئۆزىگە خاس ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ،چۈنكى ئۇنى خالىغان بىر ئادەم مەززىلىك ، تەملىك ، بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدىغان دەرىجىدە ئوخشىتىپ پىشۇرالمايدۇ . ئەمما ئۇنى ھەر كىم قىلالمايدۇ دەپ ، بىخۇد ئولتۇرىدىغان بولساق ، ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىمۇ ئۇيغۇر دوپپىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كومپيۇتېردا لايىھىلىنىپ ، ئىش ھالقىلىرى قىسقارتىلىپ ، بازارنى ئىگىلەپ ، كىشىلەرنى ھەسرەتتە قالدۇرغىنىغا ئوخشاش ، كىشى ئويلىمىغان تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىمۇ بازارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىپ بېرىشى كېرەك . شۇڭا «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىدىكى تۇرسۇنجان ۋە بىر قىسىم ھۈنىرى كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلار ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ، كاۋاپچىلىقتا ئابىدە تىكلەپ ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى مەڭگۈ ساقلاشنى بىر مۇھىم تۇر قىلىپ تۇتتى . شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنجان ياسىن 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پۈتۈن كالا گۆشىدە تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇپ ، كىشىلەرنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى . ئۇ تونۇردا پۈتۈن پىشۇرغان كالا گۆشىنىڭ تىرىك چاغدىكى ئېگىزلىكى 1. 60 مېتىر ، بويى ئۇزۇنلۇقى 2. 50 مېتىر بولۇپ ، تونۇردا دۈملەپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولدى . كالىنىڭ ئاغزىغا بىر تۇتام ياپيېشىل كەرەپشە چىشلىتىپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۇ خۇددى يېتىپ چۆپ يەۋاتقان كالىنىڭ تىرىك ھالىتىنى ئەسلىتەتتى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىك ، ئېسىل يېشىل يېمەكلىك ئىكەنلىكىدەك بىر خىل ئارتۇقچىلىقىغا سىمۋول قىلىنغانىدى .

بۇ كاۋاپنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە ھالىتى 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇش ، سۇغۇرتا باشقۇرۇش ، كادىرلار تارماقلىرى ۋىلايەت بويىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئۈستى يېپىق زالىدا ئاچقان ئىختىساسلىقلار بازىرىدىكى ماھارەت كۆرسىتىش ، كۆرگەزمە ئورنىدا 5000 دىن ئارتۇق كىشى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى . ئۇلار بىردەك يۇقىرى باھا بەردى ۋە تېتىپ كۆرۈپ ، ئۇنى «ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىدا يەنە بىر مۆجىزە بارلىققا كەلتى»دېيىشتى .بۇ ئىش تۇرسۇنجان ياسىن باشچىلىقىدىكى كەسپىي ماھىرلارنىڭ داڭقىنى چىقىرىپلا قالماي ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «ئالتۇن دەۋر »ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئىناۋىتى ، ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى ، پۈتۈن جەمئىيەتكە بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، تۇرسۇنجان ياسىن باشچىلىقىدىكى كاملجان ئەبەي ، جۇمە قارى ، پەرھات ئوسمان قاتارلىق كەسپىي ئۇستىلار پۈتۈن تۆگىدە تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇش قارارىنى چىقارغاندا ، تەلىيىگە يەنە بىر قېتىم ئىختىساسلىقلار بازىرى ئېچىلدى ، بۇ 2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى .تۇرسۇنجان ياسىن ئۆز يېنىدىن 1500 يۈەن چىقىرىپ ، تۇرلۇك ماتېرىياللارنى تەييار قىلدى . ئېگىزلىكى20 .3 مېتىر ، بوي ئۇزۇنلۇقى 80 .4 مېتىر كېلىدىغان ياش تۆگىدىن بىرنى سېتىۋالدى . ئۇلار ئالدىنقى يىلدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ، تونۇرنى چوڭ ، ئازادە ياسىدى ، يەنى قەشقەر ئانارلىق باغ سەيلىگاھىنىڭ ئالاھىدە چوڭ تونۇرىنىڭ ئۈستىگە خىش بىلەن قوشۇمچە تونۇر ياساپ ، بۇ ئىككى تونۇرنى بىر گەۋدىلەشتۇرۈپ ، غايەت چوڭ ۋە ئېگىز تونۇردىن بىرنى ياسىدى ھەمدە تونۇرنى نەچچە يۈز كىلوگرام ئوتۇن بىلەن ئۆلچەملىك قىزدۇرۇپ ئاقارتتى ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن بىر دانە چوڭ ئاسما كىران ياساپ ، تۆگىنىڭ پۈتۈن گۆشىنى شۇ كىران ئارقىلىق

تونۇر ئىچىگە كىرگۈزۈپ 16 سائەت دۇملىدى. ئۇنىڭ دۇملەنگەندىن كېيىنكى مەززىلىك پۇرىقى شۇ ئەتراپنى بىر ئالدى ۋە بۇ پۇراق كىشىلەرنىڭ كاۋاپ يېيىش خۇمارىنى قوزغىدى. چۈنكى پۈتۈن كالا گۆشىنى تونۇر كاۋىپى قىلىشتا بولسۇن ياكى پۈتۈن تۆگە گۆشىنى تونۇر كاۋىپى قىلىشتا بولسۇن، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ قوي ـ ئۆچكە قاتارلىقلارنى پۈتۈن پىشۇرۇش ـ كاۋاپ قىلىش ئەنئەنىسى ۋە قىزىتىلغان تونۇردا دۇملەپ پىشۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، تونۇرغا سېلىشتىن ئاۋۋال كالا، تۆگىنىڭ ئىچ ـ قارنىنى تولۇق ئېلىۋېتىپ، پاكىز تازىلاپ، ئۇيغۇر تېبابەت دورا ـ دەرمەكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇركەپ، ئالاھىدە پەردازلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدۇ، بۇنىڭ بىلەن گۆش رەسمىي كاۋاپ بولغاندا بۇ دورا ـ دەرمەكلەر گۆشكە سىڭىپ بىر خىل مەززىلىك پۇراق ھاسىل قىلىدۇ ۋە كاۋاپنىڭ رەڭگىنى ئوتقاشتەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، يېيىشلىك قىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈن تۆگە گۆشىدە پىشۇرغان كاۋاپ 2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىدا ئاچقان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېڭىشىش يىغىنىنىڭ كۆرگەزمە ئورنىغا قويۇلدى. «ئالتۇن دەۋر، گە سەپەر» دېگەن تېما ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بۇ مۆجىزىنىڭ — پۈتۈن تۆگىدە پىشۇرۇلغان كاۋاپنىڭ ئۈستىگە كارۋانلارنىڭ قاپىقى، قىزىل بەلباغلىق كولدۇرما ئورنىتىلغان ۋە قىپقىزىل تاۋاردىن ياسالغان شەرەپ گۈلى «پېشانىسىگە» تاقالغان، كارۋاننىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، سەپەردىن غەلىبىلىك كېلىپ «ئالتۇن دەۋر» دىن ئىبارەت بىر مەنزىل قويىنىغا كىرگەندە غەلىبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشكەنلىكىدەك سىمۋوللۇق تۈيغۇ نامايان قىلىنغانىدى. بۇ ھال كىشىلەرنى «ئالتۇن دەۋر» گە جەلپ قىلغانلىقتىن، كېڭىشىش يىغىنىغا كەلگەن 3000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ

ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپ، قىزىقىشىنى قوزغىدى. پىشۇرۇلغاندىن كېيىنكى بۇ تۆگە تونۇر كاۋىپىنىڭ ئېغىرلىقى 250 كىلوگرام بولغانلىقتىن، پىشۇرۇش ئاسانغا توختىمىدى، ئەمما ئۇ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق زامانغا لايىقلىشىۋاتقانلىقىنى، قەشقەر «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيلەش مەركىزىنىڭ ئۇچۇر ۋە بازار رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، كاۋاپچىلىقنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، باشقىلار قىلىپ باقمىغاننى قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تەر تۆكۈپ، ئاشپەزلىك، كاۋاپچىلىق ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تەربىيىلىنىش، ئىش ئورنى تېپىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

مانا بۇ نامايەندىلەر ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىنىڭ تەرەققىيات باھارىنى ئۆلمەس ئاساس ۋە مەنبەگە ئىگە قىلدى. پۈتۈن كالا گۆشىدە كاۋاپ قىلىش بولسۇن ياكى پۈتۈن تۆگە گۆشىدە كاۋاپ قىلىش بولسۇن، قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا يۇقىرى باھا بەرگەندىن باشقا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تارماقلىرى بۇ شەرەپنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، تۇرسۇنجان ياسىن قاتارلىق ئۇستىلارنى تەقدىرلىدى.

قەشقەر ۋىلايىتى يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، قەشقەرنىڭ قەدىمىيلىكىنى ۋە مىللىي يەرلىك ئالاھىدىلىك، يەرلىك پۇراق، ئۆرپ - ئادەت، قول ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق ئۆزگىچىلىكىنى چىقىش قىلىپ، سەيلە - ساياھەتچىلىك ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك كوزىرى قىلىپ، ھەر

تەرەپلىمە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ مەبلەغ سالدى . ئالدىنقى ئىككى يىلدا «پەلەك شاھى » ئادىل ھوشۇرنى مەركەز قىلغان ھالدا ، ھەر يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەر دارۋاز مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ ، سەيلە ـ ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇردى . 2004 ـ يىلى چىقىمنى تېجەشنى ئاساس قىلغان ھالدا ، ئايرىم شىركەتلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئىچكىرى جايلاردىن كېلىپ مەبلەغ سالغان شىركەتلەرنىڭ پىلانىغا ئاساسەن ، ئۇلارنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ دارۋازلىق بايرىمىنىڭ ئورنىغا جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ، بېيىش يولىنى تېزلىتىشكە ئاساس سالدى . بۇ بايرامغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ، 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ، قەشقەردە تۇنجى نۆۋەتلىك «قەشقەر ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى قەشقەر مۇنبىرى مۇھاكىمە يىغىنى »نى ئاچتى . بۇ يىغىن كۆلىمى زور ، تەسىرى كۈچلۈك يىغىن بولۇپ ، قەشقەرنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى .تۆگە ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىش ، مېھمانلارغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ، ۋىلايەت بۇ ۋەزىپىنى تۇرسۇنجان ياسىنغا تاپشۇردى . تۇرسۇنجان ياسىن قېتىرقىنىپ ئىشلەش ۋە پىلانلاش ئارقىلىق ، تۆگە گۆشىدە پۈتۈن كاۋاپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلدى ۋە بۇ نامايەندىنى ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىغا تاراتتى .

7

— «ئالتۇن دەۋر »ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزى كەسپىي ماھىرلارنى يېتىشتۈرۈۋاتقان ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەيدىغان ئورۇنلارنىڭ

بىرى ،ــــ دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئەمگەك ـ كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قارى سەلەي ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ، ــــ بۇ تەربىيىلەش مەركىزى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ، تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىپ ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ ،ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقىملىقى ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى . پۇرسەت بولسا ، بۇ تەربىيىلەش مەركىزىگە بېرىپ ، تەكشۈرۈپ ، تەشۋىق قىلغان بولساڭلار ، سىلەرگە رەھمەت ئېيتقان بولاتتۇق . . .

بۇ ئۇچۇرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن مەن بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ، سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ كونا دەرۋازىسىغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى تەربىيىلەش مەركىزىگە باردىم . بۇ يەردە دەسلەپ كۆزۈمگە چۈشكىنى بىناغا كىرىش يولىغا بۆرۈلىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىغا ۋە بىناغا كىرىش ئىشىكىنىڭ يان تەرىپىگە ئورنىتىلغان ئېلان تاختىلىرىغا يېزىلغان «ئاشپەزلىك ، خەنزۇ ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ »دېگەن ئۇچۇر بولدى . شۇ چاغدا ، كۆزىدىن چېۋەرلىكى ، چىرايىدىن قەتئىيلىكى ۋە جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان ، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان ئېگىز بوي ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بىر يىگىت يېنىمدا پەيدا بولدى ـ دە ،مېنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ چاي قۇيدى . مەن كېلىش مەقسىتىمنى دېگەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرسۇنجان ياسىن ئىكەنلىكىنى ، مۇشۇ «ئالتۇن دەۋر »تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرىنى

ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن خې يۇڭشاڭ، ئابلىمىت ئابلىز، ئەركىن مامۇت، مۇھەممەت ساۋۇت، كارخانا باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇختەر ئىلياس، تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زىخۇ، ئېيساجان ئىگەمبەردىلەرنى خەۋەرلەندۇرۇپ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشىمنى ئۆتۈندى. مەن تۇرسۇنجان ياسىنىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق تەلىپىنى ئورۇندىدىم.

— ئالدى بىلەن تەربىيىلەش مەركىزىمىزدە تەربىيىلىنىۋاتقان ئاشپەزلىك كەسپىي سىنىپىنىڭ نەزەرىيە دەرسى، ئەمەلىي مەشىق دەرسلىرىنى كۆرۈپ باقسىلا، ئاندىن ئۆزلىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەيلى، ئەھۋالنى تەپسىلىي تونۇشتۇرايلى، — دېيىشتى ئۇلار بىردەك يېقىندىن ماسلىشىپ.

مەن ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىنانىڭ 3 ـ قەۋىتىگە چىقتىم. بۇ يەردىكى چوڭ بىر سىنىپتا 50 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئاشپەزلىك نەزەرىيە دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان، ئوقۇغۇچىلار دەرسلەردىن خاتىرە يېزىۋاتقانىكەن. كېيىن بىز بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئاشپەزلىك بويىچە پراكتىكا قىلىش ئاشخانىسىغا كىردۇق، بۇ يەردە 50 نەچچە ئوقۇغۇچى ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بىرقانچە چوڭ ئاشتاختا ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان تۈرلۈك كۆكتات، ھەر خىل بېلىق، گۆش، تېتىتقۇلاردىن پايدىلىنىپ قورۇما تەييارلاش مەشىقى قىلىۋاتاتتى.

— ئاشپەزلىك كۇرسىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى ئىككى گۇرۇپپا بويىچە دەرسكە قاتنىشىدۇ: بىر گۇرۇپپا چۈشتىن ئاۋۋال نەزەرىيە دەرسكە قاتناشتۇرۇلسا، يەنە بىر گۇرۇپپا چۈشتىن كېيىن، ئەمەلىي مەشىققە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ،

ھەرقانداق كۇرس ۋە دەرس نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆتۈلگەچكە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئاشپەزلىك كۇرسىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ھەرقانداق يەرگە بارسا ئاشپەزلىكنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان بولىدۇ، — دېيىشتى ئۇلار ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

ۋىلايەتلىك كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى 1986- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى يىللاردا ھازىرقىدەك تەرەققىياتى، تەجرىبىسى يوق ئىدى. تۇرسۇنجان ياسىننىڭ بىرقانچە يىللىق تىرىشچانلىقى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى بىلەن ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ، ئەسلىدىكى تىككۈچىلىك، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سىرچىلىق قاتارلىق كەسپلەردىن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ئاشپەز تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان، مەخسۇسلاشقان تەربىيىلەش كۇرسىغا، يەنى «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇ يەنە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى نۆۋەتلىك تەربىيىلەش، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنى كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، تۇرسۇنجان ياسىن بۇ ۋەزىپىنىمۇ ياخشى ئادا قىلدى؛ ۋىلايەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش تەلىپىگە ئاساسەن، تۇرسۇنجان تەربىيىلەشتە مەۋقەنى جەمئىيەت ئېھتىياجلىق تۇر، كەسپلەرگە قارىتىپ، تەربىيىلەش ئۈنۈمى، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. تىككۈچىلىك، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش،

سىرچىلىق قاتارلىق كەسىپ تۈرلىرىنى ئاشپەزلىك، تىل ـ يېزىق ئۆگىنىش قاتارلىق كەسىپلەرگە تەرەققىي قىلدۇردى؛ تەربىيىلەشتە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش، كەسىپنى ئىگىلەش ئۈنۈمىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 96 پىرسەنتكە ۋە 98 پىرسەنتكە يەتكۈزدى.

1998 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇرسۇنجان ياسىن تەربىيىلەشنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ ئاشپەزلىك مەخسۇس كۇرسىنى ئېچىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ھۆددە ئېلىپ تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. قەرەللىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى قەرەلسىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچى قايسى چاغدا كەلسە ئوقۇتۇش، ياتاق، تاماقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تولۇق ئۆگىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 2001 ـ يىلىدىن بۇيان، تۇرسۇنجان ياسىن تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، دەرسلىك، مەشىق ئەسلىھەلىرى، سىنىپ، ياتاق قاتارلىقلارنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى، شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى قورۇما ـ تاماق تۈرلىرىنى ئىجاد قىلدى. كۆك چامغۇرلۇق لەغمەن ئېتىش، كەپتەر باچكىسىدا كاۋاپ تەييارلاش تېخنىكىسىنى يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر تاماق تۈرلىرى ۋە قورۇمىلىرىغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. شۇڭا بۇ يەردە تەربىيىلىنىدىغانلار قەشقەردىن پۈتۈن شىنجاڭغا، بىر مىللەتتىن ھەر مىللەتكە كېڭەيدى.

ـــ «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى، نېمىشقا دېگەندە،

بىر ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكىنى بىر ئائىلىنىڭ بەختى دېسەك بولىدۇ، شۇنداقلا بىر ئائىلىنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى مىڭ ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىدۇر. مانا بۇ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى، خاتىرجەملىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يىللاردىن بۇيان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىزنىڭ بۇ تەربىيىلەش مەركىزى ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش، شەخسلەر ئىش ئورنىنى ئۆزى تېپىش، كەسپىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ھەر خىل ھۈنەر - تېخنىكا، كەسپىي تۇر بويىچە تەربىيىلىدى، — دېدى مۇختەر ئىلياس زىيارەت جەريانىدا تەكىتلەپ، — بۇ يەردە تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپتىن ئىش ئورنى تاپتى، ئۇلار جەمئىيەتكە، ئائىلىسىگە، ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىشتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىپ ئىشسىزلىقتىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىق، مۇقىمسىزلىقتا ئۇنۇملۇك خاتىمە بەردى. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئاشپەزلىك كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسىنى ئالىدىغان بولساق، ھازىرغىچە ئېچىلغان 45 قارارلىق كۇرستا شىنجاڭ بويىچە 2800 نەچچە نەپەر كىشى ئوقۇپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى، ئۇلار تاكى قەشقەردىن بېيجىڭگە قەدەر ئىش ئورنى تېپىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇستىلاردىن، ئالدىن باي بولغان، ھاللانغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدى.

تۇرسۇنجان ياسىن «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىش ئورنى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىنى تاللاش، ئىش ئورنى

تېپىشىغا ياردەم بېرىشىنىمۇ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىش قىلىپ ئىشلىدى ۋە ئەلا ئوقۇغانلارنى ئىش ئورنى، ئەمگەك ـ ئىش ھەققى تارماقلىرى، ساياھەت، مۇلازىمەت تارماقلىرىغا ئىشقا تونۇشتۇردى. بۇ خىل تەشەببۇسكارلىق بۇ يەردە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ئورنىغا بالدۇرراق چىقىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى.

## 8

تۇرسۇنجان ياسىن 2004 ـ يىلى كىرگەندىن بۇيان، قەدەمنى چوڭ ئالدى ۋە تەربىيىلەش كۆلىمىنى زورايتىش پىلانىنى تۈزدى. سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىمۇ بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، 50 نەچچە مىڭ يۇەن سەرپ قىلىپ، 150 دانە يۇرۇشلەشكەن پارتا ـ ئورۇندۇق ياسىتىپ بەردى، ئۈچ قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىنى ئومۇميۈزلۈك ئاجرىتىپ، تۇرسۇنجان ياسىنغا ئىجارىگە بېرىش يولى ئارقىلىق، تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ئازادە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. تۇرسۇنجان ياسىن ئۆز يېنىدىن 15 مىڭ يۇەن ئاجرىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، كارىۋات، غىزالىنىش، پراكتىكا قىلىش ئورنىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ، شەرت ـ شارائىتىنى ياخشىلىدى، كىرا ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى توشۇشقا ئىشلەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا 500 مىڭ يۇەن سەرپ قىلىپ، «ئالتۇن دەۋر» تېز تاماقخانىسىنى قۇرۇپ، بۇلتۇر 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەمئىيەتكە ئېچىپ، تاماق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرىنى كۆپەيتىپ، كەڭ خېرىدارلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى، ئومۇمىي كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان،

بىرلا قېتىمدا 150 مېھمانغا تاماق بېرىپ ، ئۆزاتقىلى بولىدىغان بۇ ئاشخانا سىرتقا قارىتا تىجارەت قىلىشنى ، ئىچكى قىسمغا قارىتا پراكتىكا قىلىشنى بىرلەشتۈرگەنلىكتىن ، بۇ يەردە ئاشپەزلىك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمى ۋە قورۇما قورۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ياخشى شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى . ئاشپەز تەربىيىلەش كۇرسىدا ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغان ، ۋاقتىدا يېتىشىپ چىققان ياشلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ ، بۇ يەرگە ئېلىپ قالدى . نۆۋەتتە ،بۇ تېز تاماقخانىغا دەسلەپكى قەدەمدە 18 نەپەر ياش ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتى . بۇنداق ياخشى شارائىتنىڭ تەسىرىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپىيىپ ، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا بىراقلا 220 نەپەرگە يەتتى .

9

شۇنداق ، تۇرسۇنجان ياسىن بالدۇرلا ئۇتۇق قازانغاندى ، ئەمما ئۇ توختاپ قالمىدى . ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى نەتىجىلىرىنى مۇنداق سان ـ ساناقلاردىن ئىزدەپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ : 1986 ـ يىلىدىن بۇيان ، تۇرسۇنجان ياسىن ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۆزى ئۇيۇشتۇرۇش ، سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشكىللەش ئارقىلىق ھەر خىل كەسپلەر بويىچە تەربىيىلىگەن ئادەم 10 مىڭدىن ئاشتى ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشپەزلىك كەسپىدە ئوقۇغان 3000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتى ياكى ئۆزلىرى دۇكان ئېچىپ ،چىقىش يولى تاپتى . كاۋاپچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەردىن 100 نەچچە ئادەم مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ،كاۋاپچىلىق

قىلىپ ، ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلدى ، ئۇلار ئىچىدىكى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپقانلارنىڭ نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن ئاشتى . تۇرسۇنجان ياسىن كۇرس ئېچىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بەردى ، نامرات ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش راسخوتى ئالمىغاندىن سىرت ، تاماق ، ياتاقلىرىنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى . تىل ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان 154 نەپەر ، ئاشپەزلىك كۇرسىغا قاتناشقان 121 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەقسىز تەربىيىلىدى .

تۇرسۇنجان ياسىن يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تۆھپىلىرىگە ئاساسەن ، ئۆز سىستېمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى ، 2003 ـ يىلى «ئالتۇن دەۋر»ماركا ھوقۇقىغا ، ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن لاياقەتلىك ، ئۆلچەملەشكەن تەربىيىلەش مەركىزى دېگەن نامىلارغا ئېرىشتى .

10

تۇرسۇنجان ياسىن بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى «سەمەن رېستورانى»دېگەن نامى بار كىچىككىنە ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئىدى ، بىراق ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە ئاشخانىدىن دەۋرنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلىشنى ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى مەنبە قىلىشنى ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى دەستەك قىلىشنى ، كەڭ قورساقلىق بىلەن يىراققا نەزەر تاشلاشنى بىلدى . تالاي كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى نىشان قىلىپ ،ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى قامداش ۋە كېلەچىكىنى يارىتىشىغا مەدەتكار بولدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، تۇرسۇنجان ياسىن «ئالتۇن دەۋر»ئۇچۇن ،

شۇنداقلا باشقىلارنىڭ «ئالتۇن دەۋر»نى يارىتىش ئۈچۈن، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىدى، نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى ۋە بۇ يولدا نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قازاندى. بۇ يول بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يولى، بۇ يول بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىقىش يولى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ماڭسا بولىدىغان يولى. ئۇ كېلەچەك يولى، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بەخت يولى! چۈنكى بەختمۇ، شۆھرەتمۇ پەقەت ئەجىر قىلغۇچىغا مەنسۇپ.




«ئالتۇن دەۋر» -
دىكى يېڭىلىقلاردىن
كۆرۈنۈشلەر














# زەربدار



## ياشاشتا

ھەر كىم بەختلىك ياشىسام دەيدۇ، ئەمما، تولا چاغدا ئۆزگىلەرنىڭ بەختىنى كۆرەلىشى ناتايىن؛ باشقىلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما، ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغاندەك قىلالىشى ناتايىن. مانا بۇ ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى. ھەر كىمنىڭ ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشىمىغانلىقتىن ئېرىشىدىغان بەختى ۋە تارتىدىغان ئازابىمۇ ئوخشىمايدۇ.

بەزىلەر باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆيۈنۈش، ئازاب - ئوقۇبىتىگە شېرىك بولۇش بەدىلىگە بەختكە سازاۋەر بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئادەمدە ياشاش ئۈچۈن بەلگىلىك دەرىجىدە ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارى ۋە كەڭ قورساق بولۇش ئادىتى يېتىلىشى كېرەك: ئىقتىدار بىزنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلايدۇ، كەڭ قورساقلىق جېدەل - ماجىرادىن يىراق قىلىدۇ.

ھەرقانداق ئادەمنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ھەرقانداق ئادەم بىز ياشاۋاتقان ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بۇيۇك ئەسىرى. ئۇنى قەلبىمىزگە سىغدۇرالمىساقمۇ، بىر ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئەيىبلىسەك، ئۇ ئادەمنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېلىشتىن ساقلىنالمايمىز، بىز كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقانىكەنمىز، باشقىلارنىڭ قانداق مىجەز - خاراكتېرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۆز خاراكتېرى بويىچە ياشىشىغا يول قويۇشىمىز، ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز، ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. لېكىن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قىستىساق، ئەيىبلىسەك بولمايدۇ. شۇنداق قىلالىساق ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ياشىغىلى قويغان بولىمىز.

## 1

بىز ئۇزۇن يول يۈرۈپ ،مەھەللىنىڭ چېتىگە يېقىنلاشقاندا ،ئۇڭ تەرەپتىكى كىچىك ،تار يولغا بۇرۇلدۇق. كىچىك ئاپتوموبىل بۇ تار يولدا تولىمۇ تەستە ماڭدى. يول بويىدىكى سۆگەت، قاغا جىگدە، تېرەك كۆچەتلىرى نامرات دېھقانلارنىڭ مەھەللە يولىغا خاس ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ، ساڭگۇل - ساڭگۇل نوتا - چۆنقىلىرى يولغا — ئاپتوموبىلنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، بىر كىشى يان تەرەپتىكى ئېتىزلىقتىن ئىككى ئىنەك، بىر ئېشەكنى ھەيدەپ چىقىپ يولىمىزنى توسۇپ قويدى.

— قادىراخۇن بار ئىكەن، كەلگىنىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ! — دېدى بىزنى باشلاپ كەلگەن ئەركىن.

باياتىندىن بېرى بىز مۇشۇ قادىراخۇننىڭ بار - يوقلۇقىنى مۇھىم بىر ئىش سۈپىتىدە تالاش - تارتىش قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆيدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاندۇق.

— قاراڭ ماۋۇ ئىشنى، خۇددى بىر كىم دەپ قويغاندەكلا، چارۋا ماللىرىنى ئالدىمىزغا ئېلىپ چىققىنىنى بۇ ئادەمنىڭ! كۈتكەندەك ئىش بولدى - دە!...

ھېلىقى كىشى بايىقى چارۋىلارنى تولىمۇ پاكار، شورداپ، چەللە - باراڭلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بىر كىچىك قورۇغا ھەيدىدى. بىزمۇ شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ قورۇغا كىردۇق. قادىراخۇن نېمىنى ئويلىغانكىنتاڭ، ھاڭ - تاڭ قالغاندەك بولدى

ۋە :

— هاي كېلىنك ، ئەركىنجان ئۇكام ، كېلىنك ! ئەجەب هەيران قالدىڭا ؟ !— دېدى .

— مەن مۇخبىرنى باشلاپ كەلدىم ، قانداق گەپ بولسا دېسىلە ،قادىراخۇنكا ! . . .

— ۋاي هەممىنى دەيمەن ، ئوبدان پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەندە ، پاقا تەشكەن كامارەدەك قاراپ تۇرسام بولمايدۇ . ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن ،ياشاپ كېتىڭ جېنىم ئۇكام ، ئەجەب ئوبدان ئىش قىپسىز . سىزگە رەھمەت ئۇكام ، مۇشۇ تاپتا پارتىيىگە ، هۆكۈمەتكە ، ئابدۇغېنى جۇرنىگە تەشەككۈر ـ رەھمىتىمنى قانچىلىك كۆپ دېسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ ، مەن مۇخبىرغا شۇ يۇرەك سۆزۈمنى دەۋالسام دەپ ئارزۇ قىلاتتىم ، مانا ئەمدى دۇئايىم يەنە سىلەر ئارقىلىق ئىجابەت بوپتۇ ! ... ئۆيگە كىرەيلى ئۇكام . . .

— ئالدى بىلەن كۆرىدىغاننى كۆرەيلى ، ئاندىن بىر گەپ بولار . . .

— ئىلگىرى هېچ نەرسەم يوق دېسەم ، ئىشەنمەي قالارسىز مۇخبىر ئۇكام ! مېنىڭ ئۆزگەرمىگەن بىرلا نەرسەم بار ، مانا قاراڭ مۇشۇ ئەسكى تاملىق ئۆي ، بۇنى ئابدۇغېنى جۇرىن يېڭىلاپ سېلىپ بېرىمەن دەپ ، ئاۋۇ ئۆي ئورنىنى كۆرسىتىپ قويدى . مېنىڭ هازىر مۇشۇ بىرلا ئىشىم قالدى ، قالغان ئىشىم ئابدۇغېنى جۇرىنىڭ كۆيۈمى ، ئۇزۇلدۇرمەي ياردەم قولىنى سۇنۇشى بىلەن ئوڭشىلىپ كەتتى ، تۇرمۇشۇم پاراۋان بولدى . بۇنداق بەختنى «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش»مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرىدىن كەلدى ، دېسەم بەك جايىدا بولىدۇ . چىن گەپنى دېسەم ، ئۇكام ، هازىر بار نەرسىلىرىم بىلەن سۇرەتكە چۈشۈشنى كېچە ـ كۈندۈز ئويلايتتىم . مەقسىتىم — ئاشۇ سۇرەتلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ ، بۈگۈنكى بەختىيار

تۇرمۇشۇمنى ئۇلارغا بىلدۇرمەكچىدىم . ئابدۇغېنى جۇرىن ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ياخشىلىقىنى ، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ نەقەدەر ئېسىللىكىنى دېمەكچىدىم...

دېگەندەك ، بۇ دېھقان تاملىرى ئېگىز ـ پەس ھەم شورىداپ كەتكەن ئېغىلدىكى چارۋا ـ ماللىرى ئارىسىدا ، ئېتىزلىقىدىكى ياڭاق دەرىخى يېنىدا ، ئاندىن ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك باغدا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئېگىپ تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈۋالدى . . .

بىز ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى ئالدىدىكى سۇپىغا سېلىنغان كىگىزدە ئولتۇرغىنىمىزدا ،ئۇنىڭ ئۇزۇن يىل تارتقان غۇربەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاسارىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن چىرايى نۇرلىنىپ ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا ياش تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى : بۇ ياش شادلىق يېشى ھەم مىننەتدارلىق يېشىدەك قىلاتتى !مەن ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدىم ، شۇڭا قادىراخۇن قاۋۇل ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۇشى ھەققىدە بىلىدىغان كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك كەچمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەشكە كىرىشتىم ...

2

1998 ـ يىلى كۈزدە ، قادىراخۇننىڭ مەھەللىسىدە ۋىلايەتتىن كەلگەن رەھبەرلەر نامرات ئائىلىلەرنى يوقلاپ ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىكەن ، دېگەن پاراڭلار تارقالدى . قادىراخۇن بۇ گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، بەك قۇلاق سېلىپ كەتمىدى ، بەك ئۈمىدلىنىپمۇ كەتمىدى . لېكىن ئۇلارنىڭ بىرنەچچە خالتا ئۇن ئېلىپ كېلىپ ، ئۆزى قاتارلىق نامرات ئائىلىلەرنى يوقلاپ ، سىياسەتنى چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ ، كۆچەپ ئىشلەپ ،نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش لازىملىقىنى تەكىتلەپ

قويۇپ كېتىدىغانلىقىدىن گومانلانمىدى ،چۈنكى ھەر قېتىم كەلگەن قوتقۇزۇش گۇرۇپپىلىرى ، يۆلەشكە كەلگەن كادىرلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى شۇنچىلىك ، ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھىتى كۆپ ، پايدىسى ئاز ، قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق ، تۇزۇكرەك بىرەر ئىشنى قىلىپ بەرگەن ئادەمدىن بىرنى كۆرۈپ باققىنى يوق ، ئۇلارنىڭ چوڭ دەسمايىسى ۋەدە بىلەن قىزغىن پوزىتسىيە ،بۇنىڭغا نېمە كېلىدۇ ؟ بىراق ، ئۇلار تەشۋىق قىلغان ياخشى سىياسەت ، تۈزگەن پىلان ئىجرا بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا نامرات دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قويىدۇ . بۇ خۇددى «گۇلدۇرى بار ، يامغۇرى يوق »دېگەندەكلا بىر ئىش . شۇنچە يىللاردىن بۇيان ، نامراتلارنى يۆلەش ، قۇتقۇزۇش تەكرار - تەكرار ئېلىپ بېرىلدى ، لېكىن ھەممىسىنىڭ نەتىجىسى جۇۋا تاراقلىتىپ ، قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەپ ، ئۆزىنىڭ شۇ يەردىكى ئىنكاسىنى نامايان قىلىپ قويۇش بىلەن تاماملاندى . قادىراخۇن كۆپ قېتىم مۇشۇنداق قۇتقۇزۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ، ئەمما ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى يوق ، شۇنچە ئىشلىسىمۇ ، قۇتقۇزۇشتىن شۇنچە «بەھرىمەن »بولسىمۇ ، ئۆزىدىكى بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى گادايلىقنىڭ يىلتىزىنى تاپالماي گاڭگىراپ يۈردى .

قىسقىسى ، «نامراتنىڭ ھوننىقى جىق ، باينىڭ تۇغقىنى» دېگەندەك ، ئۇ مەجنۇندەك بولۇپ قالغان ئادەم ئىدى . ئۇ ،كىم قايسى ئىشقا بۇيرۇسا ، لام - جىم دېمەي ماڭاتتى ، كىشىلەر بوزەك قىلىپ ئىشقا سېلىپ ھەق بەرمەيتتى ، ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى ئىدى . ئۇنى بوزەك قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر دەل ئۇنىڭ گەردىنىگە قەرز ئارتىپ قويغان كىشىلەر ، كەنتنىڭ ، مەھەللىنىڭ بىر قىسىم ھوقۇق تۇتقان ئادەملىرى ... ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە دائىم ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقتىدا قىلالمايتتى ، ۋاقتىدا قىلالمىغان ئاشۇ ئىش ئۇنىڭ تېرىقچىلىقىنى مۇناسىپ

پەرۋىشتىن مەھرۇم قىلىپ، ھوسۇلىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالاتتى.

دەپ كەلسە، ئۇنىڭ دەردى ـ يىغىرى كۆپ؛ دەپ كەلسە، ئۇنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنىڭ ۋىجدان ئالدىدىكى قىممىتىمۇ يوق؛ دەپ كەلسە، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ نەقەدەر ئەخلاقسىزلىقى، رەھىمسىزلىكى، نامەرد، ئىپلاسلىقى، بىلىپ تۇرۇپ تۇزكورلۇق بىلەن ئادەمىيلىك سالاپەتلىرىنى يوقىتىشلىرى ئاز ئەمەس. ئادەم نامرات بولغانسېرى نەس باسىدىكەن، ئادەم نامرات بولغانسېرى باشقىلار بوزەك قىلىدىكەن... بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن قادىراخۇن قانچە كېچىلەپ ياش تۆككەن، ئەمما كىمنىڭ كارى دەيسىز!؟ شۇنچە يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ ئۇنىسىز نىدالىرى شۇ يەردە، ئۆزى بىلىدىغان جايلاردا كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى. ئۇ كۆڭلىدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە تەشنا ئىدى. بەزىدە ئۇ ھەممىدىن تەشنا بولىدىغان ئىش —نامراتلارنى يۆلەشكە كەلگەنلەر ئېلىپ كەلگەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىدى. ئۇ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنى ئاختۇرۇپ شۇنداق تەلمۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرسىمۇ چوڭقۇرلىسا، ئۆزى ئەڭ تەشنا بولغان نەرسە ئاشۇ كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، قولىغا تېگىدىغان ماددىي بۇيۇملار ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئاشۇ نەرسىلەر تازا ئۇبدان چاغدا، يەنى قىشنىڭ يامان سوغۇقى، ئەتىيازنىڭ تازا ئۇزۇك ۋاقتى، ھېيت ـ بايرامنىڭ ئەڭ مەنىلىك كۈنلىرىدە جېنىغا جان، مادارىغا مادار قوشاتتى. ئۇ شۇ چاغدا ھېلىقى كادىرغا، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇلارنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنى ئاشۇنداق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە تەشەككۇر ياغدۇراتتى. ئۇ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ، يوقتىن مىڭ ياخشى بولغان، جانغا دال بولىدىغان ئاشۇنداق

ماددىي ياردەمگە ئادەتلىنىپمۇ قالغانىدى .
بەزىدە ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ياش تۆكۈپ سالاتتى . چۈنكى ئۇ ھەر يىلى ئالغان ھوسۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى قەرزگە بېرىۋېتەتتى ، قەرزنى بېرىدىغان چاغدا ، ئۇ قولىدىكى يەۋاتقان ئوزۇقلۇقىنى ئەرزان بولسىمۇ سېتىۋېتەتتى ياكى قەرز ئىگىلىرى قانچە پۇلغا ئالىمەن دېسە ، شۇنچە پۇلغا ھېساب قىلىپ بېرىپ قۇتۇلاتتى . تېخى يەنە يېڭى يىلغا ھېساب قەرزگە بوغۇلۇپ قالاتتى . . .بۇنداق قەرزگە بوغۇلۇشنىڭ يوللىرى يېزا دېگەندە بەك كۆپ ، ئۇنىڭ قايسى بىرسىنى دېسۇن ، ئۇ قەرزگە بوغۇلىدۇ ، قەرزگە بوغۇلمىسا قەرزنى قايتۇرالمايدۇ ، تۇرمۇشنى قامدىيالمايدۇ . ئۇ بۇنداق قەرزلەرگە كۆنۈپ كەتكەن ، ئادەت بولۇپ قالغان ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈك ،نېمە ئامال ؟ لېكىن ، قەرزنىڭ ئازايماي كۆپىيىپ بېرىشى ئۇنىڭ تەقدىرىنى قانداق ھالغا دۇچار قىلار ؟ بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى مۇھىم ، قىيىن ئىش ئىدى . . .ئۇ ئاخىرى خۇدا ئۆزى بىرنېمە دەر ؟ دېگەن يەرگە كېلىپ توختاپ قالدى . . . بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ھەل قىلالمىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە ۋە ئويلىغانلىرىنى ئويلاپ بىر باشقا چىقالمىغان چاغدا چىقىرىدىغان خۇلاسىسى ۋە ئۆزىنى بېسىۋالىدىغان شۇكۇرانە قارارى ئىدى .
ئۇ بۇ قېتىمقى يار ـ يۆلەك بولۇشقا كېلىدىغان كىشىلەردىنمۇ ئانچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىدى ، چۈنكى ئۇ ، ئۇلارمۇ ھەرقاچان ئاتام ئېيتقان بايىقى ،يەنە شۇ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش بىر ـ ئىككى ئىشنى قىلىپ قويۇپ ، يار ـ يۆلەك بولدۇق دېيىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدى ؛ بىراق نېمىلا بولسۇن ، ئۇلار كەلسە ، ھامان بىرەر «ياخشى»ئىش قىلماي كەتمەيدۇ ، ھېچبولمىغاندىمۇ بىرەر خالتا ئۇن بېرەر ياكى بىرەر چاپان ۋە ياكى يوتقان ـ كۆرپە بېرەر ،كونا بولسىمۇ ، يوقتىن ياخشىغۇ ؟ ئۇلار شۇنچىلىك بولسىمۇ ياخشى ئىشنى قىلىپ بولۇپ ،

ئاخىرىدا يەنە يەرلىك «ئەمەلدار» ، «خاقانلار»نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، شۇلارنىڭ دېيىنى چېلىپ ، قىلغان ئىشلىرىغا تاپا - تەنە ، مىننەت قىلغاندەك كېتىپ قالىدۇ . تۇتۇپ بىر ياكى بىرقانچە ئادەمنى تولۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرمايدۇ .بۇنداق ئىشلار تەكرار يۈز بەردى ، قادىراخۇنمۇ ئالغان بىرەر خالتا ئۇن ئۇچۇن نەچچە قېتىم بۇرنى - قۇلىقىغا قەدەر تويغان چاغلارمۇ بولغان ، ئۇ شۇ چاغدا ، خەپ ، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قۇتقۇزۇشنى ئالماسمەن ، دەپمۇ باققان ، لېكىن ، نامراتلىقنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن يەنە ئالغان ، ئالمىسا بولمايتتى . . . دېسە گەپ جىق ، لېكىن قادىراخۇن ئېغىزدىن چىقارمايتتى ، چۈنكى ئۇ نامرات ،چۈنكى ئۇ قەرزدار ئىدى !

مىش - مىش گەپلەر بىرقانچە كۈندىن كېيىن ، راستقا ئايلاندى . مەھەللە كادىرى قادىراخۇنغا مېھىر - شەپقەت قىلىدىغاندەك پوزىتسىيە بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ، ۋىلايەتتىكى قايسى بىر ئىدارىدىن كەلگەن يولىگۇچىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . راستتىنلا بىرنەچچە ئادەم كەلدى ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بوي ، ئاقپىشماق ، چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان ، كۆزلىرى نۇرلۇق ، ھەرىكەتلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم قادىراخۇننىڭ يولىگۇچىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۇردى . بىللە كەلگەن ئادەملەر ئۇنى تونۇشتۇرۇپ : «بۇياق ۋىلايەتلىك پىلان - تەرەققىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇغېنى دۆلەت بولىدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولغۇچە سىزگە ياردەم قىلىدۇ ، سىز ماسلىشىپ ، دېگەن يېرىدىن چىقسىڭىز ، تۇرمۇشىڭىز تېزلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ . . .»دەپ تونۇشتۇردى .

## 3

ئەتىسىدىن باشلاپ ئابدۇغېنى دۆلەت دېگەن كىشى راستىنىلا قادىراخۇننىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى قارا سومكىدىن ئۇ تەمە قىلغان نەرسىلەر ئەمەس، دەپتەر - قەلەم، ئۆزى چېكىدىغان تاماكا قاتارلىقلار چىقتى. «دېمەك، — دەپ ئويلىدى قادىراخۇن، — بۇ كىشىمۇ ھېلىقى كىشىلەردەك ئۆزىگە توپا قوندۇرماي كېتىپ قالىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ!» ئۇ كىشى قادىراخۇندىن ئۇنى - بۇنى سورىدى، خاتىرىسىگە يازدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردىن، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق، باغ - ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن خەۋىرى باردەك قىلاتتى، دەسلەپ قادىراخۇن ئۇنىڭدىن بېرىدىغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈسى كەلگەن ۋە شۇنى كۈتكەنىدى، كېيىن، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى، يېزا ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ دەردى، پارتىيە سىياسىتىنىڭ نامرات دېھقانلارغا يەتكۈزۈۋاتقان ياخشىلىقلىرى، نامراتلارغا بولغان ھېسداشلىقى... قاتارلىقلار ھەققىدىكى بايان - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئادەمگە ئۆزىچە ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە گەپلىرىنى دېگۈسى كەلدى، مۇشۇنداق ياخشى ئادەمگە دېمىسەم، كىمگە دەيمەن، دەپ ئويلىدى ۋە ئاغزىغا نېمە كەلسە، كۆڭلىدە نېمە بولسا، قالدۇرماي دېدى. ئابدۇغېنى دۆلەت بۇنىڭدىن سۆيۈندى ۋە ئۇنى يېقىن تۇغقىنىدەك كۆرۈپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار سىرداشلاردىن بولۇپ قالدى، قادىراخۇننىڭ ھەممە دەردى، قورساق كۆپۈكى ئۇنىڭغا ئايان بولدى، ئۇنىڭ قورسىقى بوشاپ قالدى، بىردىنلا يېنىكلەپ قالدى... ئابدۇغېنى دۆلەت بۇ ئادەمنىڭ ھۇرۇن - تەييار تاپ ئەمەسلىكىنى، پەقەت دىتى - ساپاسى يوق، شارائىت ناچار، كىرىمىدىن چىقىمى كۆپ

بولۇشتەك تەرەپلەرنىڭ قىسىشى تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلدى . ئەمما ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ ، بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش توغرىسىدا مەيدىسىگە ئۇرمىدى . مانا مۇشۇ ئىشتىن قادىراخۇن گۇمانلىنىپ قالدى ، چۈنكى ئۇ كەنت ، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ نۇرغۇن يېغىرلىرىنى ئېچىۋەتتى ، بۇ يېغىرلارنى ئۇ ئادەم مېھماندارچىلىقتا بەرگەن دەلدەڭ سۇيىدىن كېيىن ئۇلارغا دەۋەتسە ، خۇددى سۇ كېتىپ تاش قالغاندەك ، قادىراخۇن بالاغا قالامدۇ تېخى !

— بەزى دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى : ئاساسىي قاتلامدىكى قورۇقچىلىقنىڭ كىشىلەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن قىسىشى ۋە تالان - تاراج قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ، — دېدى ئابدۇغېنى دۆلەت بىر كۈنى قادىراخۇن قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەرگە ، بۇ يەردە يەرلىك «خاقانلار» مۇ بار ئىدى ، — ئاساسىي قاتلاملاردا پارتىيىمىزنىڭ يېزا ، دېھقانلار مەسىلىسى توغرىسىدىكى سىياسىتى توغرا ئىجرا قىلىنماپتۇ . دېھقانلارنى يېتەكلەش ، قوللاش ۋە يول قويۇش يېتەرلىك ئەمەس ، بۇ ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەپ . . .

ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە قادىراخۇننىڭ مەھەللىسىدىكى بەزى ئىشلارمۇ بار بولۇپ ،دېھقانلارنى ھەم ھەيران قالدۇردى ، ھەم قايىل قىلدى . . .

دېگەندەك ، نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەر بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن بۇ يېزىدىن غايىب بولدى . ئەينى يىلى بۇ يەردە توك ، تېلېفون سىمى دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا ، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغانىدى ، ئۇلار كېتىدىغان چاغدا يېتىۋاتقان ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سېلىپ كېتىپ قېلىشقان بولسىمۇ ، ۋېلىسىپىتنىڭ چاقىنى تېپىپ توك چىقىرىپ ،تېلېۋىزور كۆرىدىغان بۇ يەردىكى

چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ قويغان نەرسىلىرىنى بىرنى قويماي ئېلىپ كەتتى ، كېيىن سۈرۈشتە قىلىـﯘىدى ، ئۇلار تىرناقلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇشتى . مانا مۇشۇ كىشىـلەر ئاشۇ يەردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ «ئەمەلدار»لىرى ئىدى . . . بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ، قادىراخۇننىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇنىڭ خىياللىرى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى ، ئۇ ھەممە ئىشلارنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قايتقانلىقىنى سەزدى . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى : «بۇ ئادەممۇ كۆڭۈل بۆلگۈچى ، ھېسداشلىق قىلغۇچى ئىكەن ، قانداقتۇر ھەقىقىي يار ـ يۆلەك بولۇپ مەدەت بەرگۈچى ، نامراتلىقىمنى تۈگىتىپ باي قىلغۇچـى ئەمەس ئىكەن . دېمەك ، بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسـى شوئارۋازلار ، ساختا ئىش قىلىپ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ كېتىشىدىغان شەكىلۋازلار ، ئۆزىنىمۇ ، ھۆكۈمەتنىمۇ ئالدايدىغان كاززاپ كىشىلەر ! . . . مانا ، ئۇلار مېنى بىردەملىك خۇشال قىلىپ قويۇپ كەتتى» . . .

4

ئابدۇغېنى دۆلەت ئاشۇ يەر ۋە ئۆزى يار ـ يۆلەك بولىدىغان قادىراخۇن ھەققىدە دوكلات يېزىپ يوللىشى ۋە تەستىقلىتىشى كېرەك ئىدى . ئۇ بىرقانچە كۈن ئىشلەپ دوكلاتنى تەييارلىدى . دوكلاتتا ئۇ مۇنداق ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى : «مەن مەركەزلىك تۇزەش خىزمىتى جەريانىدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ لوق يېزا بورا كەنتى قاتارلىق كەنت ، مەھەللىدىن 80 نەچچە ئائىلىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىكەن ، دېگەن قاراشقا كەلدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قىلىدىغان ئىش ، ئالدى بىلەن

ئەڭ نامرات ئائىلىدىن 20 نى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئاشۇ جايلاردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى زىممىسىگە ئالغان ياكى باشقا جايلاردىن بارغان كادىرلىرىمىزغا قايتىدىن تۇتقۇزۇش كېرەك؛ ئىككىنچى قىلىدىغان ئىش ،ھەربىر ئادەم 5000 يۈەندىن مەبلەغ تەييارلاپ، 20 ئائىلىنىڭ ھەربىرىگە 1000 يۈەنلىكتىن ئىككى ئىنەك، 1000 يۈەنگە ئۈچ دانە قوي سېتىۋېلىپ بېرىش، 2000 يۈەنگە قوتان سېلىپ بېرىش كېرەك؛ ئۈچىنچى قىلىدىغان ئىش ،مەسئۇلىيەتنى قاتتىق بېكىتىپ، بىر - بىرىگە چېتىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ جايلاردا تۇرۇۋاتقان مەركەزلىك تۇرەش خىزمىتى كادىرلىرى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە بارغان ئىدارە، ئورگان، باشقارما كادىرلىرى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە زەنجىرسىمان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش كېرەك، ئۇلارنىڭ نامرات ئائىلىنىڭ باقمىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئەقىل كۆرسىتىش، چارە - ئامال كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نازارەت قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى قىلىدىغان ئىش، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە چارۋا مال دوختۇرلىرىنىڭ خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ئاشۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشىغا، ئىلمىي باقمىچىلىقنى يولغا قويۇپ ئۇنۇم يارىتىشىغا مەسئۇل قىلىش، چارۋىلارنى توغلىتىلغان ئۇرۇق بىلەن نەسىللەندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىر كالىسى ياكى قويى ئۆلۈپ قالسا، مەسئۇل بولغان كادىرلار تۆلەش، بىر كالا ياكى قوي نەسىلسىز قالسا، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى يېتەكچىسى موزاي ياكى قوي تۆلەپ قايتۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچى قىلىدىغان ئىش ،نامرات ئائىلىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش،

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى بازارغا ماسلاشتۇرۇش ،بىر تۇتاش تېرىقچىلىق قىلىشتىن ئىمكان بار قۇتۇلدۇرۇپ ئالاھىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ياكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك تېپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتىش كېرەك؛ ئالتىنچى قىلىدىغان ئىش، نامرات دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى ياكى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدىكى بىكار ۋاقىتلىرىنى پۇل تاپىدىغان، كىرىم كەلتۈرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش ئورنى ياكى ئىش قىلىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك؛ يەتتىنچى قىلىدىغان ئىش، دېھقانلارنى مۇناسىپ ھالدىكى تەبىئىي ئاپەتتىن ساقلىنىش، خېيىمخەتەردىن ساقلىنىش سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلارنى نۇقتىلىق تۇتقاندا ۋە مۇناسىپ قانات يايدۇرغاندا، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەقىقىي تۈردە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرقانچە ئىش بار، بۇنىڭ بىرى رەھبەرلىك ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددە ئالغان كادىرلارغا شارائىت يارىتىپ رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددە ئالغان كادىرلارمۇ بوشاڭلىق قىلماي، پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشتىن ئىبارەت خىزمەت پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نەتىجە قازىنىپ، ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. قالغان ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ تەدرىجىي بىر تەرەپ قىلىپ،ئېغىر يۈك قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. يۇقىرىدىكى بىرقانچە تەدبىر ھەقىقىي يولغا قويۇلۇپ ئەمەلىيلەشسە، ھەربىر نامرات

ئائىلىنىڭ يىللىق كىرىمى تېزلا ئاشىدۇ ، مەسىلەن ، ئىككى ئىنەك كالىدىن بىرىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا ئىككى تۆل ئالالىسىلا ، ئەڭ ئاز بولغاندا 4000 يۈەنگە ساتالايدۇ ، بىرنى ساتسا ،بىرسى قالسا ،كالىسى ئۈچ بولىدۇ ، كالىدىن قىلغان كىرىمى 2000 يۈەن ، چىقىمى 1000 يۈەن ، ساپ كىرىمى 1000 يۈەن بولىدۇ . دېمەك ، شۇ ئائىلىدە بەش نوپۇس بولسا ، يىلىغا ئاشقان كىرىمى 200 يۈەندىن توغرا كەلگەن بولىدۇ . ياندۇرقى يىلى ئۈچ موزاي ئالالىسا ، ئىككىنى ساتسا ، يەنە كالىسى تۆتكە كۆپىيىدۇ ، ئۈچىنچى يىلىغا بارغاندا ، ئاشۇ دېھقان ئىقتىسادىي جەھەتتە بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ ، كالىسى ئالتىگە ، كىرىمى 6000 يۈەنگە يېتىدۇ . دېمەك ، بۇ دېھقان ئۈچ يىلدا بىز بەرگەن پۇلنى قايتۇرغۇدەك هالغا يېتىدۇ ، شۇ چاغدا بەرگەن پۇلىمىزنى قايتۇرۇۋېلىپ ، يەنە 20 ئائىلىنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ ، پۇلنى شۇ ئائىلىلەرگە بېرىپ ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلساق ، چوقوم ئۈنۈم قازىنىمىز !»

بۇ تەسەۋۋۇر خېلى ئەتراپلىق ۋە قايىل قىلارلىق بولغانىدى . ئىدارىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەر بۇنىڭغا قوشۇلدى ، ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى ، ئۇلار ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بىر نامرات دېھقانغا قوي ئېلىپ بەرسە ، يەۋېلىپ قوينى يوق قىلغان ، بۇ چوڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان . قوينىڭ پۇلىغۇ چاغلىق ، لېكىن كالا ئېلىپ بەرسەك موك يەۋالسا ، پۇلنى نەدىن تاپىمىز ! دېھقان دېگەن يېتىپ يەۋالىدىغان ، يۆلىنىۋالىدىغان ، بىر كىملەر بىر نەرسە بەرسىكەن دەپ تەمە قىلىدىغان تەييارغا هەييار خەق ، بۇنىڭغا سەل قارىساق ، ئالدىرىساق بولمايدۇ ، ئەڭ مۇھىمى ئالدانساق بولمايدۇ ، دەپ قارىدى .

—يولداشلار ، بىز ئىشنىڭ بىر تەرىپىگىلا قارىساق بولمايدۇ . مەن ئۇزۇن يىل يېزىدا ئىشلىگەن ، دېھقانلارنىڭ

ھەممىسى ھۆرۈن ، تەييارغا ھەييار ئادەملەر ئەمەس ، بىز سەللا يۆلەپ قويساق ، ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ ،— دېدى ئابدۇغېنى دۆلەت چۈشەنچە بېرىپ ،— مېنىڭ ئېنىقلىشىمچە ، بورا كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشى سىياسەتنىڭ تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى ۋە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، قانداقتۇر دېھقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇقى ، ئاڭسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس . . .

ئۇ ئەينى چاغدا ، 80 نەچچە نامرات ئائىلىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا كۆرگەن مۇنداق بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى : بىر كۈنى ئۇ قادىراخۇننىڭ ئۆيىگە تەكشۈرۈشكە ماڭدى ، ئۇ لوق يېزا 3 - كەنتىنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان ، تاملىرىدىن توپا قۇيۇلۇپ تۇرغان بىر ئۆيگە كىردى . قاراڭغۇ ئۆيدىكى كاڭدا ئۈچ بالىنىڭ بېشى كۆرۈندى ، ئۇ بۇ بالىلارنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان ياكى سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياتقانلىقىنى بىلەلمىدى .

— بۇ بالىلارنى نېمىشقا ياتقۇزۇپ قويدىڭىز ؟— دەپ سورىدى ئۇ ئۆي ئىگىسى ئايالدىن .

— بالىلىرىم كېزىك بولۇپ قالغانىدى ، داۋالىتاي دېسەم پۇل يوق ، ئۆيدە بېقىۋاتىمەن . . .

— ئېرىڭىز قېنى ؟

— ئۆيىمىزدە ئاش - ئوزۇق تۈگەپ قالغانىدى ، بالىلارنىڭ دادىسى ئامالىنى قىلىپ كېلىمەن دەپ جاڭگالغا كىرىپ كەتكەن . تۇز ئېلىپ چىقىپ سېتىپ ، ئۇن سېتىۋېلىپ كېلىدۇ . بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ، ھەرقاچان بۈگۈن كەچ بازاردا تۇزلىرىنى ساتسا ، قايتىپ كېلەر . . .

ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ يۈرىكى شۇرۇرىدە قىلىپ قالدى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئاچچىق ئەلەم بوغۇپ ئۆتكەندەك قىلدى . . .چوڭقۇر ھېسداشلىق دولقۇنلىدى . ئۇ سۈپىغا

چىقىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى بالىلارنىڭ باشلىرىنى سىلىدى، ئۇنىڭ قولى قىزىغاندەك بولدى، بالىلار قىزىپ كەتكەندى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان يىرتىق يوتقان، ئاستىغا سېلىنغان كونىچە نۇسخىدىكى توقۇما يىرتىق ئەدىيال بالىلارنىڭ قىزىتمىسىدىن يىرتىلىپ كەتكەندەك بىلىندى، ئۇ تەرەپكە سېلىپ قويۇلغان بورىمۇ تىتىلىپ، توپا بىلەن بىر «تەن» بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۆينىڭ بىر بۆلۈكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، ئۇ يەرنى قوناق شېخى بىلەن توسۇپ قويغانىدى. ئۇ دەرھال يېنىنى ئاختۇردى، قولىغا 200 يۈەن چىقتى، ئۇ پۇلنى ئايالغا تۇتقۇزدى ۋە بالىلارنى داۋالىتىش، ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئېيتتى. يېمەك - ئىچمەك ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئايال ئىككى كۈن ئاۋۋال چېلىپ قويۇپ، كۈندە بىر - ئىككى ۋاخ ئېچىپ تۇرۇۋاتقان سېرىق قوناقنىڭ ئومىچىنى قازان بىلەن كۆرسىتىپ قويدى...

ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ خىيالغا پاتتى، ئۆزىنىڭ بىخارامان ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنى، كىملەرنىڭدۇر ئاشخانا - رېستورانلاردا تاشلاپ قويغان تاماق، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقلىرىنى ئەسكە ئالدى، ئۇ بالىلارنى بۇ ئائىلە بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى، ھەتتا، بۇنىڭدىن كېيىن رېستورانلارغا كىرمەسمەن، ئاشۇنداق ئىسراپچىلىقنى توسارمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەتىسى ئۇ شۇ يەردە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش»، «دېھقانلار بىلەن ئۇچتە بىللە بولۇش» خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنى يىغىپ، يۇقىرىقى ئەھۋالنى سۆزلىدى ۋە: «بىزنىڭ خىزمىتىمىز يالغۇز ئەسكى ئادەملەرنى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىشلا ئەمەس، مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغىمۇ ئارىلىشىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇش. شۇڭا بىز

مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ سەل قارىماي ، ئالدى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدۇ . كۆن بويى قۇرۇق گەپ قىلىپ قارت ئويناش ، شاھمات ئويناش ،تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ۋاقىتىمىزنى ئىسراپ قىلمايلى ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ دېھقانلارنى رازى قىلايلى» دېدى .

بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى ،ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ نۇرغۇن ئىشلارنى تېپىپ چىقتى ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدەندى . ئابدۇغېنى دۆلەت 13ياشلىق ۋە تۆت ياشتىن يەتتە ياشقىچە ئىككى قىزنى ھارۋىغا بېسىپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئاپاردى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تېلېفون قىلىپ ، بۇ باللارغا نامراتلارغا ياردەم بېرىش ــ داۋالاش كارتىۋىتى ئاجرىتىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ ، داۋالاشنى قانات يايدۇردى . ئىلگىرى دورىنى كۆپ يېمىگەنلىكتىن ، دورىلار ئىتتىك تېپىپ ، باللار ئۈچ كۈندىلا كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتى . مانا بۇ 1999 ــ يىلى قارا قىش مەزگىلىدىكى ئىش ئىدى . بۇ بىر قاتار ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . ئۇ ئىدارىسىنىڭ پارتكوم يىغىنىدا مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى قوزغىماقچى بولدى . بىراق ، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ مۇجمەل بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ ئىش سۇغا چىلاشتى . ئەمما ئابدۇغېنى دۆلەت بۇ خىزمەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇنى جىددىي تۇتتى ، نەگە بارسا ، ئاشۇ نامرات دېھقانلار ئۈچۈن جار سالدى ، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا ھەمدەم بولدى . بۇلا كۇپايە قىلمايتتى ، ئەمەلىي قوللاپ ، پۇل چىقىرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى . ئابدۇغېنى دۆلەت قاتتىق تىت ــ تىت بولدى ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا قايتىدىن باش قاتۇردى . ئۇ ئۆزىنىڭ

قوربىتى يەتكەن دائىردە ئىش قىلىپ ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى . بۇ تار دائىرىدىكى ئىش بولسىمۇ ، مۇشۇ بىر ئىش بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ ، تىپ يارىتىپ ، باشقىلارنى « نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلغىلى بولمايدۇ » دەيدىغان قاراشتىن قۇتۇلدۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قادىراخۇنغا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا ۋەدىمۇ بەرگەنىدى . ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قوزغالغان ، ئۇمۇ پارتىيىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغان ، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش ، نامراتلىق ھالىتىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى ، ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭىدى . ھەر قېتىم ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى ئويلىسا ، قادىراخۇننىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى كۆرۈنۈش بىئارام قىلاتتى ، بۇ دېھقان ئۇچۇن تېززەك بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايتتى . بىراق ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر ئادەمگە يۈكلىگەن نەرسىلىرى بەك كۆپ بولىدۇ ، ئويلىغان بىلەن ئەمەلىيەت ، ئەمەلىيەت بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە ، شۇڭا قىلىمەن دېگەننى قىلغىلى بولماسلىق ، قىلمايمەن دېگەننى قىلىپ سېلىشقا مەجبۇر بولۇش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . ئابدۇغېنى دۆلەت قىلىمەن دېگەن ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق جەريانلارنىڭ بېسىمىدىن خالىي بولالمىدى ، بۇ ئىشلارغا كۆپرەك قۇرۇق گەپتىن ئەمەلىي ئىش ، يەنى مەبلەغ سېلىپ ، ئىش قىلىشقا توغرا كېلەتتى ، ئۇ ئۈچ ئاي ئەتراپىدا پۇل تېجەپ ، 2000 يۈەن تەييارلىدى . 2000 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە ، ئۇ بۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ، قادىراخۇنغا ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى ، بۇنى ئاڭلىغان

قادىراخۇن تېرىلغۇ يېرىنىڭ ئازلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىككىلىنىپ قالدى .

—ياڭاق كۆچەتلىرى ئۈچ يىلدا ساتقۇدەك بولسا ، يەرنى ئىگىلەپ ياتىدۇ .

—ئاشلىقنى نەگە تېرىيمەن دەپ غەم قىلماڭ ، —دېدى ئابدۇغېنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ، —سىزگە كېتەرلىك ئاشلىقنى مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن ، سىز ياڭاق كۆچەتلىرىنى تەييار قىلىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ ، سېتىشمۇ مەندىن . ئۈچ يىلدا سىز 10 مىڭ تۈپ كۆچەت تەييار قىلىپ بېرەلىسىڭىز ، 30 مىڭ يۈەن كىرىمگە ئىگە بولالايسىز ،مەن بۇنى تەپسىلىي ھېسابلاپ چىقتىم . ماڭا ئىشىنىڭ !

بۇ گەپ ، بولۇپمۇ 30 مىڭ يۈەننىڭ گېپى قادىراخۇننى گاڭگىرىتىپ قويدى ، ئۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك پۇلنى كۆرۈپ باققان ، ئەمما تۇتۇپ ساناپ باقمىغان ،كىشىلەرنىڭ قولىدا كۆرگەن ، ئەمما بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ بۇنچىلىك پۇلغا ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىپ باقمىغانىدى .ئابدۇغېنى دۆلەت ئۇنىڭغا بىرمۇنچە چۈشەندۈردى ۋە ھېسابات قىلىپ بەردى .

ئابدۇغېنى قادىراخۇن ئۈستىدە ئۇزاق باش قاتۇردى : كالا ـ قوي ئېلىپ بەرسەم ، ئۇنىڭ يەم ـخەشەك يېرى يوق ، قانداق باقىدۇ ؟ تېرىلغۇ يېرىنى يەم ـ خەشەك ئېتىزى قىلسا ، ئاشلىقنى قانداق ھەل قىلىدۇ ؟ چارۋا مال دېگەن بىر بولسا ئالتۇن يەپ كېپەك تېزەكلەيدىغان ،بىر بولسا توپا يەپ ئالتۇن تۇغىدىغان ھايۋان . يەپ تۇرۇپ ، نەپ بېرىدىغان بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش قادىراخۇندەك نامراتلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ ، ئۇنىڭغا ئاز سەرپىيات بىلەن كۆپ مەنپەئەت قىلىدىغان ، چىقىمى ئاز ، كىرىمى كۆپ بىر تۈر بولۇشى كېرەك . مەبلەغ كۆپ بولسىغۇ چارۋىچىلىق بولىدىغان تۈر ،بىراق ،ئەھۋال ھېلىقىدەك ، شۇڭا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ھازىر باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى

تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ، باغۋەنچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، قادىراخۇنغا كۆچەت يېتىشتۈرۈش تۈرىدىن يول ئېچىپ بەرسەم تازا مۇۋاپىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ قادىراخۇننىڭ ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدە ئۈچ مو ئەتراپىدا تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئۇ يەرگە كۈزگى بۇغداي تېرىغاندى، ئەتىيازدا بۇغداينىڭ مايسىلىرى بىخ سۈرگەن بولسىمۇ، بەك شالاڭ ئىدى. ئابدۇغېنى بۇ هالنى كۆرۈپ، بۇ يەردىن 450 كىلوگرام هوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى، بۇ هوسۇل بىلەن ئىش پۈتمەيتتى. شۇڭا بۇ بۇغداينى بۇزۇش، ئورنىغا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش قارارىغا كەلدى. قادىراخۇن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن، تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇغېنى دۆلەت قادىراخۇن بىلەن توختامنامە تۈزۈپ، مەبلەغ بىلەن تېخنىكىنى ئابدۇغېنى دۆلەت چىقىرىدىغان، ئەمگەك كۈچى بىلەن يەرنى قادىراخۇن چىقىرىدىغان بولدى، بەرگەن پۇلنىمۇ باي بولغاندا تولۇق قايتۇرىمەن دەپ هۆججەت بەردى. ئۇلار بازارغا كىرىپ تېخنىك خادىملارنىڭ ياردىمى بىلەن 20 مىڭ دانە ئۇرۇقلۇق ياڭاق سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇنى چىگە چىپتىغا قاچىلاپ، ئېقىن سۇغا 10 كۈن چىلاپ، ئاپتاپقا سېلىپ، چاك ئېتىلدۈرۈپ، هېلىقى ئۈچ مو بۇغداي يېرىنى ئاغدۇرۇپ تىكتى. يېزا سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت ياردەم قىلدى، پەرۋىش، باشقۇرۇشنى تېخنىكا تەلىپى بويىچە قىلدى. ياڭاق كۆچىتىدىن 15 — 16 مىڭ تۈپ كۆچەت تەكشى ئۈنۈپ چىقتى، بۇ ئىش شۇ جايدىكى ھەممە ئادەمنىڭ هەۋىسىنى قوزغىدى. قادىراخۇننىڭ چىرايىدا كۈلكە، ئىچىدە بىر خىل شادلىق جىلۋە قىلدى...ئۇنىڭ كۆچەتلىرى يىلسېرى چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئابدۇغېنى دۆلەتمۇ دائىم ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردى. قادىراخۇننىڭ كەينىگە

كىرىۋالدىغان قەرز ئىگىلىرىمۇ ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇشتى ، قادىراخۇن باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى . جاھاننىڭ بۇ ئىشلىرىغا ھەيران قالغان قادىراخۇن ئابدۇغېنى دۆلەتكە رەھمەت ئوقۇدى ، ئۇ يەنە پارتىيىنىڭ ھەقىقىي كادىرى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ، پارتىيىگە رەھمەت دېدى . ئۇ كۆڭلىدە ئارزۇ قىلغان پارتىيىنىڭ ھەقىقىي رەھبەرلىكىنى نامايان قىلىدىغان ھەقىقىي كادىرغا ئاخىرى ئېرىشكەندى !

6

قاغىلىق ناھىيىسى لوق يېزىسىدا ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ قىلغان ياخشى ئىشى يالغۇز بۇلا ئەمەس ، ئۇ قادىراخۇن قاتارلىق نامراتلارغا ياردەم بېرىش جەريانىدا ، باشقا ئورۇنلاردا نۇقتىدا تۇرغان كادىرلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى . ئۇلارمۇ ياخشى ئىش ، ياخشى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ ، ئامما ئارىسىدا ياخشى ئوبراز ياراتتى . ئابدۇغېنى دۆلەت مۇشۇ بىر ئىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي ، لوق يېزىسىنىڭ يول قۇرۇلۇشى ، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ قۇرۇلۇشى ،ئالاقىلىشىش ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشى ، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئاز بەدەل تۆلىمىدى . ئۇ ئەينى چاغدا بىرقانچە كىشى بىلەن لوق يېزىسىنىڭ بورا كەنت مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە تەكشۈرۈشكە كىرگەندە ، ئۇ بۇ يەردىكى بىر ئۆيدە 10 نەچچە بالا بىر دەستىگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، گىلەم توقۇۋاتاتتى . بۇ ئىشقا ئابدۇغېنى بەكلا قىزىقىپ قالدى ۋە سۈرۈشتە قىلدى : ئەسلىدە بۇ كەنتتە نوپۇس كۆپ ، تېرىلغۇ يەر ئاز ، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى كۆپ ئىدى . شۇڭا بۇ يەردىكى نۇرغۇن ياشلار باشقا جايلارغا بېرىپ مەدىكار ئىشلەش بىلەن ، قىزلار ئېتىز ئىشى بىلەن ، ئاياللار قول

ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، تىرىكچىلىك قىلىدىكەن . بىراق ، بۇ يەرنىڭ قاتنىشى قۇلايسىز ، بازىرى يىراق بولغاچقا ، توقۇغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ بازىرى كاسات ، ئۇنۇمى ناچار ، ئىش ھەققى بەكمۇ تۆۋەن ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ،بۇ يەردىكى كۆپ سانلىق دېھقانلار ساۋاتلىق بولۇپ ، تىرىشىپ ئىشلەپ ، ئىگىلىك يارىتىشقا جۇرئەت قىلىدىكەن . ئەگەر بۇ يەردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى باشقا جايغا ئاپىرىپ ئوقۇتۇپ ، بىلىم ، كەسىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە ، ئۇلارنىڭ قوشۇمچە كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولىدىكەن . مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇنداق كەسپىي سىنىپنى ئېچىشى ، بىرى ، بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ، يەنە بىرى ، ھۈنەر ـ كەسىپ ئەھلىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىكەن . ئابدۇغېنى بۇ ئىشنى قوللاپ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى . ئەمەلىيەتتە ، بالىلار گىلەمچىلىكنى ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئۆگىنەتتى . ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ كالىلىسىغا بۇمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ، تەدبىرى ئىكەنغۇ ، بۇ بالىلارنى تېخنىكىسى يۇقىرى گىلەم توقۇش كارخانىسىغا ئاپىرىپ ئۆگەتسە ، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى ،كەسىپ ئىگىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدىكەنغۇ ؟ دېگەن ئويي كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەرگە قايتىپ ، قەشقەر مىللىي ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتىگە بېرىپ ، بىر قىسىم نامرات دېھقان پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ، بۇ كارخانىغا پىلان كومىتېتى مىللىي ھۈنەر سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىر بۆلۈك مەبلەغ بەرگەن بولغانلىقتىن ، شىركەتنىڭ مەسئۇلى تەربىيىلەشكە ماقۇل بولدى . بۇ ئىش ئابدۇغېنى دۆلەتنى قەۋەت خۇشال قىلدى ، ئۇ دەرھال شىركەت

مەسئۇلىنى بورا كەنتىگە باشلاپ بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرسەتتى ۋە ئۇ كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى.

گىلەمچىلىك ئۇستىلىرىنى تەربىيىلەش ھەققىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، نۆۋەتتىكى ھالدا 20 نامرات ئائىلىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە 20 نەپەر قىزنى تاللاپ، قەشقەرگە ئېلىپ باردى، ئېلىپ بارديۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ بېشىغا پىت چۈشكەندەك، ئۇنىڭ باش ئاغرىقى ۋە قىيىنچىلىق، بىئارامچىلىقى نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇ باللار بۇ يەردە گىلەم توقۇشنى ئۆگىنىپ كەتسە، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە 10 دىن 200 ئادەمنى شاگىرت بېرىپ، بورا كەنتىنى گىلەم توقۇش بويىچە كەسپىي كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى، بۇ ئارقىلىق، نامرات دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولاتتى. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە كۆپ بەدەل تۆلەپ كېتىشنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟

20 نامرات قىز شىركەتكە كەلگەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ بىكار تۇرغان گىلەم توقۇش زاۋۇتلىرى ئاۋاتلاشتى، گىلەم بۇيرۇغۇچىلارمۇ كۆپەيدى، شىركەت قىزلارنىڭ ياتىقىنى ھەقسىز بەرگەندىن باشقا، تۇرمۇشىنى ئاران بىر ئايلا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئىش قىزلارنىلا ئەمەس، ئابدۇغېنى دۆلەتنىمۇ ساراسىمىگە سالدى. ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىشكە بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر دانە گاز ئوچاق، گاز تۇڭى سېتىۋېلىپ قىزلارغا ئاپىرىپ بەردى، قىزلار نۆۋەتلىشىپ تاماق ئېتىپ يېيىشكە باشلىدى. قىزلار توقۇغان گىلەملىرىگە قاراپ ئىش ھەققى ئالىدىغان بولغاچقا، دەسلەپكى ئايلاردا بىر ئايدا 70 — 80 يۈەنگە ئىشلىدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىنى ھەل قىلغىلى بولمىغانلىقتىن، ئابدۇغېنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ، ياغ،

ئۇن ، گۇرۇچ قاتارلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى . كېيىنكى كۈنلەردە يەنە ئۇلارنىڭ گېزى تۈگىسە ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن گازلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەردى . بۇنداق تەسىرلىك ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان بىر قىسىم زەرگەر ، دۇكاندار ، تىجارەتچىلەرمۇ قاراپ تۇرماي ، قىزلارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پۇل ، ئاشلىق ، گۆش قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى . بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . 20 ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . ئۇ ئاخىرى يېزىغا تېلېفون بېرىپ ، ئاشلىق ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە دەپ ، ئاشلىق يىغىش قىلىپ ، ئۇنى سېتىپ قىلغان كىرىمدىن 2500 يۈەن پۇلنى ئەكېلىپ بەردى ، بۇ پۇل ئۇنىڭ يۈكىنى دەماللىققا يېنىكلەتتى .

بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنى بەك ئاۋارە قىلغان يەنە بىر ئىش —بالىلار شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ، سۇيى خىل كەلمەسلىك ، قولى پىشماسلىق تۈپەيلىدىن كۆپ خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولدى ، قوللىرى قاپىرىپ يىرىڭداپ جاراھەت پەيدا بولدى ، بىرسىگە پەيدا بولغان سۇلۇق ئىششىق بىرنەچچە كۈندىلا بىر نەچچىسىگە يۇقۇپ يامراپ كەتتى ، بۇنى داۋالاش زۆرۈر ئىدى . «كارنايىنى ياغلاشقا يوق ، سۇنايغا نەدىكەن» دېگەندەك ، تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇشكۇل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ، ئۇنى داۋالىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى .ئابدۇغېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا بېرىپ ، دوختۇرخانا باشلىقى شاۋكەت ئابدۇللانى ئىزدىدى ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ دەردىگە يېتىدىغان دوستلاردىن ئىدى . شاۋكەت ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ، كېسەل بولغان بالىلارنى دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ، ياتاقتا ياتقۇزۇپ ھەقسىز داۋالاپ ساقايتتى ، ھەتتا شاۋكەت ئابدۇللا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ،

ھەربىر بالىغا ئايرىم داس، لوڭگە، قاچا ـ قۇچا ئېلىپ بەردى. سېخىيلىق بىلەن قىلىنغان ياردەم ئۇلارنى ۋە ئابدۇغېنى دۆلەتنى غەيرەتكە ۋە پاراسەتكە، رىغبەتكە ئىگە قىلىپ تۇردى.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە، بۇ ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ئىزىغا چۈشتى، قىزلارنىڭ توقۇش سۈرئىتى، سۈپىتى ئاشتى. ئابدۇغېنى بۇ ئەھۋاللارنى پىلان كومىتېتىنىڭ باش مۇدىرىغا دوكلات قىلدى ۋە نەق مەيدانغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەكلىپ رەھبەرلىكنى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم خۇشال قىلدى. ئۇلار دەرھال مىللىي ھۈنەر سەنئەت شىركىتىگە بېرىپ، ئىش ئۈستى يىغىنى ئېچىپ، شىركەت ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پىلان كومىتېتى ھەر ئايدا باللارنىڭ تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن 500 يۈەندىن ياردەم بېرىشنى بېكىتتى ھەم شۇ بويىچە ئەمەلىيلىشىپ، ئابدۇغېنىنىڭ يۈكى سەل يېنىكلىدى. ئەمما ئۇ ھەر دائىم ئۇلارنى يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇردى. شىركەتتىكى ئىشلار بەك مۇرەككەپ، زىددىيەت كەسكىن، قىزلارغا تۇتقان مۇئامىلە قوپال، ئايرىم تەنە ـ دوق قىلىشلار سادىر بولغان بولسىمۇ، ئابدۇغېنى قىزلارغا تەربىيە قىلىشنى ئاساس قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئۆز يولىدا ھەل قىلىپ تۇردى، ھەتتا ئۇ قىزلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدىكى ئېغىرىنىمۇ كۆتۈردى. بىر قىزنىڭ دادىسىنىڭ تۇرمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنى دادىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويۇشقىچە ئالاقە قىلىپ، ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش ئۇنۇمىنى ئاشۇردى. كېيىنكى ئايلاردا بىر قىسىم زېھنىي ئۆتكۈر قىزلار تېخنىكىنى تېز ئىگىلەپ، توقۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ۋە توقۇش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئايلىق ئىش ھەققىنى 300 يۈەنگە يەتكۈزدى. بىر يىل ئۆتكەندە، بۇ قىزلار شىركەتنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان گىلەملىرىنى

توقۇيدىغان ئاساسلىق تېخنىك ئىشچىلىرى بولۇپ قالدى . ئۇلار توقۇلىدىغان گىلەمنىڭ خەرىتىسى ياكى رەڭ ، نۇسخىسىنى دەپ بەرسىلا توقۇيالايدىغان ، كۆرسىلا تونۇپ ھۆكۈم قىلالايدىغان ھالغا كەلدى .

7

مۇشۇ ئىشلار قاتارىدا قادىراخۇن قاۋۇلنىڭ بەزى ئىشلىرىمۇ ئابدۇغېنىنى ئارامىدا قويمىدى : قادىراخۇن ھەر كۈنى سەھەردە ئۆيىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كۆچەتزارلىققا — ھېلىقى ياڭاق كۆچەتلىرى تىكىلگەن ئېتىزغا چىقاتتى ، كۆچەتلەرنى بىرمۇبىر ئارىلايتتى ، يىرىك قوللىرى بىلەن سىلاپ ئۆزىنىڭ بويىغا ، قولىغا بويلاشتۇرۇپ باقاتتى ، ياڭاق كۆچەتلىرىنىڭ يوغان - يوغان يالپاق ، قارامتۇل يوپۇرماقلىرى تېز ئاينىشتىن بېشارەت بېرىپ ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندۈرەتتى ، ۋۇجۇدى ئىلھام بەخش تۇيغۇلارغا تولاتتى ، بىر خىل لەززەت ۋە بەختنى كۆرگەندەك ھېسسىياتلىناتتى ، چوڭقۇر ئوي ۋە تەپەككۇرغا چۆمۈلەتتى . . .

بەزىدە ئۇ كۆچەتلەرگە قاراپ ، قىر ئۇستىدىلا ئولتۇرۇپ ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا غەرق بولۇپ كېتەتتى . ئۇ كۆچەتلەرنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى ، بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر مۇھىم ئىشى ئىدى . ئۇ ، بۇ كۆچەتلەرنىڭ تېزرەك سېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىشقا باشلىغاندا ، بىر خىل ئىچكى تەقەززارلىق ۋە جىددىيلىك ئۇنى چۇلغىۋالدى . ئەمما ئابدۇغېنى دۆلەت ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، ئۇنىڭ تەقەززار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەنىدى . شۇڭا ئۇ ھەم ئەنسىرەيتتى ، ئەنسىرىشىنىڭمۇ چوڭقۇر ئاساسى بار ئىدى : ئۇ كۆچەتلەرنى ساتىدىغان چاغدا

پۇلغا ئالماي قالارمۇ؟ يەنە بىرەر كېلىشمەسلىك كېلەرمۇ؟ دېگەنلەرنى تەكرار ئويلىدى. كېيىن يامان خىيال قىلغىنىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەپ توختاپمۇ قالدى، بىراق ئۇ ئۆمرىدە بىرەر ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىپ، بەخت - تەلىيى كېلىپ قالغان چاغلارنىڭ قانچە قېتىم بولغانلىقىنى ئەسكە ئالالمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇلىرى، ئۈمىدلىرى ۋە بەخت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتەتتى، يولنى تۇمانلىق، قاراڭغۇ ۋە داۋانلىق قىلىپ قوياتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆمرىدە بەخت، سائادەت ۋە ئادەملىك سالاپەت بىلەن ياشاش دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتىدۇ.

ئاخىرى كۆچەتلەرنى ساتىدىغان كۈنمۇ كەلدى، 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، ئابدۇغېنى دۆلەت لوق يېزىسىدا تۇرۇشلۇق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، يېزا - كەنت، مەھەللە كادىرلىرى ۋە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ باشلىق، تېخنىك، بىر قىسىم كۆچەت سودىگەرلىرىنى قادىراخۇننىڭ ياڭاقزارلىقىغا يىغدى ۋە كۆچەتلەرنى باھالاپ سېتىش - تارقىتىشنىڭ يوللىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇ مەزگىلدە ناھىيە ھەرقايسى يېزا - بازارلارنى ياڭاق كۆچىتى تىكىشكە سەپەرۋەر قىلغان بولۇپ، بۇ دەل قادىراخۇننىڭ كۆچەتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشنىڭ ئوبدان پەيتى ئىدى. باھالىغۇچىلار ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە كەلگەن كۆچەتلەرنى كۆرۈپ ماختاش ۋە تەشەككۈرلىرىنى ياغدۇردى. بىراق، باغ - ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان مۇئامىلىسى ئانچە ياخشى بولمىدى، ئابدۇغېنى ئۇنىڭ بىلەن باھادا تەستە كېلىشتى. شۇ چاغدا بازاردا بىر تۈپ ياڭاق كۆچىتىنىڭ باھاسى تۆت يۈەندىن بەش يۈەنگىچە بولۇۋاتاتتى. ھېلىقى باشلىق ئىككى يۈەندىن پۇل يىغىپ بېرىمەن دېدى، ئابدۇغېنى دۆلەت ئۈچ

يۈەندىن ساتىمەن دېدى ، ئاخىرى قادىراخۇننىڭ ياڭاقلىرىنىڭ ھەر تۈپى ئۈچ يۈەندىن توختىدى . قادىراخۇن كۆچەتلىرىنى قومۇرۇشقا باشلىدى . ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن دېھقانلار ئۇنىڭغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىپ ، كۆچەتلەرنى تەرەپ - تەرەپكە ئېلىپ كەتتى . كېيىن ئابدۇغېنى ھۆججەتلەرنى ھېسابلاپ 13 مىڭ تۈپ كۆچەتنىڭ سېتىلغانلىقىنى بىلدى . بۇ ئىش ئۇنى ۋە قادىراخۇننى قەۋەت خۇشال قىلىۋەتتى ، بىرىنىڭ يۈزى يورۇق بولغان ، يەنە بىرىنىڭ قولى پۇل كۆرۈپ نامراتلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغانىدى . ئەمدىكى گەپ پۇلنى ئېلىش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالغانىدى . ئىشنىڭ قىيىن يېرى دەل مۇشۇ ئىشتا ئۆزىنى كۆرسەتتى .

قادىراخۇن قاۋۇل كۆچەتنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئاپىرىپ ھېسابات قىلدى ۋە بىرقانچە كۈندىن كېيىن پۇلنى ئالغىلى كېلىڭ ، دېگەن چىرايلىق جاۋابنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم كېلىپ باشلىقنى ئىزدىدى ، باشلىقنى تولا چاغلاردا تاپالمىدى ، تاپقان چاغلىرىدا ئەتە كەل ، ئۆگۈن كەل دېگەن دوق قىلىشقا دۇچ كەلدى . بۇنداق دوق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىچارە دېھقان يەنە كەلدى ، باشلىقنىڭ ئەتىسى تۈگىمىدى . قادىراخۇن ئارىلىقتا مېڭىپ يۈرۈپ يەنە بىر قىسىم قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى ، نۇرغۇن ئىشلىرى تاشلىنىپ قېلىپ زىيان بولدى .ئاشۇ يولنى ئۇزۇلدۇرمەي مېڭىپ ، تۆت - بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى ، كۈزمۇ كەلدى ، يەنە شۇ كۈزمۇ ئۆتۈپ قىش كىرىشكە باشلىدى . پۇل ھەل بولمىدى . قادىراخۇن كۆرۈپ تۇردىكى ، دېھقاندىن ئەرزان ئېلىپ ، ھۆكۈمەتكە قىممەت ساتقان كۆچەت بېسىمدارلىرىنىڭ ھەممىسى پۇللىرىنى ئېلىپ بولدى ، قادىراخۇن بىچارىگە ئۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىدى ، ئۇنىڭ قولىدا پۇل بولمىغانلىقتىن ، كىملەرنىدۇر مېھمان قىلالمىدى ،

كىملەرگىدۇر «كۆڭلىنى ئىزھار» قىلالمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆڭ ـ ھۆڭ ياش تۆكتى ، باشلىقنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا ، ئىشخانىسىدا باغرىنى خۇن قىلىپ يىلىندى ، بىراق ، باشلىقنىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك يۈرىۋەردى . قادىراخۇن جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ، ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىكىگە يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى . بۇ ئەلەم ئاز كەلگەندەك ، قەرزدارلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك كەتمەيتتى . بانكىنىڭ بىر كادىرى ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىدى ،شۇ چاغدا بىچارە قادىراخۇننىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قانغا مىلەندى ، كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىلدى . . . باشقا قەرزدارلارمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭ جېنىغا قانچە قېتىم ئېكەك سالدى ، ئۇلارنىڭ گەپ ئۇقماسلىقىدىكى بىغەرەزلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش شۇ قەدەر مۇشكۇل ئىدى !

قادىراخۇننىڭ ھەممە ئىشتىن يېنىۋالغۇسى ، تېنىۋالغۇسى كەلدى ، بىراق ، يەنە شۇ ئابدۇغېنى دۆلەتنى ئويلاپ قالدى . ئۇنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئۆزى ئۇچۇن ئاققۇزغان تەرىنى يەرگە ئۇرۇشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى يول قويمىدى ، ئۇ بۇ ئىشلاردىن يېنىۋالسا ياكى يۈرتنى تاشلاپ باشقا جايغا كەتسە ، ئابدۇغېنى دۆلەتكە لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇرۇپ قوياتتى . شۇ كۈنلەردە ئۇمۇ قادىراخۇن بىلەن تەڭ يول يۈرۈپ پۇلنى ئېلىشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە يولىنى ئىزدىدى ، تالاي قېتىم شۇجىنىڭ ، ھاكىمنىڭ ، ئىدارە باشلىقنىڭ يېنىغا باردى ، لېكىن ئېچىق بېشىغا چىقىۋالغان بىر ـ ئىككى نەپەر «نەۋكەر»نىڭ نەيراڭۋازلىق قىلىشى ۋە كەينىگە سۆرىشى ئۇنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . ئۇ تارىخىدا يەنە بىر قېتىم يېتىم بىچارە بولدى ، بۇ بىچارىلىك ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى قانچە قېتىم ئۆرتىدى ، پارتىيىنىڭ بىر كادىرىنىڭ خاتا قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ئۇنىڭ شۇنداق غەزىپى كەلدى . توغرا ئىشنى قوللىمىغان ئاشۇ

رەھبەرلەرنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا ئىچى ئاغرىدى ، توغرا ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىغان كىشىلەرگە قارىتا رەھبەرلەرنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا ئاجىزلىق قىلغانلىقىدىن ئۆكۈندى .

يۇقىرى قاتلامدىكى ئۆزىگە ئوخشاش بىر نەپەر ھۆكۈمەت خادىمىنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى بىر ياكى بىرقانچە نەپەر ھۆكۈمەت خادىمىغا كۈچىنىڭ يەتمىگەنلىكى ، تۆۋەن قاتلامدا كۆزگە ئىلىنمىغانلىقى ئۇنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى . پەقەت بۇ ھوقۇقنىڭ تۆۋەنگە زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى ۋە ھوقۇقنىڭ زىيادە مەركەزلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى . مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىغا كۆپلەپ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشى پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى . ئابدۇغېنى قادىراخۇنغا :

— ئابدۇغېنى دۆلەت مېنىڭ يېرىمنى ئۈچ يىل ئىسراپ قىلىپ ، ماڭا ئېغىر زىيان سالدى دەپ ۋىلايەتكە ئۈستۈمدىن ئەرز يېزىپ ، شۇ چاغدا بۇنى سورايدىغان ئادەم چىقىپ ، پۇلىمىزنى ئالغىلى بولىدۇ ، — دېدى .

ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ شۇ قەدەر باش چۆكۈرۈپ ،قادىراخۇن ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىقىنى كۆرگەن لوق يېزىسىنىڭ شۇ چاغدىكى پارتكوم شۇجىسى 2003 ـ يىلى ئەتىيازدا 10 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ ، قادىراخۇننىڭ پۇلىنى ئالغۇچە ئىشلىتىپ تۇرۇشىغا ياردەم قىلدى . ئابدۇغېنى بۇ پۇلنى ئېلىپ بېرىپ ، قادىراخۇن ئۆزىمۇ بىلمەي قەرز بولۇپ قالغان كەتتىنىڭ 6000 يۈەن ئۇماچ قەرزىنى تۆلىدى ، بانكىنىڭ قەرزىنى قايتۇردى ، ئاندىن باشقىلاردىن ئالغان قەرزلىرىنىمۇ بىرمۇبىر تۈگىتىپ ، ئۇنى دەككە ـ دەشنام ، غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلدۇردى ، ئاشقان پۇلنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا قالدۇردى . شۇ چاغدا كىشىلەر شۇ قەدەر كاجلىق قىلدىكى ،

ئەينى چاغدا ياردەم قىلغان، بىكارغا بەرگەن بىر قىسىم نەرسىلەرگىمۇ قادىراخۇندىن پۇل تۆلىتىۋالدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قادىراخۇندىن نەپ ئېلىش تەمەسىدە كۆيۈپ - پىشقان ھېلىقى باشلىق خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، پارتىيىنىڭ تازىلىشى بىلەن ھوقۇق مۇنبىرىدىن غۇلاپ چۈشۈپ، قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىندى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ قادىراخۇننىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتتى، گەرچە ئۇ 2000 يۈەن باج پۇلى تاپشۇرغان بولسىمۇ، كۆچەتنىڭ پۇلىدىن 37 مىڭ يۈەننى ئېلىپ، بانكىغا قويدى، ھېلىقى 10 مىڭ يۈەن قەرزنى يېزىنىڭ شۇجىسىغا قايتۇرۇپ بەردى.

8

قادىراخۇننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟ بىر ئېغىز گەپ قىلساق، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى، كىشىلەر ئۇنى ھازىر بۇرۇنقىدەك «قادەك» دېمەستىن، قادىراخۇنباي دەپ چاقىرىدىغان، ئۇنىڭدىن قەرز سورايدىغان، ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئابدۇغېنى دۆلەتكە بىرقانچە قېتىم تېلېفون قىلىپ، ئۆيىنى يېڭىلاش ھەققىدىكى پىكرىنى ئېيتتى، ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭمۇ ئارزۇسى شۇ ئىدى. ھازىر ئۇ ئۆي ئورنىنى پىلانلاپ، سىزدۇرۇپ قويدى، قۇرۇلۇشچىلار بىلەن پۈتۈشۈپمۇ بولدى، پات ئارىدا بۇ نامرات دېھقان تۇنجى بولۇپ شۇ يەردىكى بىردىنبىر پىششىق خىشلىق ئۆيى بار دېھقان بولۇپ قالىدۇ. ئابدۇغېنى دۆلەت ئۇنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 12 تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋا مال قىلىپ بەردى، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇلىنى پۇختىلاش ئۈچۈن داۋاملىق مەسلىھەت بېرىپ، كىرىم مەنبەسىنى

كۆپەيتىشكە مەدەت بېرىۋاتىدۇ.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بورا كەنتىدىكى ھېلىقى گىلەمچى قىزلارنىڭمۇ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، ئۇلار قەشقەردىكى تەربىيىلىنىشنى تۈگىتىپ تۇرۇشقا تۇركىيىدىن كەلگەن بىر گىلەم توقۇش، سېتىش شىركىتى قاغىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ئۇلار بىلەن گىلەم توقۇش كارخانىسى قۇرۇش ھەققىدە مۇددىئانامە ئىمزالىدى. بۇ ئىشنى يەنىلا ئابدۇغېنى دۆلەت تاپتى ۋە پايپېتەك بولۇپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇردى. ھازىر چەتتىن كىرگۈزۈلگەن 100 مىڭ يۈەنلىك توقۇش ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ، بىرلەشمە گىلەم توقۇش كارخانىسى ئىشقا كىرىشىپ بولدى. تۇركىيە تەرەپ پۈتۈن ئۈسكۈنە، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھېلىقى گىلەمچى قىزلار توقۇغان گىلەم مىقدارىغا ئاساسەن، ئىش ھەققى ئالىدۇ، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ھەربىر ئادەمنىڭ 50 ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئىشسىز قالغان نامرات كىشىلەر ئىشقا كىردى، قولى پۇل كۆردى.

ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى، ئۇ يەنىلا ئاشۇلار ئۈچۈن تەر تۆكۈشتىن توختاپ قالمىدى. ئۇنىڭ لوق يېزىسىدىكى خەلققە قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى ئاز ئەمەس، ئۇ ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ۋە ئىدارە پارتىيە گۇرۇپپىسىغا تەكرار دوكلات قىلىش، ئەھۋال يوللاش ئارقىلىق، پىلان كومىتېتى لوق يېزىسىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرى ئۈچۈن 7 مىليون يۈەن تۇر مەبلىغى ھەل قىلىپ، 12 كىلومېتىر ئاسفالت يول، 30 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 10 ئورۇنغا توما ـ تاماق، ئۈچ ئورۇنغا يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش قۇدۇقى ياسىتىپ بەردى ھەمدە يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنىڭ تېلېۋىزىيە، تېلېگراف، رادىئو بىلەن تورلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ

تۇرمۇش مۇھىتىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشتى . ھازىر بۇ يېزىدا تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى توپا ـ چاڭلىق يوللار يوق ، بۇ ھال تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ساغلام ، مۇقىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەش روھىدىن يارالغان مۆجىزىلەر ۋە ئۇ قالدۇرغان ئىزلار ھەربىر ئىش ـ ۋەقەدە نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . شۇڭا ئۇ خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ، ئىدارە رەھبەرلىكى ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » ،ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى .

## 9

دېمەك ، ئادەم ئۈچۈن ھايات تولىمۇ قىسقا ، ئەمما تۆھپە قوشۇشنىڭ چېكى يوق . ھايات تۈگەيدۇ ،ئەمما تۆھپە مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ . ئابدۇغېنى دۆلەت خىزمەت جەريانىدا مۇنداق بىرقانچە نەرسىنى يەكۈنلىدى : بىز ئالدى بىلەن ، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قىيىن دېگەن قاراشنى ئۆزگەرتىشىمىز ، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يوللىرىنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك . نامراتلىق ئەيىب دېگەننى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئەيىب دەپ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك .

نېمىشقا شۇنداق دەيمىز ؟ نامرات دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق كۆڭۈل ، ياۋاش ، شۇڭا ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدۇ ، ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان .مانا بۇ ئۇلارنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشىنىڭ ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىنىڭ توپ سەۋەبى . بۇنىڭغا يەرلىك قورۇقچىلىق ،يول قويماسلىق ،

ئىزچىل بېسىش، سىقىش، قىسىش، بېكىنمىچىلىك، قاشاقلىق، قالاق ئىشلەپچىقىرىش، مۇتەئەسسىپلىك ياندىشىپ كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى توغرا، جانلىق ئىجرا قىلماسلىق، ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك قاتارلىق پاسسىپ ھادىسىلەرمۇ ئۇلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، توغرا سىياسىي يېتەكچىلىكنى قانات يايدۇرغاندا، خۇددى ئابدۇغېنى دۆلەتنىڭ ئەمەلىيىتىدەك ئۈتۈق قازىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئابدۇغېنى دۆلەت 1958 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1965 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1977 - يىلىدىن 1980 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر ناھىيىلىك ھەسەلچىلىك فېرمىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق جايلاردا قايتا تەربىيە ئالغان ۋە خىزمەت قىلغان، 1998 - يىلى 1 - ئايغىچە، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر بولغان، 1999 - يىلى 1 - ئايدا كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدا پارتكوم شۇجىسى بولغان، 1999 - يىلى 3 - ئايدىن ھازىرغىچە قەشقەر مەمۇري مەھكىمە پىلان كومىتېتىدا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خادىم، مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ، 1981 - يىلىدىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر سىچۈەن مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، جېجياڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، دالىيەن تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. خىزمەت ھاياتىدا «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى»

بولۇپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان ؛ 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، ئابدۇغېنى دۆلەت ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى» بولغان ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» ئوردېنىغا ئېرىشكەن ؛ 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «يەرلىك تاشيول ياساش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» ، 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق نامراتلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەنناملارغا ئېرىشكەن .



ئابدۇغېنى دۆلەت
خىزمەت ئۈستىدە















قادىر قاۋۇل-
نىڭ بايلىقى...



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم

# ئەقىدە ئىزلىرى

(ئەدەبىي ئاخباراتلار)

ئاپتورى: ئابلەت جۇمە
تۇراخۇن ئىبراھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، 1/32 مم، باسما تاۋىقى: 8.75
قىستۇرما ۋارىقى: 2
2005 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 7—228—09324—0
باھاسى: 17.00 يۈەن



مۇقاۋا ۋە سۈرەتلىك
بەتلەرنى لايىھەلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-228-09324-0

9 787228 093243 >

ISBN – 7 – 228 – 09324 – 0
(民文) 定价：17.00元